مەملىكەت بويىچە 100 نۇقتىلىق ژۇرنال
مەملىكەتلىك سەرخىل ژۇرناللار سېپىگە كىرگەن ژۇرنال
شىنجاڭ بويىچە ئىجتىمائىي پەن تۈرىدىكى مۇنەۋۋەر ژۇرنال



MIRAS (HERITAGE) OF UYGHUR FOLK CULTURE

MIRAS 美拉斯

# مىراس

2
2009

ISSN 1004-3829
04>


نورۇز
مۇبارەك
كەلدى نورۇز، كۆلدى غۇنچە، كۆڭۈل يايرىدى،
گۈل ئەشقداخەندان ئۈرۈپ، بۇلبۇل سايرىدى.





قوش ئايلىق ژۇرنال 2009 - يىل 2 - سان

(ئومۇمىي 112 - سان)


## ئالىم بولساڭ ئالەم سېنىڭكى


نورۇز — يېڭى يىل ............................ ئىمىن تۇرسۇن (1)

ھېسام چاقچاقلىرىنىڭ ھازىرقى جاۋابلىق ئالاھىدىلىكى توغرىسىدا... ...................................................... غۇنچەم قادىر (5)

چۆچەكلەردىكى دىۋە ئوبرازى كىم؟ ...................... ياسىن مۇھەممەدنىياز تېكە، داۋۇت سامساق (14)

ئۇچۇر دەۋرى ۋە ئۇيغۇر ئاغزاكى داستانچىلىقىنىڭ مەۋجۇتلۇق كرىزىسى ..................... ئابدۇۋەلى ئابدۇكېرىم (27)

كاۋاپ ۋە ئۇنىڭ تۈرلىرى..................ئوبۇلھاشىم ئەخەت (46)


## ھەر گۈلنىڭ پۇرىقى باشقا


شىنجاڭنى ئەسلەيمەن............ شۆھرەت مۇھەممىدى تەرجىمىسى (10)

ۋەھىمىلىك كېسەل كۆرسىتىش تارىخى ......................... مۇھەممەدئىمىن ۋاھىت تەرجىمىسى (73)


## ئادەت قېلىپىماس


ئۇيغۇرلاردىكى قىزلارنىڭ قولىقىنى تېشىش ئادىتى ......................ئابدۇقەييۇم مىجىت (25)

«يامان بولدۇ»لاردىن تۇغۇلغان ئويلار ............ ئەركىن سابىر (50)

بوگۇر خەلقىنىڭ ئۆز گىچە توي- تۆكۈن ئادەتلىرى....پەرھات ئەشمە (65)


## گۈزەللىك ئوندۇر، توققۇزى توندۇر


ئەنئەنىۋى كىيىمىمىز پەرىجە ھەققىدە............ تۇرسۇن بەكرى (32)






باش مۇھەررىر:

**ۋاھىتجان غوپۇر**

مۇئاۋىن باش مۇھەررىر:

**مۇختار مۇھەممەد**

مۇھەررىرلەر:

**نۇرنىسا باقى**

**خۇرسەنئاي مەمتىمىن**

جاۋابكار مۇھەررىر:

**خۇرسەنئاي مەمتىمىن**

**باشقۇرغۇچى:** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى

**نەشر قىلغۇچى:** «مىراس» ژۇرنىلى نەشرىياتى

ئۈرۈمچى شەھىرى دوستلۇق جەنۇبىي يولى 716 - نومۇر، 14 - قەۋەت

Tel: (0991) 4554017

«شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسى باسما ئىشلىرى مەركىزىدە بېسىلدى

ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلدۇ

جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ

مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن نومۇرى: CN65 - 1130 / I

خەلقئارالىق نومۇرى:

ISSN1004 - 3829

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 60 - 58

پوچتا نومۇرى: 830001

E-mail: mirasuyghur@126.com

چەت ئەلگە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى: 1130BM

ئېلان ئىجازەت نومۇرى: 6500006000040

باھاسى 6.00 يۈەن

تاق ئاينىڭ 20 - كۈنى نەشر قىلىنىدۇ

# مەدەنىيەت مىراسلىرىمىزنى قوغداپ، مەنىۋىيىتىمىزنى ساپلاشتۇرايلى.

قىزلار تەربىيىسى ........................................ ئەلىي نەزىما (36)

## چەت ئەللىكلەر نەزەرىدىكى ئۇيغۇرلار

شۋېتسىيىدىكى تارىخىي ماتېرىياللاردا ئۇيغۇر كىيىم-كېچەكلىرى توغرىسىدا ........................ زۇلھايات ئۆتكۈر (53)

## مەنىۋىيەت يۇلتۇزى

خۇنخاي مازىرى توغرىسىدا..... ئابدۇشۈكۈر ئىمىنجان باھاۋۇدۇن (61)

## كۆلكە ـ جان ئوزۇقى

موللا زەيدىن گەپچى ...................... توپلىغۇچى: مەھمۇد زەيدى (67)

## ئايدىڭ كېچىلەر

مېنىڭ يارىم ئاي چىراي ......... تەييارلىغۇچى: خەپىز ساتتار سالىھ (75)

## شەيتان بەت

ھەجۋىي رەسىملەر ........................................................ (78)

**نورۇز بايرىمىڭلارغا مۇبارەك بولسۇن!**

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: ئەزىزە تۇيغۇن
تەكلىپلىك كوررېكتور: ھاۋاخان ئارىپ

Chief editor: Wahitjan Ghopur
Deputy chief editor: Muhtar Muhammed
Responsible editor: Hursanay Mamtimin

ئىچ بەتتىكى سۈرەتلەرنى پولات ئابدۇكېرىم خوجا، ئادىل ئىسمائىل، تۇرسۇن بەكرى قاتارلىقلار تەمىنلىگەن.

**保护文化遗产
捍卫精神家园**

总编：
瓦依提江·吾甫尔
副总编：
穆合塔尔·穆罕默德
编辑：
努尔尼沙·巴克
胡尔仙阿依·买买提明
本期责人编辑：
胡尔仙阿依·买买提明

主管：新疆维吾尔自治区文学艺术界联合会
出版：《美拉斯》杂志社（乌市友好南路 716 号文联 14 层）
电话：(0991)4554017
印刷：新疆日报社印务中心
发行：乌鲁木齐邮局
订阅：全国各地邮局
国内统一刊号：CN65—1130/I 国外统一刊号：ISSN1004—3829 邮政代号：58—60
E_mail：mirasuyghur@126.com
海外发行代号：1130BM
广告许可证号：6500006000040
邮编：830001
定价：6.00 元

Responsible Commission: Xinjiang Uyghur Autonomous Regional Federation of Literary and Art Circles
Editor: "Miras" (Heritages) editorial department
716 # 14 floor southern frendship road Urumqi Xinjiang China
Printer: xinjiang newspaper press center
Distributioner : Urumqi post officePost offices of the whole country
Print number at home: CN65 _ 1130/I
Print number abroad: ISSN1004 _ 3829
PostCode : 58 _ 60
International Standart Book Number: 1130BM
Post Number: 830001
Tel: (0991 4554017
Price: 6¥



# نورۇز — يېڭى يىل

ئىمىن تۇرسۇن

دۇنيادا ھەر دۆلەت ۋە ھەر مىللەتنىڭ «يېڭى يىل»نى باشلاش ۋاقتى ئوخشاش ئەمەس. قەدىمكى زاماندا، كۈن - چاغلارنى، ئاي - يىلنى ئېنىق ھېسابلايدىغان ئاسترونومىيىلىك يازما كالېندار يوق ئىدى. قوۋملار يېڭى يىلنى قاچان باشلاپ، يېڭى يىل بايرىمى قىلىشنىمۇ بىلمەيتتى.

بەزى قوۋملار ئۆزلىرى ئۈچۈن چوڭ ئەھمىيەتلىك بولغان كۈننى يېڭى يىل بايرىمى قىلغان. بەزى قوۋملار يېڭى يىل كۈننى پەسىل مەزگىللىگە ۋە ھاۋارايىغا قاراپ بەلگىلىگەن. بەزى قوۋملاردا يېڭى يىل بايرىمى دىنىي ئېتىقاد بويىچە بەلگىلەنگەن. دېمەك، دۇنيادا كۆپ مىللەتلەر يىل بېشىنى بايرام قىلىش ئادىتى ئۇزاق ئۆتمۈش تارىخدا شەكىللەنگەن. بۇ ۋاقت كاتېگورىيىسىگە باغلىق ھالدا، مىللەتلەرنىڭ ۋاقت چۈشەنچىسى، تۇرمۇش ئەنئەنىسگە مۇۋاپىق، يىلنىڭ مەلۇم چاغلىرىدا ئۆتكۈزۈلگەن، قەدىمكى ئاغۇنلىرىمىز، دەسلەپتە، يېڭى يىلنى «يىل بېشى» ياكى «كۈنتۇغدى» دەپ ئاتىغان. كېيىنچىرەك، تەخمىنەن X ئەسىرلەردىن كېيىن، ئىرانلىقلاردىن «نورۇز» سۆزىنى قوبۇل قىلىپ، باھار بايرىمىنى «نورۇز بايرىمى» دەپ ئاتايدىغان بولغان. «نو» (ئوقۇلۇشى «نەۋ») نىڭ تۈپ مەنىسى كونا (ئەسكى)نىڭ ئەكسى بولغان «يېڭى»، «ئېرىغ» (تازا) دېگەنلىكتۇر؛ «رۇز»نىڭ مەنىسى «ئاپتاپ» (قۇياش) تۇغۇلۇپ پاتقۇچە يورۇق بولۇپ تۇرىدىغان چاغ دېگەنلىكتۇر. دېمەك، «نورۇز» (نەۋرۇز) — يېڭى كۈن، قۇياش يېڭىۋاشتىن تۇغۇلغان، يەنى ياشارغان كۈن دېگەنلىكتۇر.

نورۇز — يەر شارىنىڭ شىمالىي كەڭلىكىدە، ئىللىق بەلباغ زونىسىدا، جۇغراپىيىلىك ئورۇن جەھەتتە ۋە ئاسترونومىيىلىك ھادىسە بويىچە بەلگىلەنگەن.

قەدىمكى ئاغۇنلىرىمىز كۆچمەن - چارۋىچىلىق

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com





بىلەن ياشىغان زامانلىرىدا، ئۇلار كۆپىنچە چارۋا مال بىلەن شۇغۇللانغان. شۇڭا، چارۋا مالنىڭ ياشاش تەرزلىرىنى ۋە ئۇلار باغلىق بولغان تەبىئەت ھادىسىلىرىنى ئوبدان بىلەتتى. ئوت ـ چۆپ يەيدىغان ھايۋانلارنىڭ ئۆرچۈش دەۋرىمۇ ناھايىتى قانۇنىيەتلىك ئىدى. مەسىلەن، قوزا(تۆل) باھار يېڭى باشلانغان ۋە ئوت ـ چۆپ يېڭىدىن بىخلانغان چاغدا تۇغۇلىدۇ. بۇ چاغ — تەبىئەت كۆكەرگەن (يېشىللانغان) چاغدۇر. ئالدى بىلەن، ئاغۇنلىرىمىز ئۆزلىرىنىڭ ئىقتىسادىي تۇرمۇشىغا باغلىق ھالدا، ياز بىلەن ئايازنى ئايرىپ چىققان. «ياز» ئەسلىدە «ياي» بولۇپ، تەبىئەتنىڭ ھەممە تىنىقلىرى — جان ـ جانىۋارلىرى) يايلايدىغان ـ يايرايدىغان توقچىلىق ۋاقتى؛ «ئاياز» بولسا، «ياي»نىڭ ئەكسىچە ھەممە تىنىقلىقلار ئۆزلىرىنى ئايايدىغان ـ ئاسرايدىغان ۋاقتى؛ ئوزۇق ـ تۈلۈك تەڭ ـ قىسچىلىق ۋاقتى. كېيىنچە «ئاياز» سۆزى يېزىق ئەدەبىياتىدىلا قېلىپ ئۇنىڭ ئورنىغا كۆپىنچە «قىس» (قىسچىلىق) قوللىنىلىدىغان بولغان. كېيىنچە «قىس» سۆزى تاۋۇشلارنىڭ ئالمىشىش قانۇنىيىتى بويىچە «قىش» تەلەپپۇز قىلىنغان. مەھمۇد قەشقىرى «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا «ياي»نى «رەبىئ» — باھار، «ياز»نى «سەيف» دەپ ئىزاھلىغان.

دېمەك، ئاغۇنلىرىمىز يىل بېشى بىر ياز ۋە بىر ئاياز ئۆتكەندە قايتىلىنىدىغانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن، ئوت ـ گىياھلارنىڭ ئۈنۈش ـ كۆكلەش، باراقسان بولۇپ چېچەكلەش، مېۋىلەش، دان تۇتۇش، خازان بولۇش ۋە چارۋا ماللارنىڭ تۆللەش، ئەھياغا كىرىش، ئۆسۈش، سەمرىش قاتارلىق ۋاقىتلىرىغا باغلىق قانۇنىيەتلىرىنى چۈشەنگەن. شۇنىڭ بىلەن ياز ۋە ئايازنى تېخىمۇ ئىنچىكىلەپ تۆت مەزگىلگە بۆلگەن. «جۇنامە»نىڭ «تۈركلەر» بابىدا: «خان چېدىرىنىڭ ئىشىكى شەرققە قارىتىلىدۇ، شەرقنى كۈن تۇغقان تەرەپ دەپ سېغىنىدۇ... پەقەت ئوت ـ چۆپنىڭ قايتا ياشىرىشى بىلەن ۋاقىتنى ھېسابلايدۇ» دەپ يېزىلغان. ئۇلۇغ ئالىمىمىز مەھمۇد قەشقىرىمۇ «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا چۈشەندۈرگىنىدەك: «... تۈركلەر يىلنى تۆت پەسىلگە بۆلۈپ، ھەر ئۈچ ئاينى بىر نام بىلەن ئاتايدۇ. يىلنىڭ ئۆتۈشىنى شۇ يول بىلەن بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن، تۇنجى باھار ئېيىنى «ئوغلاق ئاي» دەيدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئاينى «ئۇلۇغ ئوغلاق ئاي» دەيدۇ. چۈنكى بۇ ئايدا ئوغلاق چوڭ بولىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئاينى «ئۇلۇغ ئاي» دەيدۇ. چۈنكى بۇ ئاي يازنىڭ ئوتتۇرىسىدا بولۇپ، بۇ چاغدا، يەر يۈزى تۈرلۈك نېمەتلەرگە تولۇپ، مال ـ ۋارانلار سەمرىيدۇ، سۈت كۆپىيىدۇ. شۇنىڭغا ئوخشاش، ئالىملارنىڭ تەخمىن قىلىشىچە، دۇنيانىڭ جاي ـ جايلىرىدا ياشىغۇچى قوۋملار يىل ھېسابىغا قارىغاندا، ئاي ھېسابىنى بالدۇرراق ئۆزلەشتۈرگەن.

ئاغۇنلىرىمىزدا بارا ـ بارا ئاسترونومىيىلىك ھادىسىلەرنى بىلىشكە باشلىغان. ھەر يىلى يۇلتۇزلار ئورۇنلىرىنىڭ ئۆزگىرىشىنى كۆزىتىش ئارقىلىق كۈن (قۇياش)نىڭ بىر يىللىق دەۋرىنى ھېسابلاپ، «يىل بېشى»نى ئېنىق بەلگىلىگەن.

ئاغۇنلىرىمىز ئاينىڭ تۇغۇشى (ھىلال)دىن تاكى تولۇن بولغىچە ۋە كېمىيىپ بېرىپ كۆرۈنمىگىچە ئۆتكەن كۈنلەرنى ساناپ، ئاينىڭ كۈن ھېسابىنى ئېنىقلىغان. يەنى «بىر ئايلىق ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى ئاينىڭ دەۋر قىلىشى بىلەن ھېسابلانغاچقا، يىلنىڭ ئون ئىككىدىن بىر بۆلىكىمۇ ئاي دېيىلگەن» («تۈركىي تىللار دىۋانى»، I جىلد).

قەدىمكى تۈركىي خەلقلەردە ئىلگىرى سوتكا چۈشەنچىسى كۈن ـ تۈن بىلەنلا ئىپادىلىنەتتى. كۈن (كۈندۈز)

2009.2

كۈن (قۇياش) بىلەن، تۈن (كېچە) ئاي بىلەن باغلىق دەپ سانىلاتتى. بىر كۈنى (كۈندۈز)نىڭ ئۆتكەنلىكى كۈننىڭ تۇغۇلۇشى (چىقىشى) ۋە تۇگىشى (پېتىشى) بىلەن، تۈننىڭ ئۆتكەنلىكى پەقەت كېچىدىلا روشەن بولىدىغان ئاينىڭ تۇغۇلۇشى ۋە غايىب بولۇشى بىلەن بىلدۈرۈلەتتى.

بارا - بارا ئىنسانلار جۈملىدىن ئاغۇنلىرىمىز ئاسمان ھادىسىلىرىنى كۆزىتىپ، ئون ئىككى ئۆكەك («بۇرج» ياكى «زودىئاك» - ئاسماندا سەييارىلەر ئاقراقلار يەنى پىلانىتلار ھەرىكەت قىلىدىغان يول)، ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، ئاسمان فازەسىدىكى چوڭ كۆرۈنمە (كۆرگىلى بولىدىغان) دائىرە، قۇياش مەركىزىنىڭ ئۆزىنىڭ يىللىق ھەرىكىتىدە مەزكۇر دائىرىنى بويلاپ ھەرىكەتلىنىدىغانلىقىنى ئېنىقلىغان. ئۆكەك 12 يۇلتۇزدىن تەركىب تاپقان. بۇ يۇلتۇزلار كۆپىنچە نەرسىلەرنىڭ ناملىرى بىلەن ئاتالغان.

قەدىمكى تۈركىي تىلدا، ئۆكەكلەر قوزا، ئۇي، ئاراندىز (قوشكېزەك)، قۇچىق(قىسقۇچ پاقا)، ئارسلان، بۇغداي بېشى، ئۆلكۈ (تارازا)، چايان، يا، ئوغلاق، كۈنەك(سوغا)، بېلىق دەپ ئاتالغان. بۇلارنىڭ ئەرەبچە - پارسچە ئاتلىرى - ھەمەل، سەۋر، جەۋزا، سەرەتان، ئەسەد، سۇنبۇلە، مىزان، ئەقرەب، قەۋس، جەددى، دەلۋە، ھۇت دېيىلىدۇ.

يەتتە ئاقراق (سەييارە، يەنى پىلانىتا) - سەكەنتىر (زۇھەل - ساتۇرن)، ئوگاي(مۇشتەرى - يۇپىتىر)، كۈزۈر(مىررىخ - مارس)، ياشىق (شەمس - قۇياش)، سەۋىت (زوھرا - ۋېنېرا)، ئارزۇ (ئوتارۇد - مېركۇرى)، يالچىق (قەمەر، ماھ، ئاي) دەپ ئاتالغان. قەدىمكى چۈشەنچىدە، قۇياش بىلەن ئايمۇ سەييارىلەردىن ھېسابلانغان.

12 ئۆكەك (بۇرج)نى تۆت پەسىلگە تەئەللۇق قىلىپ، ھەر پەسىلگە ئۈچتىن يۇلتۇزنى تەقسىم قىلغان. مەسىلەن:

ھەمەل(قوزا)، سەۋر(ئۇي)، جەۋزا (قوشكېزەك) يۇلتۇزلىرى - باھار بۇرجى؛

ئەسەد (يولبارس)، سەرەتان(قۇچىق نەك)، سۇنبۇلە (بۇغداي بېشى) - ياز بۇرجى؛

قەۋس(يا)، مىزان(ئۆلكۈ - تارازا)، ئەقرەب (چايان) - كۈز بۇرجى؛

جەدى (ئوغلاق)، دەلۋە (كۈنەك - سوغا)، ھۇت (بېلىق) - قىش بۇرجى.

كېيىنكى چاغلاردا يىللارنى ھېسابلاش مۆچەل بويىچە ئاتىلىدىغان بولغان. ئەبۇ رەيھان بېرۇنىي 1030 - يىلى يازغان «قانۇنىي مەسئۇدى» دېگەن ئەسىرىدە مۇنداق دېگەن: «شەرق ئەھلى - چىنلىقلار ئۆز يىللىرىنى 12 دىن ئىبارەت دەۋر تەرزىدە تۈزگەن ۋە ئۇلارنى ھايۋانلارنىڭ ناملىرى بىلەن ئاتىغان. شۇنىڭدەك مەلۇم بىر تەرتىپدە ئورۇنلاشتۇرغان». ئىنسىكلوپېدىيىلىك ئالىمىمىز مەھمۇد قەشقىرى «تۈركىي تىللار دىۋانى»نىڭ I جىلدىدە مۇنداق يازغان: «تۈركلەر 12 خىل ھايۋاننىڭ ئىسمىنى ئېلىپ 12 يىلغا ئات قويغان. ئۇلار بالىلارنىڭ ياشلىرىنى، جەڭ تارىخلىرىنى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلارنى مۇشۇ يىللارنىڭ ئايلىنىشى بىلەن ھېسابلايدۇ. تۈرك خانلىرىدىن بىرى قۇرۇلتاي چاقىرىپ، مۇنداق دېگەن: بىز 12 ئاي ۋە ئاسماننىڭ 12 بۇرجىغا ئاساسلىنىپ، ھەر بىر يىلغا بىر ئات قويايلى، بىزدىن كېيىن يىل ھېسابى شۇ يىللارنىڭ ئايلىنىشى بىلەن ھېسابلانسۇن. بۇ ئارىمىزدا مەڭگۈ بىر يادىكارلىق بولۇپ قالسۇن». بۇ 12 مۆ-



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



چەلنىڭ نامىلىرى مۇنداق: چاشقان (سىچقان ـ كەشكۈ). كالا (ئۇي ـ ئۇد)، يولۋاس (بارس)، توشقان (تاۋسقان)، نەك(لەھەڭ ياكى بېلىق)، ئىلان (يىلان)، ئات (يۈند، يىلقى)، قوي (قون)، مايمۇن (بىچىن)، توخۇ (توقاقۇ)، ئىت (سەگ)، توڭغۇز.

دېمەك، بىزنىڭ نورۇز بايرىمىمىز، ئەنە شۇنداق جۇغراپىيىلىك ۋە ئاسترونومىيىلىك، ئىشلەپچىقىرىش ـ تۇرمۇش شارائىتلىرى بويىچە ھېسابلانغان.

قەدىمدىن تارتىپ ھازىرغىچە نورۇز ئاساسەن بىرلا مەزگىلدە داۋام قىلىپ كېلىۋاتىدۇ. ھەر يىلى ئەتىيازلىق ئىبتىدالدا (كۈن بىلەن تۈن تەڭلەشكەن چاغدا، بۇ كۆپىنچە 3 ـ ئاينىڭ 21 ـ، 22 ـ كۈنلىرىگە توغرا كېلىدىغان چاغ) كېلىدۇ. بۇ باھارنىڭ يەنى كونا يىل ئۆتۈپ، يېڭى يىل باشلانغان چېغى. شۇڭا «نورۇز» (يېڭى كۈن) دەپ ئاتالغان. شۇڭا، ئاغۇنلىرىمىزدىن تارتىپ بوغۇنلىرىمىزغىچە، بۇ كۈن قۇتلۇق كۈن سانىلىدۇ. نورۇز ئالدىدا ۋە مەزگىلدە، ھەر كىم ياخشى، ساۋابلىق ئىشلارنى قىلىشقا ئۆزلىرىمۇ تىرىشىدۇ ۋە ئۆزگىلەرنىمۇ رىغبەتلەندۈرىدۇ. ئاغۇنلىرىمىز نورۇزنى قۇتلۇق، خاسىيەتلىك دېگەن چۈشەنچىسى بويىچە، كىمكى يىل بېشىدا، يەنى نورۇز ئەييامىدا، ساۋابلىق ئىش قىلسا، شۇ كىشىگە يىل بويى ياخشىلىق (ساۋاب) نېسىپ بولىدۇ، دەپ بىلەتتى. شۇڭا، قەدىم زاماندىن تارتىپ، كىشىلەر يىلنىڭ ئامان ـ ئېسەن ۋە مەنپەئەتلىك بولۇپ ئۆتۈشىنى ئارزۇلاپ، نورۇزغا ئاتاپ، ھەر خىل ساۋابلىق ئىشلارنى قىلاتتى. مەسىلەن، ئومۇمىي جامائەت ئۈچۈن پاراۋانلىق ئىشلارنى قىلىش (مەكتەپ سېلىش، يول ۋە كۆۋرۈك ياساش ۋ. ب)، مۇقەددەس كىتابلارنى كۆچۈرۈش ياكى كۆچۈرگۈزۈش، ئىبادەت ئورۇنلىرىغا قىممەتلىك كىتاب ياكى يەر ـ مال ۋەقپە قىلىش ــ ئەنە شۇنداق چوڭ ساۋابلىق ئىشلار جۈملىسىدىندۇر.

نورۇزنىڭ رەسمىيەتلىرى بار. نورۇز كۈنلىرى ھەر خىل سورۇنلار تۈزۈلۈپ، ئومۇمىي خەلق بايرام قىلىدۇ. «توققۇز توقۇ» دېيىلىدىغان مەرىكە ـ مۇراسىم بولىدۇ. 1. نورۇز ناغرىسى ــ نورۇز باشلىنىش ھارپىسىدا ناغرا ـ سۇناي چېلىنىپ، نورۇز باشلانغانلىقى مەلۇم قىلىنىدۇ. 2. نورۇز تازىلىقى ــ نورۇز ئالدىدا «ئارىغ توقۇ»نى (ئېرىقلارنى تازىلاش ـ تازىلىق) ھەر كىشى ئېلىپ بارىدۇ. 3. سوغۇق قوغلاش ــ ھارپا ئاخشىمى يىگىتلەر توپ ـ توپ بولۇپ، ساغانغۇ (ياغ قاچىلاپ، پىلىك چىقىرىلغان قاپاق) كۆيدۈرۈپ قىر ـ سەھراغا يۈزلىنىپ، سوغۇق قوغلايدۇ؛ قىش ـ سوغۇقنى ھەجۋىي قىلىپ، بېيىت ـ قوشاقلار ئېيتىشىدۇ، نورۇزغا بېغىشلانغان ئۆلەن كۈيلىشىدۇ. گۈلخان يېقىپ، ئەتراپىدا قۇيۇن ئۇسسۇلى ئوينايدۇ. تاڭ ئاتاردا، سوغۇق قوغلىغۇچىلار سوزاق ـ مەھەللىلەرگە يانغاندا، ھەممە ئۆيلۈك ئۆز ھالىغا يارىشا ھەر خىل غىزا ـ تاماق تەييارلاپ، ئۆيلىرى ئالدىدا شىرەلەرگە تىزىپ قويىدۇ ۋە سوغۇق قوغلىغۇچىلار ناشتىلىق قىلىدۇ. سوغۇقنى ئۇزاتقانلىقنى بىلدۈرۈپ، شۇ كۈنى ھەممە ئۆيدە سوغۇق يېمەكلىك يېيىلىدۇ. بۇنى «قاڭسىق» دەيدۇ. 4. نورۇز كۈنى چۈشكىچە يوقلاش پائالىيىتى بولىدۇ. ئاتا ـ ئانىلارنى، ئىگە چاقىسىز قېرى ـ چۆرىلەرنى، يېتىم ـ يېسىر، مېيىپلەرنى، ئاغرىقلارنى يوقلىشىدۇ. 5. نورۇز ئېشى ــ نورۇز كۈنلىرىدە قۇتلۇق كۈننى ئىپادىلەپ «ق» ياكى «س» تاۋۇشى بىلەن باشلىنىدىغان ھەر خىل يېمەك ـ ئىچمەك بىلەن غىزالىنىدۇ. «تۇتماچ»، «سۈمۈلەك» يەيدۇ. 6. نورۇز سەيلىسى ــ يوقلاش توقۇسى ئورۇنلانغاندىن كېيىنلا ئۇلۇغ، ئۇششاق ھەممەيلەن خامانغا، بوستانغا چىقىپ، سەيلە ـ تاماشا قىلىدۇ. 7. نورۇز يارىشى ــ نورۇزنىڭ ياندۇرۇقى كۈنى «يارىش» (مۇسابىقە) ئاساسەن تەنھەرىكەت پائالىيەتلىرى ئۆتكۈزىلىدۇ. 8. نورۇز مەشرىپى ــ نورۇزنىڭ ئۈچىنچى كۈنى سوزاق، مەھەللە بويىچە چوڭ مەشرەپ ئۆتكۈزۈلىدۇ. 9. نورۇزلۇق تىلەك ــ نورۇزنىڭ 4 ـ كۈنى ئەھلى مەھەللە، ئاخۇن، موللىلارنىڭ باشچىلىقىدا زاراخەتمە ئۆتكۈزۈلىدۇ. ئۆتكەن يىلقى نېمەتلەرگە شۈكۈرانە بىلدۈرۈش، بۇ يىلنىڭ ئامان ـ ئېسەن، توقچىلىق بىلەن ئۆتۈشىنى يەنى زىرائەت ـ ئېكىنچىلىكنىڭ مول ـ كول بولۇشىنى تىلەپ، كوللېكتىپ دۇئا ـ تىلاۋەت قىلىنىدۇ.

دېمەك، نورۇز قۇتلۇق بايرام، يېڭى يىل بايرىمى، ئەنئەنىۋى مىللىي بايرام، ئەمگەك، دوستلۇق، ئىناقلىق بايرىمى.

# ھېسام چاقچاقلىرىنىڭ ھازىرجاۋابلىق ئالاھىدىلىكى توغرىسىدا



غۇنچەم قادىر

چاقچاق — يۇمۇرلۇقلىقى، قىزىقارلىق ۋە ئىخچاملىقى بىلەن خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدا ئالاھىدە ئورۇن تۇتىدىغان، خەلقىمىزنىڭ قىزغىن ياقتۇرۇشىغا نائىل بولغان بىر ژانىر.

ئۇيغۇر خەلقى ئەزەلدىنلا كۈلكە - چاقچاققا ھېرىسمەن خەلق بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ توي - مەشرەپلىرى، ھېيت - بايراملىرى كۈلكە - چاقچاقسىز ئۆتكۈزۈلمەيدۇ، شۇڭلاشقىمۇ چاقچاق ئۇيغۇر تۇرمۇشىنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى سۈپىتىدە ئەسىرلەردىن بېرى چاقچاقخۇمار خەلقىمىزنىڭ مەنىۋى تەشنالىقىنى قاندۇرۇپ كەلدى.

چاقچاق تىلغا ئېلىنىسىلا كىشىلەرنىڭ يادىغا دەرھاللا زامانىمىزدىكى «ھايات نەسىردىن ئەپەندى» ھېسام ئاكا كېلىدۇ، يېرىم ئەسىردىن كۆپرەك ھاياتىنى خەلقنىڭ شادلىقى ئۈچۈن سەرپ قىلغان ھېسام قۇربان تىلىنىڭ ئۆتكۈرلۈكى، ھازىر جاۋابلىقى، يۇمۇرلۇقلىقى بىلەن خەلق قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالغان. ھېسام چاقچاقلىرىنىڭ ئۇيغۇر خەلق چاقچاقلىرىدىكى ئورنى، رولى ۋە ئەھمىيىتىگە چاقچاقخۇمار خەلقىمىز ئاللىبۇرۇن تېگىشلىك باھانى

www.uyghurkitap.com



بېرىپ بولغان. مەن بۇ يەردە پەقەت ھېسام چاقچاقلىرىدىكى ھازىرجاۋابلىق ئالاھىدىلىكى ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتمەكچىمەن.

ھازىرجاۋابلىق ــــ چاقچاقتا كەم بولسا بولمايدىغان ئەڭ مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرى. چاقچاق ــــ چاقچاق بولۇۋاتقان ئاشۇ سورۇندا، نەق مەيداننىڭ ئۆزىدە چاقچاق ئوبيېكتىغا ئاساسەن ئىجاد قىلىنىدىغان نەرسە بولغاچقا، ئۇنى ئۆيدە ئولتۇرۇپ ئالدىن تەييارلاپ قويۇشقا بولمايدۇ، ئۇنى شۇ سورۇن ۋە شۇ سورۇندىكى ئادەملەرگە ماسلاشتۇرۇپ قىلمىسا كىشىلەرنىڭ تەبئىي كۈلكىسىنى قوزغىيالمايدۇ، شۇنداق بولغاچقا چاقچاقلار ئۆزى ئولتۇرغان شۇ سورۇن ۋە شۇ يەردىكى ئادەملەرگە قارىتا ئۇلارنىڭ ھەر خىل ئالاھىدىلىكلىرىنى، مەسىلەن، لەقىمىنى ياكى شۇ مەيداندا قىلىپ سالغان بىرەر ئېغىز ئەخمىقانە گەپلىرىنى چاقچاقنىڭ تېمىسى قىلىپ تۇرۇپ شۇنداق ئۇستىلىق بىلەن چاقچاق باشلايدۇ. چاقچاق ئوبيېكتى بولغان ئادەممۇ شۇنىڭغا ماسلىشىپ جاۋاب قايتۇرالىشى ياكى بولمىسا تىرىكمەي ئولتۇرۇپ بېرەلىشى كېرەك. ئۇنداق بولمىسا، ئۇنىڭ بۇ سورۇندا ئولتۇرۇش سالاھىيىتى بولمايدۇ ـ دە، سورۇندىن قاچقانلىقى ئۈچۈن تېخىمۇ قاتتىق كۈلكە ئىچىدە يېڭى بىر چاقچاقنىڭ پىلتىسىگە ئوت يېقىپ بېرىدۇ. يەنە بىر قىسىم كىشىلەر قىزىقچىلىق قىلدىم دەپ تايىنى يوق گەپلەر بىلەن سورۇن ئەھلىنى بىزار قىلىدۇ. مەسىلەن، بىر ئولتۇرۇشتا ئۆزىنى قىزىقچى ھېسابلايدىغان ياش يىگىت ھە دېسە ھېسامغا چاقچاق قىلىپ بارغانسېرى لاۋزىلىشىپ كېتىپتۇ، ھېسام ئۇنىڭ ئاخىرقى ئۇزۇندىن ئۇزۇن مەنىسىز چاقچىقىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن يىگىتكە دەپتۇ:

ــــ قالتىس چاقچاق قىلىدىكەنسىز ئۇكا، بۇنداق ئۇزۇن چاقچاقتا بىزنىڭ مەھەللىدىكى ئاياللار كىر يايدۇ①.

دېمەك، ھېسام ئاخىرىدا يىگىتنىڭ لاۋزا چاقچاق قىلغانلىقىنى ناھايىتى ئەپچىللىك بىلەن يېپىپ تۇرۇپ چاقچاق قىلىپ سورۇنغا قايتىدىن جانلىنىش ئاتا قىلىدۇ، يىگىتكە بىر نېمە دېيەلمەي تۇرغان سورۇن ئەھلىمۇ ھېسامنىڭ دەل جايىدا قىلغان چاقچىقىدىن سۆيۈنۈپ ئۈچەيلىرى ئۈزۈلگىدەك كۈلۈشىدۇ.

ھېسام ئاكىدا ھەر قانداق جايدا، ھەر قانداق ۋاقىتتا باشقىلارنىڭ گەپ ـ سۆزلىرىگە، سوئاللىرىغا دەل جايىدا، تېز، كۈلكىلىك جاۋاب بېرەلەيدىغان ئۆزگىچە ئالاھىدىلىك بار، ئۇ ئالاھىدىلىك ھېسام چاقچاقلىرىنى بىز يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكەندەك ھازىرجاۋابلىقتىن ئىبارەت ئۆزگىچە خاس خاراكتېر ـ خۇسۇسىيەت بىلەن تويۇندۇرغان، شۇڭىمۇ ھېسام چاقچاقلىرىنى ئاڭلىغان كىشىلەرنىڭ كۆزىدىن ياش چىققۇچە كۈلۈپ ئاپىرىن ئېيتمايدىغىنى، سۆيۈنمەيدىغىنى يوق. مەسىلەن، بىر ئاغىنىسى ھېسامنى مانتىغا ئېيتىپ مېھمان قىپتۇ، پىشمىغان مانتا كىچىكچە ئۇنى بىئارام قىلىپ ياتقۇزماپتۇ، ئەتىسى ئەتىگەنلىك چاي ئۈستىدە ئاغىنىسى ئەدەبىياتتىن سۆز ئېچىپ ھېسامنى مۇشائىرە ئېيتىشقا تەكلىپ قىپتۇ ۋە بىرىنچى بولۇپ ئۆزى باشلاپ بېرىپتۇ:

ئۆگزەڭگە قارىسام
موردىن تۈتۈن چىقتى.

تېخىچە قورسىقى مۇجۇپ ئاغرىۋاتقان ھېسام جان ئاچچىقىدا مۇشائىرىگە جاۋاب قايتۇرۇپتۇ:

ئاخشام يېگەن بەش مانتا
كېچىچە پۇتۇن چىقتى②.

چاقچاق ــــ كىشىگە روھىي ئوزۇق، مەنىۋى قۇۋۋەت ئاتا قىلىدىغان خاسىيەتلىك مەلھەم. شۇنداقلا ئۇ ناچار ئىللەت، چاكىنا ئادەت، غەيرىي قىلىقلارنى قامچىلايدىغان بىر خىل ئۆتكۈر تەنقىد قورالى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئالاھىدە خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن جەمئىيەتتىكى يامان ئىللەت، يامان خاھىشلار ئۈستىدىن شىكايەت قىلىپ، ئاۋامنى ياخشىلىققا، مەرتلىككە ئۈندەپ پەزىلەت، ئەخلاق تەربىيىسى بېرىشنىڭ ياخشى مەكتىپى بولۇپ كەلدى. ھېسام چاقچاقلىرى تىلىنىڭ ئۆتكۈرلۈكى، ھەجۋىيلىكى بىلەن يامانلىققا، رەزىللىككە، خۇشامەتچىلىك، شەخسىيەتچىلىككە قارشى تۇرۇپ، ئۇنىڭغا ئۇزۇل ـ كېسىل زەربە بېرىدىغان جەڭگىۋارلىق رولىنى جارى قىلدۇرۇپ كەلدى. ئۇ چاقچاقلىرىدا ئاچكۆز، ئىككى يۈزلىمچى، تەخسىكەش، تەييارتاپ، ماختانچاق، قورقۇنچاق... خىلمۇخىل كىشىلەرنىڭ ئوبرازىنى يارىتىپ، ھەممىسىنىڭ ئۆز بويىغا لايىق«تون پىچتى». ئەمدى تۆۋەندىكى چاقچاقلارنى كۆرۈپ باقايلى:

ھېسامكامنىڭ باشلىقى دائىملا ئۇنى «مېنى سورۇنلاردا نېمىشقا ماختىمايسەن؟»دەپ كايىيدىكەن. بىر قېتىم يۇقىرىدىن ئەھۋال ئىگىلىگۈچىلەر كەلگەندە ھېسامكام

باشلىقنىڭ ئالدىدىلا كەلگەنلەرگە ئۇنىڭ تەرىپىنى قىلىپ
بېرىپتۇ:
— بىزنىڭ باشلىقتەك ئادەم شەھەردە يوقتە، باشقـ
سىنى قويۇپ تۇرۇپ مۇشۇ قېتىمقى ئۈستەڭ چېپىشقا چىقـ
قاننى دەي، ئۈستەڭ پۇتكىچە بىزنىڭ باشلىق كېچە ـ
كۈندۈز يا تۈزۈك تاماق يېمەي، يا سۆزلىمەي...
— نېمە قىلدى؟ — دەپ سوراپتۇ كەلگەنلەردىن
بىرى قىزىقىپ.
— ھېسامكام دەررۇ جاۋاب بېرىپتۇ:
— ئۇخلىدى③.
بۇ چاقچاقتا ھېسام قولىدىن ھېچ ئىش كەلمەي ھە-
دېسىلا ماختىنىشنىڭ كويىدىلا يۈرىدىغان بىر قىسىم تەيـ
يارتاپ، تەمەخور باشلىقلارنى كۈلكە ئاستىغا ئېلىپ
تۇرۇپ تەنقىد قىلغان.
ھېسام چاقچاقلىرى كىشىلەرنىڭ روھىي دۇنياسىدا
مىسلى كۆرۈلمىگەن مەنىۋى زىلزىلە پەيدا قىلدى. ئۇنىڭ
ئىنكاسى چاقماقنى؛ تىلى قىلىچ بىسىنى ئەسلەتتى.
خۇددى ھېسامكامنىڭ ۋارىسلىرى ئېيتقاندەك: «ئۇ
بىر چېقىلغىلى بولمايدىغان يۇقىرى بېسىملىق توك ئىدى،
ئۇنى تۇتماقچى بولغان ئادەمنىڭ قولىنى شۈبھىسىز كۆيـ
دۈرۈپ تاشلايتتى». ئۇنىڭ ئەڭ زور ئالاھىدىلىكى تېز
ئاتارلىقى، ھازىرجاۋابلىقىدا ئىدى. مەۋھۇم ئۇقۇملارنى
جانلىق ئوبرازلار ئىچىگە شۇ دەرىجىدە سىڭدۈرۈۋېتەتـ
تى. «ھېسامكام» دەپ يازىدۇ يازغۇچى ماخمۇت مۇھەمـ
مەد «ھېسام ۋە ئۇنىڭ چاقچاقلىرى» ناملىق ماقالىسىدە
«خېلىغىچە ئويلاپ تېگىگە يېتەلمەيدىغان پىكىرلەرنىمۇ
قارشى تەرەپنىڭ سۆزى، سوئالى تۈگىمەستىنلا جاۋاب
تەرىقىسىدە دەۋېتەتتى. تىڭشىغۇچىلار دەسلەپتە يېرىم
ئاڭسىز ھالەتتە قاقاقلاپ كۈلۈشەتتى، كۈلكىدىن كېيىن
ئويلىنىپ تۇرۇپ ئۇشتۇمتۇتلا بۇ تېز جاۋاب چاقچاقنىڭ
تېگىنى، ئەسلىي مەنىسىنى پەملەپ قېلىشاتتى ـ دە، يېڭـ
ۋاشتىن قايىللىق كۈلكىسىنى كۆلۈشەتتى»④.
ھېسام چاقچاقلىرىدىكى ھازىرجاۋابلىق ئالاھىدىلىك
زادى نەدىن كەلگەن؟ بۇنى ئىلىنىڭ ئالاھىدە تەبىئىي ۋە
ئىجتىمائىي مۇھىتىدىن باشقا يەنە ھېسام ئاكىنىڭ ئاتا ـ
بوۋىلىرىغا ۋە ئۇ چوڭ بولغان يىللارغا باغلاپ چۈشەنـ
دۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ.
چاقچاق ئۇيغۇرلار تۇرمۇشىنىڭ مۇھىم بىر مەنىۋى
بۆلىكى. چاقچاقتىن، قىزىقچىلىقتىن مۇستەسنا ھەم ئۇ ھا-
لەتتىن خالىي ئۇيغۇرلار تۇرمۇشىنى تەسەۋۋۇر قىلىشقا
بولمايدۇ. گەرچە چاقچاق قىلىش ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ھەمە-
مىسىنىڭلا ئورتاق سەنئەت ھادىسىسى بولسىمۇ ئىلىلىقلار-
نىڭ چاقچاقلىشىش ئادىتى ۋە ئۇسۇلى ئۆزگىچە رايون ئا-
لاھىدىلىكىنى شەكىللەندۈرگەن. چۈنكى ئىلى خەلق چاق-
چاقلىرى مۇشۇ تۇپراقتا ياشاپ تىرىكچىلىك قىلىپ كېلىۋات-
قان خەلقنىڭ ئۆزىگە خاس تۇرمۇش مۇھىتى، خاراكتېرى،
ياشاش ئۇسۇلى، تەپەككۇر ئادىتى ئاساسىدا بارلىققا
كەلگەن. ئىلى خەلق چاقچاقلىرى باشقا رايونلارغا ئوخ-
شىمايدىغان روشەن ئالاھىدىلىكى ۋە بىر مەدەنىيەت ھا-
دىسىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇب ۋە
شىمالىغا كەڭ تارقىلىپ، چاقچاقخۇمار خەلقىمىزنىڭ مەنە-
ۋى تەشنالىقىنى قاندۇرۇش بىلەن بىرگە ئېغىز ئەدەبىياتى-
نىڭ گۈللىنىشىدە مۇھىم رول ئويناپ كەلدى⑤.
ئىلى خەلقى ئاجايىپ بىر خەلق. ھېچنېمە تاپالمىسا
ئازغىنە خاسلىڭ، گازىر ـ پۇرچاق بىلەنمۇ كاتتا سورۇن
تۈزۈپ دۇنيادىن بىغەم ئولتۇرۇۋېرىدۇ. بۇنداق سورۇن-
لاردا خەلق ناخشىچىلىرى ۋە چاقچاقچىلار كەم بولسا
بولمايدۇ. ئاشۇ غورىگىل داستىخان ئۇلار ئۈچۈن ھەر
قانداق كاتتا بايلارنىڭ تۈزگەن سورۇنىدىن ئارتۇق.
ئۇلارنىڭ تۇرمۇش داۋانلىرىدا چارچىغان نېرۋىلىرى جا-
يىدا قىلىنغان چاقچاقلاردىن ئارام تېپىپ مىڭ يىللىق ھار-
دۇقى چىققاندەك ھۇزۇرلىنىدۇ.
چاقچاق — ئىلىلىقنىڭ ھەربىر ھۈجەيرىسىگىچە
سىڭىپ كەتكەن. چاقچاقسىز تۇرمۇش ئۇلار ئۈچۈن
تۇزسىز تائامدەك بەتتام بىلىنىدۇ. تويدىمۇ، ئۆلۈمدىمۇ،
سەكرات ئۈستى، قەبرە بېشىدىمۇ يەنە شۇ چاقچاق، يەنە
شۇ كۈلكە. شۇنداق، بۇ ئىلىلىق دېگەنگە ئەجەبلىنىش
كەتمەيدۇ. ئۇلار ئەزەلدىن بوغۇزىغا كەپلىشىپ كەلگەن
چاقچاقنى يۇتۇۋېتىشكە ئادەتلەنمىگەن. گەپنى ئېھتىيات
بىلەن قىلمىسا بولمايدىغان، قارشى تەرەپ تەسەللىگە
موھتاج دەقىقىلەردىمۇ پاراڭنىڭ تېمىسىنى ئوخشاشلا چاق-
چاققا بۇراۋېرىدۇ. چاقچاقنى ئاشكارا قىلىشقا پۇرسەت
بولمىغان چاغلاردا لەقىمىگە، مىجەزىگە، يۈرۈش ـ
تۇرۇش، ئىش ـ ھەرىكىتىگە يۆلەپ تۇرۇپ گويا خوتۇن
كىشى قاش ـ كۆزىگە سۈرمە تارتقاندەك شۇنداق چىراي-
لىق، سىلىق، ئۇستىلىق بىلەن قىلىۋېرىدۇ. مۇنداق

www.uyghurkitap.com



چاقچاق ئۇلارنىڭ پەلسەپسىدە «قايغۇنى كۆچكە ئايلاندۇرۇش» بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن، غۇلجا شەھىرىنىڭ دۆلەت مەھەللە دېگەن يېرىدە 87 ياشىنىڭ قارىسىنى ئالغان ئۆمرى ئەلنەغمە سورۇنلىرىدا ساز، ناخشا، كۈلكە - چاقچاق بىلەن ئۆتكەن، كلاسسىك ناخشا، خەلق قوشاقلىرى توغرىسىدىكى بىلىمى خېلىلا مۇكەممەل سەلەيكام قار ياغدى دېگەن بىر كىشى بار. بىر يىلى سەلەيكام ئاقسالىنىڭ ئانىسى ۋاپات بولغاندا جامائەت پەتىگە كىرىپتۇ. پەتچىلەر قاتارىدا سەلەيكامنىڭ دائىم چاقچاقلىشىدىغان ئابدۇكېرىم سېرىق دەيدىغان بىر ئاغىنىسى بار ئىكەن. ئابدۇكېرىم سېرىق ئانىسىغا ھازا ئېچىپ يىغلاۋاتقان ئاغىنىسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

سەۋر قىل ئاداش، ھېلمۇ ياخشى ئاناڭ رەھمەتى قار - شۇرغان، جۇدۇن - چاپقۇن كۈنلەرگە قالماپتۇ. بۇمۇ سېنىڭ تەلىيىڭ، — دەپ تەسەللى بېرىپتۇ.

— تەسەللىنىڭ «لەقەملىك چاقچاق» ئارقىلىق ئۆزگە يېنىپ كېلىۋاتقانلىقىنى سەزگەن سەلەيكام ئاقساقال يىغىسىنى چاندۇرماي داۋاملاشتۇرۇپ، چاقچاققا چاقچاق بىلەن جاۋاب قايتۇرۇپتۇ:

— ۋاي ئانام، كۈنىڭ سېرىقنى كۆرمەي تۈگەپ كەتكەن ئانام، سېرىقتال كۈنلەردە بېشىمىزنى سىلىغان ئانام، دادامنىڭ يوقلۇقىنى چاندۇرماي كىشىلەرنىڭ ئالدىدا چىرايىمىزنى سارغايتمىغان ئانام.

شۇ كۈنلەردە سىرتتىن كېلىپ، جامائەت بىلەن پەتىدە بىللە بولۇپ قالغان مەلۇم بىرەيلەن قايتىپ چىققاندىن كېيىن قايناپ كېتىپتۇ:

— ئېشەك ئۆلسە بىر نېمىسى غېجەك تارتىپتۇ دەپ، ئۆي ئىگىسى مۇسىبەت قايغۇسىدا تۇرۇۋاتسا سىلەرنىڭ پىخىلداپ كۈلگىنىڭلار نېمىسى؟

— چۈشەنمىدىڭمۇ؟ — دەپ ئىزاھات بېرىپتۇ ئۇلار سىرتتىن كەلگەن كىشىگە، — بىرى تەسەللى بەرگەن بولۇپ، يەنە بىرى ھازا ئاچقان بولۇپ چاقچاق قىلىشىۋاتىدۇ.

— تۇۋا، — دەپ ياقىسىنى تۇتۇپتۇ ھېلىقى كىشى، — بۇ ئىلىخلۇق دېگەننى چۈشەنمەك ئەجەب تەسكەن⑥.

ئىلى خەلق چاقچاقلىرى مەدەنىيەت ئاساسى، تارىخى ئارقا كۆرۈنۈشى، يىلتىزى بار مۇكەممەل سەنئەت. تارىختا غۇلجا شەھىرىنى مەركەز قىلغان ئىلى رايونىدا ئاجايىپ مەشھۇر خەلق قىزىقچىلىرى، لەتىپە - چاقچاقچىلار، لاپچىلار ئۆتكەن. ھېسام ئاكىنىڭ دادىسى قۇربان (قۇناخۇن) ئەپەندىمۇ ئەينى يىللاردىكى داڭلىق قىزىقچىلارنىڭ بىرى ئىدى. ئۇ چاغلاردا مەشرەپ كۆرمىگەن ئادەمنى چەتكە قاقىدىغان، ئارىغا ئالمايدىغان چاغلار بولغاچقا، مەشرەپكە قاتناشمايدىغان ئادەم بولمايتتى، ياكى كەمدىن كەم تېپىلاتتى. ھېسام ئاكىنىڭ دادىسى شۇ خىل زۆرۈرىيەت تۈپەيلىدىن ئوغلىنى قاتاردىن قالمىسۇن، كۆپنى كۆرۈپ كۆزى پىشسۇن، قائىدە - يوسۇنىمىزنى، ئادەم بولۇشنىڭ يوللىرىنى ئۆگەنسۇن، ئەقىل تاپسۇن، دەپ ئۇنى پات - پات ئۆزى قاتناشقان سورۇنلارغا ئېلىۋالاتتى. كېلەچەكنىڭ بۇ مەشھۇر قىزىقچىسى ئاز - تولا ئېسىنى تاپقاندىن باشلاپلا روھىي چۇقانلار ئىچىدىكى قەلبلەرنى ھاياجانغا سالىدىغان يۈكسەك مەنىۋى مۇھىتنىڭ يېگانە ئاشىقىغا ئايلاندى. ئۇ، ئۇ يەرلەردە ھەممىنى كۆردى، ھەممىنى ئاڭلىدى، ھەممىنى چۈشەندى. مەشرەپ سورۇنىدىكى مەشرەپ ئەھلىنى ھاڭ - تاڭ قالدۇرىدىغان ئاجايىپ سېھىرلىك كۈيلەر، خەلق ناخشىلىرى، ئاجايىپ قىزىقچىلىقلار، بىر تىنىقتا سائەتلەپ قىلىنىدىغان چاچما چاقچاق، روبىرو چاقچاق، لەقەملىك چاقچاقلار كىچىك ھېسامدىننى ئۆزگىچە بىر دۇنياغا باشلاپ كىرەتتى. مانا شۇ دۇنيا ئېغىزىدىن ئانىسىنىڭ ئوغۇز سۈتى كەتمىگەن ھېسامدىنغا قانداقتۇر بىر خىل ھەيبىيارلىقنىڭ، قىزىقچىلىقنىڭ، كۈلكە - چاقچاقنىڭ ئالامەتلىرىنى ئاتا قىلدى. يولدا ئۆتكەن - كەچكەنلەر، دوقمۇش بېقىپ ئولتۇرغان بىكارچىلار تاڭگا سېتىپ يۈرگەن ھېسامدىننى ئەتەي گەپكە تۇتۇۋېلىپ پارىڭىنى ئاڭلايتتى:

— ھوي تاڭگاچى، بۇياققا كەلگىنە؟

— تاڭگا ئالامتىڭىز؟

— قۇناخۇنكامنىڭ بالىسىغۇ سەن، ئىسمىڭ نېمە؟!

— ھېسامدىن.

— ھە، ھېسامدىن، مەدرىستىكى ھاشىر خەلپىتىمنىڭ قولىدا ئوقۇۋاتقىنى سەنمۇ؟

— شۇنداق.

— ساۋاقلاردا قانداق كېتىۋاتىسەن؟

— سوكۇشكە يېقىن، دەررىدىن يىراق، ئىنىشاغا يېقىن، پەللىدىن يىراق.

— ۋاھ، گېپىڭنىڭ پۇتۇنلۇكىنى قارا، ساۋاقلاردىن قايسىسىغا ئامراقسەن؟

— تەنەپپۇسقا.

— ئاله شەرىڭنى، شۇڭا تاڭغا سېتىپ يۈرىمەن، — دېگەن.

— تاڭغا ئالامسىز - ئالمامسىز؟

— قانداق دەيسەن؟

— گەپ ساتمايمەن، تاڭغا ساتىمەن.

— بارىكاللا، مۇشۇ گېپىڭ ئۇچۇن بولسىمۇ ئېلىپ قوياي، ئېلىشتىن ئاۋۋال تېتىپ باقساق بولامدۇ، تاڭغالىرىڭنى؟

— بولمايدىغان نەرى بار، سىز خالىغانچە تېتىۋېرىڭسىز، مەن پۇلىڭىزنى تۇتۇپ تۇرۇۋېرىمەن.

— شۇنداقمۇ تېخى، مانا قارا، ئوقەتچى بولساڭ چوينۇن مەخسۇمدىن ئېشىپ چۈشەمسەن نېمە؟

— شۇنداق تۇرمساق تەنزەمنى ۋاشاڭ، تاڭغالىرىمنى پاساڭ قىلىۋېتەرسىز؟!

— ھا، ھا، ھا، ما گېپىڭ كەلدى. خاتا ئاڭلىماپتىمەن، قۇربان تېرىچىنىڭ چوڭ ئوغلى راستىنلا دادىسىنىڭ مىجەزىنى كىيىپ چىقىپتۇ⑦.

ھەقىقەتەنمۇ ھېسام ئاكىنىڭ دادىسى قۇربان، چوڭ دادىسى ئىسمائىللار ئۆز زامانىسدا ئىلى خەلق چاقچاقچىلىرى، قىزىقچىلىرى قاتارىدا ئالاھىدە تىلغا ئېلىنىدىغان، تۇرغان - پۈتكىنىدىن كۈلكە تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان تولىمۇ ھەييار، ھازىرجاۋاب كىشىلەردىن ئىدى. ئۇنىڭ قىزىقچىلىقتىكى تۇنجى ئۇستازى دادىسى ئىدى. دېمەك، ھېسام ئاكىدىكى بۇ يۇمۇرستىك خۇسۇسىيەت ۋە ھازىرجاۋابلىق ئالاھىدىلىك ئۇنىڭغا ئاتا - بوۋىسىدىن قالغان ئۇدۇم ۋە ئىرسىيەتنىڭ ھەممىدە ھەر بىر گېپىگە چاقچاق ئارىلاشتۇرۇپ قىلمىسا كۆڭلى ئۇنمايدىغان ئىللىقلارنىڭ باغرىدا چوڭ بولغانلىقىنىڭ نەتىجىسىدۇر. شۇنداقلا يەنە ھېسامنىڭ ئۇستا چاقچاقچى بولۇپ يېتىلىشىدىكى ئاساسىي سەۋەب شۇكى، ئۇ ئۇيغۇر خەلق چاقچاقلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ئىنچىكە كۆزەتكەن ۋە تىرىشىپ ئۆگەنگەن. ئۇنىڭ چاقچاقتىكى تالانتى ۋە ماھىرلىقى خەلق چاقچاقلىرىنى ئۆزىگە پۈتمەس - تۈگىمەس مەنبە قىلغانلىقىدىن بولغان⑧.

ھېسام چاقچاقلىرى مىللىي پۇرىقى قويۇق، دەۋر تەمى ئېنىق، رېئاللىق تۇيغۇسى كۈچلۈك، تۇرمۇشقا تېخىمۇ يېقىنلىقى بىلەن خاتىرىلىنىدۇ. مەزمۇن ۋە شەكىل جەھەتتە پارتلاش خاراكتېرلىك بۇسۇش ھاسىل قىلدى، بۇ چاقچاقلار قىزىقارلىقلىقى، ئادەم ئويلىمىغان، ھېس قىلمىغان يەرلەردىن چىقىشتەك ئالاھىدىلىكى، تۈز - تەمىدىكى ئۆزگىچىلىكى، ئىنكاستىكى تېزلىكى، تەپەككۇرىدىكى تەرەننىلىك، تىلىنىڭ ئويناق ھەم ئوبرازلىقلىقى، ھەجۋىي تەركىبلەرنىڭ قويۇقلۇقى بىلەن كىشى قەلبىنى لەرزىگە سالالىتى. چاتما چاقچاق، لەقەملىك چاقچاق، قاپىيىلىك چاقچاق، لەتىپە سۆزلەش شەكىللىرىنىڭ ھەممىسىدە ھېسام ئاكا ئۆزىنىڭ كەم تېپىلىدىغان ئۇنۇۋېرسال ئىقتىدارىنى نامايان قىلدى⑨. بولۇپمۇ ئۇنىڭ چاقچاقتىكى ھازىرجاۋابلىقى ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدۇ.

ئاخىرىدا بۇ ماقالىنى چاقچاق پېشۋاسى ھېسام ئاكىنىڭ تۆۋەندىكى بايانلىرى بىلەن ئاخىرلاشتۇرىمەن:

«چاقچاق — جەلپ قىلىش كۈچى پەۋقۇلئاددە زور سەنئەت. باشقىلارنى كۈلدۈرەلمىگەن چاقچاق مۇساپىرنىڭ ئۆلۈمىگە ئوخشايدۇ. ئوبرازلىق تەپەككۇر چاقچاقنىڭ جېنى، ئۇنىڭغا ئىنكاس بىلەن يۇمۇرستىك خۇسۇسىيەت قوشۇلۇپ كەلسە بىر پارچە ئوتقا، مۇزلىغانلارنىڭ باغرىنى ئىللىتىدىغان، چاكىنىلارنىڭ ۋۇجۇدىنى كۆيدۈرۈپ كۈل قىلىۋېتىدىغان ئوتقا ئايلىنىدۇ...»

ئىزاھلار:

① «ھېسام چاقچاقلىرى»، 4 - قىسىم، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 16 - بەت. رەتلىگۈچى: ماخمۇت مۇھەممەد.

② «ھېسام چاقچاقلىرى»، 2 - قىسىم، 52 - بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، رەتلىگۈچى: ماخمۇت مۇھەممەد.

③ «ئىلى دەرياسى»، 2005 - يىللىق 1 - سان، 84 - بەت، «مانا بۇ ھېسام»، ئابدۇرۇسۇل سېيىت.

④ «ئىلى دەرياسى» 2005 - يىللىق 1 - سان، 79 - بەت، «مانا بۇ ھېسام»، ئابدۇرۇسۇل سېيىت.

⑤ «ئىلى دەرياسى» 2005 - يىللىق 3 - سان، «چاقچاقچىلار چايخانىسىدىكى ئابدۇرۇسۇل سېيىت» 70 - بەت، ئەسەت ئابدۇرېشىت.

⑥ «ئىلى دەرياسى» 2004 - يىللىق 5 - سان، 59 -، 60 - بەتلەر، «مۇھەببەتنىڭ دېۋانىسى»، ئابدۇرۇسۇل سېيىت.

⑦ «ئىلى دەرياسى» 2005 - يىللىق 1 - سان، 75 -، 76 - بەتلەر، «مانا بۇ ھېسام»، ئابدۇرۇسۇل سېيىت.

⑧ «خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ھەققىدە ئومۇمىي بايان»، ئوسمان ئىسمايىل تارىم، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 354 - بەت.

⑨ «ئىلى دەرياسى» 2005 - يىللىق 1 - سان، 77 - بەت، «مانا بۇ ھېسام»، ئابدۇرۇسۇل سېيىت.

(10) «ئىلى دەرياسى» 2005 - يىللىق 1 - سان، 82 - بەت، «مانا بۇ ھېسام»، ئابدۇرۇسۇل سېيىت.

(ئاپتور: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى 2006 - يىللىق ماگىستىر ئاسپىرانتى)



# شىنجاڭنى ئەسلەيمەن

**فاڭ رۇي**

شىنجاڭغا پات ـ پات سەپەر قىلىپ كۆرۈپ كېلىش بىزنىڭ چىن يۈرەك ئارزۇيىمىز. پۇرسەت چىقسىلا، ۋاڭ مېڭ بۇنى ھەرگىز قولدىن بەرمەيدۇ.

2003 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا، ۋاڭ مېڭ روسىيىنى زىيارەت قىلىش تەكلىپىنى تاپشۇرۇپ ئالدى. ئۇ تولىمۇ ھاياجانلىنىپ، بۇ قېتىم شىنجاڭنى كۆرۈپ كېلىدىغان بولدۇق، دېدى. مەن ئىچىمدە بۇ قانداقمۇ مۇمكىن بولسۇن، روسىيە بىلەن شىنجاڭنىڭ ئارىلىقى يا يېقىن بولمىسا، دەپ ئويلىدىم.

2004 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى بىز روسىيىگە چىقتۇق. موسكۋادا ۋاڭ مېڭ موسكۋا پەنلەر ئاكادېمىيىسى يىراق شەرق تەتقىقات يۇرتىنىڭ بەرگەن پەخرىي دوكتورلۇق ئۇنۋانىنى تاپشۇرۇپ ئالدى. ئارقىدىن قازاقىستاننى زىيارەت قىلدۇق. قايتىش سەپىرىنى ۋاڭ مېڭ ناھايىتى ئىنچىكە ئورۇنلاشتۇردى. يەنى ئۇدۇل بېيجىڭغىلا قايتىپ كەلمەي، شىنجاڭ ئارقىلىق قايتىدىغان بولدۇق. شۇنىڭ بىلەن ئالمۇتادا ماشىنا بىلەن ئىلى قورغاس چېگرىسى ئارقىلىق بۇياققا ئۆتمەكچى بولدۇق. ئۇ، بۇ لىنىيە ئارقىلىق ماڭساق باشقىچە بىر تۇيغۇدا، يېڭى بىر تەسىراتقا ئېرىشىمىز، دېدى.

بىز جۇڭگونىڭ قازاقىستاندا تۇرۇشلۇق كونسۇلى ئەۋەتكەن دالا ماشىنىسىغا چىقىپ، كونسۇل خادىمى جاڭ ئەپەندىنىڭ ھەمراھلىقىدا ئۈچ سائەتتىلا قورغاس چېگرا ئېغىزىغا يېتىپ كەلدۇق.

بىز يول بويى ئاجايىپ بىر يۇقىرى ھاياجان ئىلكىدە كەلدۇق. كۆڭلىمىزدە تۇنۇگۈنكى سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بۈگۈنكى روسىيىنى ھەم مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمە گەۋدىسىنى بىر قۇر سېلىشتۇرۇپ، چوڭقۇر ئويلارغا چۆكتۇق. ئايرىلغىلى ئۇزاق يىل بولغان ئىككىنچى ئانا يۇرتىمىز ئىلى بىلەن دىدارلاشقىچە شۇنچە تەقەززا بولۇپ كەتتۇق. بۇ يولدا ئادەملەر ناھايىتى شالاڭ ئىدى، ئەتراپ قاقاس چۆللۈك بولۇپ، باش ـ ئايىغى كۆرۈنمەيتتى. ئادەتتىكى ئاپتوبۇسلارمۇ ئۇچرىدى. ئاڭلىشىمىزچە، بۇ يولنى قازاقىستاننىڭ زۇڭتۇڭى نەزەربايېۋ ئىلىنى زىيارەت قىلغاندا ئالاھىدە رېمونت قىلدۇرغان ئىكەن، ھەر ھالدا زۇڭتۇڭنىڭ ھىممىتى بىلەن چېگرىغا ناھايىتى راھەت كەلدۇق. چەكسىز كەتكەن دالىدا سوزۇلۇپ ئاققان ئىلى دەرياسى بىزگە ھەمراھ بولۇپ ئېقىپ كەلدى.

چېگرىدىكى بىر نەچچە ئېغىزدىن ئۆتتۇق. بۇ يەرنى چېگرا مۇداپىئە جەڭچىلىرى مەھكەم قوغداۋېتىپتۇ. ھەر بىر تەكشۈرۈش ئورنىغا بېرىشىمىزغا ئۇلار بىزدىن بىر مۇنچە سوئاللارنى سورىدى. بەختىمىزگە يارىشا جاڭ ئەپەندى رۇس تىلىغا ناھايىتى راۋان بولغاچقا، نۇرغۇن قىيىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ بەردى. ئۇلارنىڭ ئەھۋالنى چۈشىنىشكە بولاتتى. چۈنكى كۈن بويى بۇ يەردە بىرەر ئادەمنىڭ سايىسىنىمۇ كۆرگىلى بولمىغاچقا، بىزگە ئوخشاش ئاران بىر قانچە ئادەم كەلگەندە بىر نەچچە ئېغىز ئارتۇق سوئال سوراپ پاراڭلىشىۋالمىسا، ئۇلارنىڭمۇ ئىچى سىقىلىپ كېتىدۇ ـ دە! ۋاڭ مېڭ نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئويلىدى. ئۇ ھېلىقى يىللاردا، بۇ يەردە يۈز بەرگەن، ئادەمنىڭ يۈرىكىنى ئېزىدىغان كۆڭۈلسىز خاتىرىلەرنى بىرمۇبىر ئەسلەپ ئۆتتى... ئەمما بۈگۈن بۇ يەر دوستلۇق كۆۋرۈكى ۋە تۈگۈنىگە ئايلىنىپ، چېگرىنىڭ ھەر ئىككى تەرىپىدىكىلەر دوستانە بېرىش ـ كېلىش قىلىپ تۇرۇۋاتىدۇ.

چېگرىدىن ئۆتۈپ، ۋەتەن تۇپرىقىغا قەدەم ئېلىشىمىز بىلەن كۆز ئالدىمىزدا ئوخشىمىغان كۆرۈنۈشلەر زاھىر بولدى.

ئۇ تەرەپ چەكسىز كەڭرى كەتكەن بولسا، بۇ تەرەپ قايىنام ـ تاشقىنلىققا تولغان ئىدى. ئۆسمۈر بالىلار بىزگە گۈللەرنى تەقدىم قىلدى، ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوب-



لاستىنىڭ رەھبەرلىرى ئالدىمىزغا چىقىپ كۈتۈۋالدى. مۇخبىرلار ۋاڭ مېڭغا ئىمزا قويدۇرۇش بىلەن ئالدىراش بولۇپ كەتتى. بىز ئەنە شۇنداق كۈلكە - چاقچاقلار ئىچىدە ئوبلاست رەھبەرلىرى بىلەن قورغاس چېگرىسىدىكى رەھبەرلەر چۈشلۈك تاماقتا بىرگە بولدۇق. بىرگە خاتىرە سۈرەتكە چۈشتۇق.

شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن غۇلجا شەھىرىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدۇق. بۇ كۈن غۇلجا شەھىرىدە ئېگىز - ئېگىز بىنالار قەد كۆتۈرۈپ، ماشىنىلار يوللارغا پاتماي قاپتۇ. ھەممە يەر ئاۋاتلىشىپ، ھەممە كەسىپلەر گۈللىنىپتۇ. بىز نۇرغۇن يەردە يولدىن ئېزىپ قالدۇق. بىر يازغۇچى دوستىمىز چاقچاق قىلىپ، غۇلجىنىڭ ئەينى يىللىرىدىكى ئېرىق - ئۆستەڭلەر ئايلىنىپ ئۆتىدىغان كوچىلىرىنى، سۇۋادان تېرەكلىك يوللىرىنى بىلمەكچى بولساڭلار ۋاڭ مېڭنىڭ ئىلى توغرىسىدا يازغان چاتما ھېكايىلىرىنى ئوقۇڭلار، دېدى.

ئىككىنچى كۈنى ئەتىگەندە، بىز ۋاڭ مېڭ «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» مەزگىلىدە ئەمگەك قىلغان، ياشىغان بايانداي يېزىسىغا كەلدۇق. كەنتكە كىرىشىمىز بىلەن يۇرتداشلارنىڭ بىزنى قارشى ئېلىشقا چىققانلىقىنى كۆردۇق. ۋاڭ مېڭ ئالدىراپ - تېنەپ ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن ئەينى يىللاردىكى ئۆي ئىگىسى ئابدۇراخمان بوۋاينى ئىزدەشتۈردى. بىر نەچچەيلەن 90 گە يېقىنلىشىپ قالغان بوۋاينى يېتىلەپ كەلدى. بۇلار قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى (بۇ بىزنىڭ شىنجاڭدىن ئايرىلىپ 4 - قېتىم كېلىشىمىز ئىدى). بوۋاينىڭ ھاياجانلانغانلىقتىن كۆزلىرىدىن ياشلار تاراملاپ كەتتى. ۋاڭ مېڭ توختىماي تىنچ - ئامانلىق سورايتتى. بوۋاينىڭ زېھنى ئوچۇق بولغاچقا، ۋاڭ مېڭ سورىغان ھەر بىر سوئالغا بىرمۇبىر ئوچۇق جاۋاب بېرىپ تۇردى. بوۋاي ئوغلىمىزنىڭ ئەھۋالىنى سورىدى، مېنىڭ ئىسمىمنىمۇ ئۇنتۇپ قالماپتۇ. بوۋاينىڭ تېتىك روھىي قىياپىتىگە قاراپ، ۋاڭ مېڭمۇ سەل خاتىرجەم بولدى ھەم بوۋاينى بەك ياخشى تۇرۇپسىز، دەپ ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي ماختاپ كەتتى. ۋاڭ مېڭ تېخى ئۆزىچە بىلەرمەنلىك قىلىپ: بۇ ئاغىمىز ئۆمۈربويى جىسمانىي ئەمگەك قىلغان، بۇنىڭغا ئوخشاش بويى پاكار ئادەملەر ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرىدۇ، دەپ چۈشەندۈردى. بىز ھازىرقى كەنت مۇدىرلىرى بىلەن يۇرتداشلارنىڭ بوۋاينى بەك ھۆرمەت قىلىدىغانلىقىنى ھېس قىلدۇق.

كىممۇ ئويلىسۇن، بىز بېيجىڭغا بېرىپ ئون نەچچە كۈن ئۆتە - ئۆتمەي، ئابدۇراخمان بوۋاي ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ دېگەن شۇم خەۋەر يېتىپ كەلدى. قايغۇمىزغا مۇرەككەپ ھېسسىياتلار ئارىلىشىپ بىزنى تولىمۇ ئازابلىدى. بەختىمىزگە يارىشا ئۇنى ئەڭ ئاخىرقى قېتىم كۆرۈۋالغىنىمىز قاپتۇ. ئەسلىدە ئۇ قېتىمقى كۆرۈشۈش ئايرىلىشتىن دېرەك بەرگەن ئىكەن - دە.

بىزنىڭ شىنجاڭ بىلەن قاتمۇقات باغلىنىپ كەتكەن توغقانچىلىق مېھرىمىزمۇ بار. بۇ بىزگە ئورنىنى تولدۇرۇۋالغۇسىز ھەسرەتلەرنى قالدۇردى. ۋاڭ مېڭنىڭ ھاماچىسى (ئاپىسىنىڭ سىڭلىسى) دۇڭ شۈۋېن ئىلىدا تۈگەپ كەتتى.

ھاماچىمىز مېنى خۇددى ئۆزىنىڭ قىزىدەك ياخشى كۆرەتتى. 1962 - يىلى مەن بېيجىڭدىكى بىر ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلاتتىم. ئۇ مېنى كۈندۈزى بىر كۈن كەچكىچە ئىشلەپ ھېرىپ - چارچىغاندا كەچتە بالىغا قاراش تەس، دەپ ئىككىنچى ئوغلىمىز شى ئەرنى بېقىشىپ بېرەي دېگەن ئىدى.

ئۇ يىلى ئوغلىمىز شى ئەر تېخى ئەمدى بىر يېشىغا كىرگەن بولۇپ، تازا جاپالىق مەزگىللەرگە توغرا كەلگەن ئىدى. ئۈستىمىزدىكى بېسىممۇ بەك ئېغىر ئىدى. مەن چارچاپ ھېچ ھالىم قالمىغاندا ھاماچام قولۇمغا قول، پۇتۇمغا پۇت بولۇپ ماڭا قانات بولغان ئىدى.

ھاماچىمىز جاپايىمىزنى بەك كۆپ تارتقان ئىدى. مەن ئۇنى بەك ياخشى كۆرەتتىم، بەك ھۆرمەت قىلاتتىم،

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ئۇنىڭغا بەك ھېسداشلىق قىلاتتىم. ئۇ 18 ياشتا ياتلىق
بولۇپ بىر يىل ئۆتۈپ ئېرى تۇگەپ كەتتى. شۇنىڭدىن
كېيىن ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە ئۆزى يالغۇز ياشاپ كەلگەن
ئىدى. 1967 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرى، ۋاڭ مېڭ
خەۋپ ـ خەتەرگە قارىماي ئۆزى يالغۇز بېيجىڭغا
بېرىپ، ھاماچىمىزنى شىنجاڭغا ئېلىپ كەلدى. بۇمۇ
بىزنىڭ ئورتاق ئارزۇيىمىز ئىدى. ھاماچىمىزمۇ خۇشال
بولۇپ، ئاخىر ھەممىمىز يەنە جەم بولدۇق، دېگەن
ئىدى. ئۇ چاغدا مەن ئىلى 2 ـ ئوتتۇرا مەكتىپىدە ئوقۇت-
قۇچىلىق قىلىۋاتاتتىم. ئۆيىمىز مەكتەپنىڭ ئىچىدە ئىدى.
ئۆيىمىز گەرچە بەك كىچىك بولسىمۇ، ئۇ تېشىدىكى
ئۆيدە، بىز ئىچىدىكى ئۆيدە ياتاتتۇق. بىز كۈنلەرنى
كۈلكە ـ چاقچاق بىلەن خۇشال ـ خۇرام، خاتىرجەم ئۆت-
كۈزۈپ كېتىپ باراتتۇق.

خۇدانىڭ تەقدىرىگە ھېچنېمە دەپ بولغىلى بولماي-
دىكەن. ئۇ بېيجىڭدىن كېلىپ بىر ئاي ئۆتمەيلا مېڭىگە
قان چۈشۈش كېسىلى بىلەن ئۆلۈپ كەتتى. ۋاڭ مېڭ بىر
ئىشچى ئۇستامنىڭ ياردىمىدە، ھاماچىمىزنىڭ مېيىتىنى
غۇلجا شەھەر خەنزۇ بازىرىنىڭ ئەتراپىدىكى قەبرىستانلىق-
قا قويدى. ئاشۇ قىيىنچىلىق يىللاردا دەپنە مۇراسىمىمۇ
ئۆتكۈزەلمىدۇق، شۇنداق...

بىز بېيجىڭغا قايتىپ كېلىپ خېلى يىللارغىچە، كۆڭلى-
مىز يەنىلا شىنجاڭغا باغلىنىپ تۇردى. ھاماچىمىز قايتىپ
كېلەلمىدى. ئۇ شۇ يەردە مەڭگۈلۈك قېپقالدى.

شۇڭا، بۇ قېتىم ئىلىغا كېلىشتە، ئۇنىڭ توپراق بېشى-
نى يوقلاپ ئۆتەيلى دېدۇق. بىر كۈنى چۈشتىن بۇرۇن،
بىز غۇلجا شەھەرلىك مەدەنىيەت ئىدارىسىدىكى رەھبەر-
لەرنىڭ ھەمراھلىقىدا، قەبرىستانلىق تەرەپكە قاراپ
ماڭدۇق. شۇ ياققا كېتىۋېتىپ، غۇلجا شەھەرلىك بىرلەشمە
دوختۇرخانىنىڭ ئالدىدا توختاپ، خاتىرە سۈرەتكە چۈشۈ-
ۋالماقچى بولدۇق. چۈنكى قىزىمىز يى خۇەن مۇشۇ دوخ-
تۇرخانىدا تۇغۇلغانىدى (قىزىمىز ئۆزىنىڭ كىندىك قېنى
تۆكۈلگەن يەردە بىر پارچە خاتىرە سۈرەتكە چۈشۈپ كې-
لىشىمىزنى بىزگە ۋەزىپە قىلغانىدى). تۇساتتىن بۇ دوخ-
تۇرخانىنىڭ باشلىقى ماۋ دوختۇر ئۇچراپ قالدى. بىز ئۇ-
نىڭدىن ئەينى يىللاردىكى قىزىمىزنىڭ كىندىك ئانىسى —
ئاياللار بۆلۈمىنىڭ دوختۇرى رىزۋاننىڭ ھازىر دەم ئې-
لىشقا چىققانلىقىنى ئاڭلىدۇق. ئېسىمدە قېلىشىچە، ئۇ
چاغدا رىزۋان دوختۇر ئەمدى شىنجاڭ تېببىي ئىنستىتۇتى-
نى پۈتكۈزۈپ كەلگەن ئىدى. ئۇ بۆلۈمدە ئاغرىقلارنىڭ
ھالىدىن خەۋەر ئالغاچ، ئالدىدىكى ئاكۇشىرلىق ئىلمى (ـ
تۇغۇتشۇناسلىق ئىلمى) توغرىسىدىكى قېلىن كىتابنى ۋا-
راقلاپ قوياتتى. ۋاڭ مېڭ دوختۇرخانا باشلىقى ماۋ دوخ-
تۇرغا، رىزۋان بىلەن كېيىنكى قېتىم كەلگەندە كۆرۈشۈپ
ئۇنى تاماققا تەكلىپ قىلارمىز، دەپ ئۆزرە ئېيتتى. ئايرى-
لىش ئالدىدا بىز دوختۇرخانىنىڭ ئالدىدا بىر پارچە خاتى-
رە سۈرەتكە چۈشتۇق.

ماشىنا بىزنى تار ئەگرى پاتقاقلىق كوچىلار بىلەن
قەبرىستانلىققا ئېلىپ ماڭدى. بۇگۈنكى كۈندە ئىلىنىڭ
باشقا جايلىرىدا بۇنداق كوچىلارنى ئاسان چېلىقتۇرغىلى
بولمايتتى. بىز تار كوچىلاردىن ئۆتۈپ، شەھەر سىرتىغا
چىقىپ، تۆت ئەتراپى چەكسىز كەتكەن قەبرىستانلىققا
يېتىپ كەلدۇق.

قەبرىستانلىقتا چوڭ ـ كىچىك زومچەك ـ زومچەك
قەبرىلەر دۆۋىلىنىپ كەتكەنىدى. ھېچقايسىغا قەبرە تېشى
قويۇلمىغانىدى بىز ھاماچىمىزنىڭ قەبرىسىنى خېلى ئىز-
دەشتۇردۇق.

ھاماچىمىز قەيەردە ياتقاندۇ؟ ھېچقانداق بەلگە،
ئىزنا يوق. سىزنى يوقلاپ ھېچكىم كەلمىدى، ھېچكىم تە-



زىيە بىلدۈرمىدى.

ۋاڭ مېلىڭ ئىككىمىز ئېغىر قەدەملىرىمىزنى تەستە يۆتكەپ، قاياققا بېرىشنى، قاياقتىن ئىزدەشنى بىلمەي، نائىلاج ئالدىمىزدىكى قەبرىلەر ئالدىدا توختاپ، ئېگىلىپ ئۈچ قېتىم تەزىم قىلدۇق. بىز چەكسىز پەرىشانلىق ئىچىدە چوڭقۇر خىيالغا چۆكتۇق. شۇ تاپتا بىز ئۇنىڭغا تەزىيە بىلدۈرۈش ئەمەس، خىجىللىق ئىچىدە ئۆزىمىزنى ئەيىبلەۋاتاتتۇق.

ھاماچا، خاتىرجەم يېتىڭ! كېيىن بىز يەنە سىزنى كۆرگىلى كېلىمىز. تىلىم - تىلىم جاراھەتكە تولغان روھىمىز، مۇشۇ تۇپراققا، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ چەكسىز بوشلۇقىغا سىڭىپ كەتسۇن، بىز سىزنى مەڭگۈ ئەسلەيمىز!

بىزنىڭ قېرىنداشلىق، دوستلۇق ۋە ھايات - ماماتلىقىمىز مۇشۇ تۇپراق بىلەن ھەمنەپەس تۇرسا، بىز كەلمەي قانداقمۇ چىدايمىز.

ۋاقىت بەك قىس بولۇپ قالدى. ئىلىدا يەنە بىر كۈنلا ۋاقتىمىز قالغان ئىدى. چۈشتە، غۇلجا شەھەرلىك ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى چوڭ زىياپەت بەردى. زىياپەتكە ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىدىكى خېلى كۆپ دوستلار قاتنىشىپ، يەرلىك پۇراقتا ۋاڭ مېلىڭ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان «قاپقارا قوي كۆزلۈكۈم» دېگەن ناخشىنى ئېيتىپ بەردى. ئاشۇ خىل يۇقىرى قىزغىن ھاياجان ئىلكىدە ۋاڭ مېڭنىڭ كۆزلىرىدىن ياشلار تاراملاپ كەتتى. ۋاڭ مېلىڭ ساپ ئۇيغۇر تىلىدا سورۇنغا تەشەككۈر ئېيتىپ سۆز قىلدى، ئۇ سۆزىدە ھېلىقى قىينچىلىق يىللاردا ئىلى خەلقىنىڭ ماڭا قىلغان غەمخورلۇقى ۋە تەسەللىسىنى مەڭگۈ ئۇنتۇمايمەن، دېدى. غۇلجا شەھىرىدىكى داڭلىق ئۇسسۇلچىلار بىزنى ئۇسسۇلغا تارتتى. بىز گويا يېڭىۋاشتىن ياشلىق يىللىرىمىزغا قايتقاندەك بولۇپ قالدۇق.

ئۈرۈمچىدە توختاپ پەقەت يېرىم كۈنلا ۋاقىت قالغان ئىدى. ئۈرۈمچىدە ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتىدىكىلەر ئالدىمىزغا چىقىپ كۈتۈۋالدى. ئەپسۇس، نۇرغۇن دوست - بۇرادەرلەر بىلەن كۆرۈشەلمەي قالدۇق. بىزنى بىئارام قىلغىنى، كونا دوستىمىز لويىۋچېڭ بىلەن دۇ شىڭفۇلار كەچتە ياتاققا بىزنى يوقلاپ كەلگەندە بىز يوق بولۇپ قېلىپ كۆرۈشەلمەي قالدۇق. ئەتىسى ئەتىگەندە لويىۋچېڭنىڭ ئۆز قولى بىلەن تىكىپ ئەكەلگەن گۈللۈك شۆپكىنى كۆردۇق. بۇنداق كۆڭۈل دېگەن بەك ئاز تېپىلىدۇ - دە!

بۈگۈن ئۈرۈمچىنىڭ قىياپىتى باشقىچە تۇس ئاپتۇ. ماشىنا بىزنى مەن ئىلگىرى سەككىز يىل تۇرغان كونا تونۇش جاي ئىتتىپاق يولىغا ئېلىپ كەلگەندە پەقەت تونۇيالماي قالدىم. ئۆتۈشمە كۆۋرۈكلەر قۇرۇلۇپ، يوللار كېڭىيىپتۇ. ئۇنىڭ يېنىدا خەلقئارا سودا بازىرى قەد كۆتۈرۈپتۇ. مىللىي ئۇسلۇبتا سېلىنغان بۇ قۇرۇلۇش ئالاھىدە جۇلالىنىپ تۇراتتى. ھەر خىل شەكىل، ھەر خىل پاسوندىكى تاۋارلار كۆزلىرىمىزنى ئالا - چەكمەن قىلىۋەتتى.

مەن كىچىك دوستلارغا بېرىدىغانغا خېلى بېزەكلىك سائەتلەرنى سېتىۋالدىم. يېنىمدىكىلەر مېنى ئېلىپ - ساتار ئوخشايدۇ دەپ قالدى (ئەمەلىيەتتە مەندىمۇ شۇنداقراق ئوي بار ئىدى، مەن، بۇ يەردىكى تاۋارلار بەك ئەرزان كەن، كېچىلىكى تىجارەت قىلسا ئاز - تولا تاپاۋەت قىلغىلى بولىدىكەن، دەپ قارىدىم). بۇرۇنقى لاي سۇۋاقلىق تاملارنى كۆرگىلى بولمايتتى. يولنىڭ ئىككى تەرىپىدە ئاسمانپەلەك قۇرۇلۇشلار قەد كۆتۈرۈپتۇ. ئەگەر يولدىن يەنە سەل ئازغان بولساق شياڭگاڭغا كەپ قاپتۇق دەپ ئويلىغان بولاتتۇق.

ۋاقتىنىڭ شۇنچە قىسلىقىغا قارىماي، ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ رەھبەرلىرى بىزنى دۆڭ كۆۋرۈك بازىرىنىڭ يېنىدىكى بىر مىللىي رېستورانغا تاماققا ئورۇنلاشتۇردى.

بىزگە تونۇش بولسىمۇ ئەمما كۆرمىگىلى ئۇزاق يىل بولغان ھەر خىل مىللىي تائاملار بىلەن غىزالاندۇق. لەگەندىكى چىرايلىق، قىزىرىپ پىشقان نانلارنى كۆرۈپ ھەيران قالدۇق. بۇلارنىڭ ھەممىسى بىزگە شۇنچە تونۇش ۋە مېھرلىك بولۇپ، خۇددى بىز ئەزەلدىن بۇ تۇپراقتىن ئايرىلىپ باقمىغاندەك تۇيغۇ بېرەتتى.

شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئايروپىلان شوتىسىغا قەدەم ئېلىشىمىز بىلەن تەڭ شىنجاڭلىق دوست - بۇرادەرلەرنىڭ ياخشى تىلەك - ئارزۇلىرى قۇلاق تۈۋىمىزدە جاراڭلىغاندەك بولۇپ كەتتى. بىزنى كەچۈرگەيسىلەر، ھەممىڭلارنى يوقلىيالمىدۇق، بىز يەنە كېلىمىز، چوقۇم يەنە كېلىمىز!

(ئىلاۋە: بۇ ماقالىنىڭ ئاپتورى ۋاڭ مېڭنىڭ ئايالى بولىدۇ)

**شۆھرەت مۇھەممەدى تەرجىمىسى**
(ش ئۇ ئا ر تەپتىش مەھكىمىسى)

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



# چۆچەكلەردىكى دىۋە ئوبرازى كىم؟

ياسىن مۇھەممەدنىياز تېكە، داۋۇتجان ساماق

## 1. دىۋە سۆزى توغرىسىدا

تۇرلۇك لۇغەت ۋە تەتقىقات نەتىجىلىرىدە دىۋە ئۇيغۇر تىلىغا پارسچىدىن كەلگەن سۆز① دەپ قارىلىدۇ. بۇ سۆزنىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىستېمال مەنىسى «چۆچەك ۋە رىۋايەتلەردە تەسۋىرلىنىدىغان ناھايىتى زور كۈچ ـ قۇدرەتكە ئىگە بولغان غەيرىي تەبىئەتلىك مەخلۇق» دېگەنلىكتۇر. پارسچىدا بۇ سۆز «دىۋ (deev)» دەپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. مەنىسى ئۇيغۇر تىلىغا قارىغاندا بىر قەدەر كەڭ بولۇپ يەنە جىن، ئالۋاستى دېگەنلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ ②. تۈركىيىلىك گۈنئاي قارا ئاغاچ (Gunaykaa ac) ئاپتورلۇقىدىكى «تۈركچە ئۆتمە سۆزلەر لۇغىتى» (turkce verintiler sozlugu) دە مۇنداق خاتىرىلەنگەن: «دەۋ (dew) 1 ـ چۆچەكلەردىكى قورقۇنچلۇق بەھەيۋەت ۋە پەۋقۇلئاددە كۈچلۈك ئوبرازلارنى كۆرسىتىدۇ؛ 2 ـ پەۋقۇلئاددە چوڭ مەخلۇقلارنى كۆرسىتىدۇ؛ 3 ـ ناھايىتى يوغان ۋە زور دېگەن مەنىدە كېلىدۇ. رۇس تىلىدا (diw) دېيىلىدۇ، دىۋە، جىن دېگەنلىك بولىدۇ. بولغارچىدا (dew) دېيىلىدۇ. دىۋە دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. بولغارچىدا يەنە (szmudw, orskdv) دېگەندەك سۆزلەرمۇ بولۇپ بۇلارنىڭ مەنىسى (يامان نىيەتلىك ـ ئا) پەرىشتە، جىن دېگەن مەنىدە ئىشلىتىلىدۇ. سېرب ـ خىرۋاتچىدا (diw)، ئەپسانىۋى مەخلۇق، كۈچلۈك ۋە پەۋقۇلئاددە مەخلۇق دېگەن مەنىدە. ئالبانچىدا (div,dif) دېيىلىدۇ. مەنىسى ئىنساندىن ئۇستۇن تۇرىدىغان مەخلۇق، دىۋە، بەھەيۋەت، يوغان دېگەن مەنىدە كېلىدۇ. ۋېنگىر تىلىدا (dv)دېيىلىدۇ. دىۋە دېگەن مەنىدە»③. بۇ سۆز يەنە ئىنگلىز تىلىدا «دەۋىل (devil) دەپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. ئىنگلىز تىلىدىكى بۇ سۆزنىڭ ئېتمولوگىيىسى ھەققىدە بەزى تەتقىقاتچىلار ئۇ گىرېكچىدىكى ‹دايئابولس› (diabolos) دېگەن سۆزدىن كەلگەن بولۇپ، مەنىسى زوراۋان، جازالىغۇچى دېگەنلىك»④ دەپ قارىسا، بەزى تەتقىقات مەنبەلىرىدە «(devil) دېگەن بۇ سۆز قەدىمكى ئىنگلىز تىلىدىكى (deofol) دېگەن سۆزدىن كەلگەن، ‹يامان روھ› دېگەن مەنىدە» دەپ كۆرسىتىلگەن⑤. بۇ سۆزنىڭ «مېڭىبىر

كىچە» چۆچەكلىرىدە ناھايىتى كۆپ ئۇچرايدىغانلىقى بىزگە ھىندى تىلىدىكى مەنىسىنى ئىزدەش لازىملىقىنى ئۇقتۇرىدۇ. «تومپسون چۆچەكلەردىكى (devil) (دىۋە)، (demon) (ئالۋاستى)، (giant) (گىگانت ئادەم) قاتارلىق ئاتالغۇلارنىڭ بىر ـ بىرسىگە ئارىلىشىپ كېتىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ»⑥. يۇقىرىقىلاردىن كۆرۈۋشكە بولىدۇكى، دىۋە ئالتاي مەدەنىيەت چەمبىرىكىگىلا ئەمەس، بەلكى پۈتكۈل دۇنيا مەدەنىيەت تۈپرىقىغا ئورتاق بىر مەدەنىيەت ھادىسىسىدۇر. گەپنىڭ نېگىزىگە كەلسەك، ئۇشبۇ ئابزاسنىڭ بېشىدا دېيىلگەن (مۇتەخەسسىسلىرىمىز ئوتتۇرىغا قويغان)، «‹دىۋە› دېگەن سۆز پارسچىدىن كىرگەن» دېگەن ھۆكۈم ھەققىدە قايتا ئويلىنىپ بېقىشقا توغرا كېلىدۇ. يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان «تۈركچە ئۆتمە سۆزلەر لۇغىتى» (turkce verintilersozlugu) نىڭ كىرىش سۆز قىسمىدا ئاپتور ئەسكەرتىپ مۇنداق دەيدۇ: «قولىمىزدىكى ‹تۈركچە ئۆتمە سۆزلەر لۇغىتى› تۈركىي تىلدىن باشقا تىللارغا ئۆتكەن، شۇنداقلا بۇ تىلدا مەنە بېرىكتۈرگەندىن كېيىن ئەسلىي تىلدا ئۆزلەشكەن سۆزلەملەردىن تەركىب تاپقان»⑦. ئاپتور مەزكۇر لۇغەتتىكى «دىۋە» سۆزىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق سۆزلەرنى تۈركىي تىللىرىغا تەۋە دېمەكچى. ئەمما ئاپتور بۇ سۆزلەرنىڭ ئېتىمولوگىيىسى ھەققىدە تەپسىلىي توختالمىغاچقا، دادىللىق بىلەن «دىۋە» سۆزى تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنىڭ ئەسلىي سۆزى دەپ كېسىپ ئېيتىشقا ئاجىزمىز. شۇنداق بولسىمۇ «دىۋە» دېگەن سۆزنىڭ يامانلىق قىلغۇچى، قورقۇنچلۇق مەخلۇق، بەھەيۋەت، جازالىغۇچى، زوراۋانلىق قىلغۇچى، زوراۋان، قورقۇنچلۇق دېگەن ئاساسىي مەنىسى ئېنىق بولدى.

قىرغىزلارنىڭ مەشھۇر ئېپوسى «ماناس»تا مۇنداق بايانلار ئۇچرايدۇ: «پالتا بىلەن جامغىرچى ئىنتايىن باتۇر، بەستلىك كىشىلەردىن بولغانلىقتىن ‹دۆۋ› دەپ ئاتالدى. بۇ ئىككىسىنىڭ چاتاق چىقىرىشىدىن قورققان ئالۇكە پالتا دۆۋنى ئالتاينىڭ ئاقجامبىل دېگەن جايغا كۆچۈرۈپ، نۇيغۇت دېگەن موڭغۇلغا قوشنا قىلدى» ⑧. ماناسنىڭ بۇ نۇسخىسىدا «دۆۋ» دېگەن سۆزگە ئىزاھات بېرىپ مۇنداق دېيىلگەن: ‹دۆۋ› دىۋە سۆزىنىڭ قىرغىز تىلىدا تەلەپپۇز قىلىنىشى. دىۋە ـــ چۆچەك، ئەپسانىلەردە ئېيتىلغان ئىنتايىن چوڭ، چەكسىز كۈچ قۇدرەتكە تولغان، ھېچكىم يېڭەلمەيدىغان بىر خىل مەخلۇق. بەستلىك، كۈچلۈك، باتۇر كىشىلەر دىۋىگە ئوخشىتىلىپ، ‹دۆۋ› دەپ ئاتالغان»⑨. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان «دۆۋ» سۆزىگە ماس كېلىدىغان شەكىلداش سۆزدىن «دۆ» سۆزى ساقلانغان. «دۆ» ئاۋام تىلىدا ئۈمۈچۈكنىڭ قورقۇنچلۇق ۋە زەھەرلىك تۈرلىرىگە قارىتىلىدۇ. «ماناس داستانى»دا كۈچلۈك ئادەمنى «دەۋ» دېگىنىدەك، خوتەن خەلق ئاغزىدا «دۆدەك قورقۇنچلۇق»، «دۆدەك سەت»، «دۆكۆز» «دۆيۈز» (دەھيۈز ئەمەس) دېگەندەك تۇراقلىق ئوخشىتىش ئىبارىسى ساقلىنىپ قالغان. بۇ جايدا «دۆ» سۆزى ئۈمۈچۈك دېگەن ئەسلىي مەنىسىگە قارىغاندا، قورقۇنچلۇق دېگەن مەنىگە كۆپرەك مايىل بولۇپ دىۋە سۆزىنىڭ ئاساسىي مەنىسى بىلەن بىردەك. بىزدە «دۆنى ئۆلتۈرسە يامان بولىدۇ، دۆ چېقىۋالسا كىشى ئۆلۈپ قالىدۇ، دۆ كىشىنىڭ كۆزىگە سىيىپ قويسا، كۆزى قارىغۇ بولۇپ قالىدۇ» دەيدىغان قورقۇم سۆزلىرى (تابۇ) مەۋجۇت. بۇ يەردە «دۆ» كىشىنى شۈركۈندۈرىدىغان مەنىگە ئىگە. خەلق چۆچىكى «بىر پەرىزاتنىڭ سۈرىتى»دە دىۋىنىڭ (باشقا چۆچەكلەردىكى) خۇسۇسىيىتى دۆگە يۈكلەنگەن بولۇپ مۇنداق بايان قىلىنغان: «... جادۇگەر شاھزادىنىڭ كەلگەنلىكىنى بىلىپ، دەرۋازىنىڭ ئاستى ـ ئۈستى ۋە تۆت ئەتراپىغا دەرھال سېھىر بىلەن بىر قەۋەت ئۈمۈچۈك تورى باغلاپتۇ. تورنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىغا يوغان بىر دۆ پەيدا قىپتۇ. شاھزادە دەرۋازىنىڭ ئالدىغا قىلىچىنى چىقىرىپ ‹يا ھاياتەننەبى› دەپ بىر چاپقانىكەن، تورلاردىن ئوت چاقناپ ئۈزۈلۈپ چۈشۈپتۇ، لېكىن دۆ ئۆلمەپتۇ. ئۇ پۈتۈن كۈچى بىلەن شاھزادىنى دەم تارتىپتۇ. شاھزادە چەبدەسلىك بىلەن دۆگە بىر قىلىچ ئۇرغان ئىكەن، دۆ بىر يۇمىلىنىپ قېرى مومايغا ئايلىنىۋاپتۇ»⑩. دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، دۆ قورقۇنچلۇقلا بولماستىن يەنە سېھرىي خۇسۇسىيەتكىمۇ ئىگە بولۇپ، جىسمىي جەھەتتىن ئادەمنى دەم تارتقىدەك دەرىجىدە مۇبالىغىلەشتۈرۈلگەن. دۆنىڭ قورقۇنچلۇق تەرىپى بايان قىلىنغانلىقى ھەققىدە پروفېسسور غەيرەتجان ئوسمان ئاپتورلۇقىدىكى «ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئەدەبىياتىدىن ئوچېركلار» ناملىق كىتابقا كىرگۈزۈلگەن «قاغىلىق مەلىكىسى» ھەققىدىكى رىۋايەت دىققەتكە سازاۋەردۇر. «قاغىلىق مەلىكىسى» تولىمۇ چىرايلىق ئىكەن. پادىشاھ قىزىدىن ئەنسىرەپ، قىياغا تاش كىمىر ياسىتىپ، قىزنى پىنھان تۇتقانىكەن. كۈنلەرنىڭ بىر كۈنىدە مەلىكە ئۈزۈم يېمەكچى بولغاندا ئۈزۈمنىڭ ساپىقىدىن چىققان دۆ قىزنى چېقىپ ئۆلتۈرگەنىكەن. شۇنىڭدىن كېيىن پادىشاھ بۇ ئىشتىن

www.uyghurkitap.com



تولىمۇ قايغۇرغان پېتى ئالەمدىن ئۆتكەنىكەن»⑪. دۆ ھەققىدە يەنە خەلق ئارىسىدا «دۆ بىلەن ھۆ» نامىدىكى بىر چۆچەك ساقلانغان بولۇپ، دۆ كىشى ئىسمى قىلىپ قوللىنىلغان.

يۇقىرىدا دېگەنلىرىمىزدىن «دىۋە» دېگەن سۆز بىلەن «دۆ» دېگەن سۆز ئارىسىدا بىر-بىر ئېتىمولوگىيىلىك مۇناسىۋەت بارمۇ قانداق دېگەن گۇمان كېلىپ چىقىدۇ. ئېھتىمال تىل تەرەققىياتىنىڭ مۇساپىلىرىدە «دۆ» سۆزى ئەسلىي قەدىمكى تۈركىي تىللىق مىللەتلەردە بولۇشى، كېيىن پارسلارغا ئۆزلىشىپ ئارقىدىن يەنە پارسلاردىن ئۇيغۇرلارغا كىرگەن بولۇشى مۇمكىن. دەرۋەقە «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا «دىۋە» سۆزى ئۇچرىمايدۇ. بىز «تۈركىي تىللار دىۋانى»دىن «دىۋە» سۆزىنى ئىزدەشتىن كۆرە «ئۈمۈچۈك»كە ماس كېلىدىغان سۆزلەرنى ئىزدەشكە كۆپرەك ئەھمىيەت بەردۇق. نەتىجە مۇنداق: ئا، «بۆي. بۆ ياكى دۆ. ئۆمۈچۈكنىڭ بىر تۈرى. بۇ سۆز ‹بۆگ› دەپمۇ ئېيتىلىدۇ. توغرىسى مۇشۇ»⑫. ب، «بى، دۆ ياكى بۆ. ‹بۆي›مۇ دېيىلىدۇ. ئوغۇزچە»⑬. دىۋاننىڭ تۈركىي تىللار دىۋانىدا «بۆي»، «بۆ» دەپ ئاتىلىشى بىلەن بۆبۆش ھەققىدىكى تەتقىقات ئەسەرلىرىگىمۇ دىققەتنى ئاغدۇرۇش كېرەك. ئەسئەت سۇلايمان «ئالتاي مەدەنىيىتى چەمبىرىكىدە يالماۋۇز ئوبرازى» ناملىق ماقالىدە مۇنداق بىر نەقىل كەلتۈرگەن: «ۋېنگىرىيە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدا بىزنىڭ دىققىتىمىز تازا چۈشۈپ كەتمىگەن غەيرىي مەخلۇقات تىپىدىكى بىر خىل يالماۋۇز ئوبرازى بار... ئادەتتە كىچىك باللارنى قورقۇتۇش ئۈچۈن ئۇنىڭ نامى زىكرى قىلىنىدۇ. ۋېنگىرىيە يېزا - قىشلاقلىرىدا بۈگۈنگە قەدەر بۇ خىل تىل ئادىتى ساقلانغان بولۇپ، كىچىك باللار گەپ ئاڭلىماي، قارغىشلىق قىلغاندا ئانىلار دائىم: ‹شۈك بول، بولمىسا مومۇس سېنى ئېلىپ كېتىدۇ!...› دەپ قورقۇتىدۇ. بۇ سۆزنىڭ بوبۇس دېگەن شەكلىمۇ ئۇچرايدۇ»⑭. ئەلۋەتتە ئۇيغۇر خەلق ئارىسىدىمۇ ھازىرغا قەدەر كىچىك باللارنى قورقۇتۇش ئۈچۈن «بۆ بۆ كەلدى»، «بۆبۆش كەلدى» دەيدىغانلىقى ئېنىق. بەزىدە قىسقارتىلىپ «بۆ!!!» دەپ قورقۇتىدىغان ئەھۋالمۇ بار. بۇ بىزگە «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا تىلغا ئېلىنغان «بۆي»، «بۆ» سۆزلىرى بىلەن «دۆ» ياكى «دۆۋ» دېگەن سۆزلىرى ئوتتۇرىسىدا فونېتىكىلىق ئۆزگىرىش مەيدانغا كەلگەن بولۇشى مۇمكىن دېگەن شەكنى تەمىن ئېتىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە دىۋاندا «بۆي. بۆ ياكى دۆ» دەپ ئېنىق ئوتتۇرىغا قويغان ھەمدە ئوغۇزچە دەپ ئەسكەرتكەن. «بۆ» بىلەن «دۆ»نىڭ بوغۇم سانى «دىۋە»نىڭكىدىن پەرق قىلسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ سۈپەت شەكلى يەنى، قورقۇنچلۇق دېگەن ئورتاق تۈس مەنىسى بىر - بىرىگە ماس كېلىدۇ. ئەسلىي «بۆ» ياكى «دۆ» دېگەن سۆزنىڭ قورقۇنچلۇق دېگەن مەنىسى بار بولۇپ، كىشىلەر قورقۇنچلۇق نەرسىلەرنى سۈپەتلەشتە بۇ سۆزنى قوللانغان. نەتىجىدە «دۆدەك، دۆگە ئوخشاش، دۆكۈز، دۆيۈز» دېگەندەك ئوخشىتىشلار ساقلانغان. تىل تەرەققىياتىنىڭ مەلۇم مەزگىلىدە سۈپەتنى بىلدۈرىدىغان بۇ سۆز كېيىنچە قورقۇنچلۇق مەخلۇق «دىۋە»نى ئىپادىلەيدىغان ئىسىمغا ئايلانغان، دەرۋەقە تىلىمىزدا ئەسلىي سۈپەتلىك مەنىسىنى ئىپادىلەپ كېيىنچە ئىسىمغا ئايلىنىپ كەتكەن سۆزلەر بار، ئەلۋەتتە بۇ ھەقتە يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىلمىي ئەمگەكلەرنى قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

ئەمدى بىز «دىۋە» سۆزىنىڭ يامانلىق قىلغۇچى، قورقۇنچلۇق مەخلۇق، بەھەيۋەت، جازالىغۇچى، زوراۋانلىق قىلغۇچى، زوراۋان، قورقۇنچلۇق دېگەن ھۆل مەنىسى ئاساسىدا خەلق چۆچەكلىرىدىكى دىۋە ئوبرازىنى تەتقىق قىلىپ باقايلى:

## 2. دىۋىنىڭ سۈپىتى ۋە كۆپ قىرلىق خاراكتېرى

«بۇلبۇلگويا»، «ھىيلە - مىكىر»، «ھۇرۇنلۇقتىن شاھلىققىچە»، «شاھزادىنىڭ ئاجايىپ سەرگۈزەشتىسى»، «شاھزادە ھەسەن»، «قەھرىماننىڭ ھېكايىسى»، «ئوقۇش ئۈچۈن»، «سالىق باي»، «شاھزادە بىلەن مەلىكە»، «ۋەيلۇن دوزاخنىڭ تۈۋرۈكى» قاتارلىق بىر قاتار چۆچەكلەردە دىۋە ئوبرازى بار. ھەتتا شۇنداق دېيىشكىمۇ بولىدۇكى، ئىشقى مۇھەببەت بايان قىلىنغان سېھرىي چۆچەكلەردە دىۋە ئوبرازى مەيدانغا چىقماي مۇمكىن ئەمەس. دىۋىنىڭ ھەرقايسى چۆچەكلەردىكى تەسۋىرى ئاساسەن ئوخشاشلىققا ئىگە. «ۋەلى باپكار» ناملىق چۆچەكتە دىۋە مۇنداق تەسۋىرلىنىدۇ: «كىم سەن؟ - دەپ سوراپتۇ بويى ئاسمانغا تاقاشقىدەك ئېگىز، بېشى گۈمبەزدەك، كۆزى داشقازاندەك يوغان،

ئۈستى كالپۇكى بولۇتقا، تېگى كالپۇكى يەرگە تېگىپ تۇرىدىغان، يۈزى مورىدەك قاپقارا بىر دىۋە»[15]. «ۋەيلۇن دوزاخنىڭ تۈۋرۈكى» دېگەن چۆچەكتىكى دىۋە تەسۋىرىمۇ ئوخشاش تۈستە بولۇپ، «بېشى قېتىپ، نېمە قىلىشنى بىلەلمەگەن بۇ بالا بىر چۆلدە كېتىپ بارسا، ئېگىزلىكى ئون غۇلاچ، كەڭلىكى بەش غۇلاچ، قەۋەتمۇ يوغان بىر دىۋىنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ. قارىسا دىۋە خۇشال كېلىۋاتقان. كۈلگەندە بىر كالپۇكى ئاسماندا، بىر كالپۇكى يەردە سۆرۈلۈپ ماڭىدىكەن. قورققىنىدىن نېمە قىلىشنى بىلمىگەن بالا دىۋىنىڭ ئالدىغا كۈلۈپ بېرىپتۇ»[16] دەپ تەسۋىرلەنگەن. بۇ جايدا قورقۇنچلۇق مەخلۇق دىۋە ئاق كۆڭۈل ئادەملەرنىڭ قارشىسىغا قويۇلغان. دىۋىنىڭ بۇ خىل كۆرۈنۈشى يەنە باشقا مىللەتلەرنىڭ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىمۇ ئوخشاشلا مەۋجۇت. ئەرەب خەلق چۆچىكىدە دىۋە بىلەن جىن بىر ـ بىرسىگە ئارىلىشىپ كەتكەن بولۇپ مۇنداق تەسۋىرلەنگەن: «ئالاۋىدىنىنىڭ ئانىسى قولىغا قۇم ئېلىپ چىراغنى تازىلىماستىنلا بىردىن ئاسماندىن چۈشتىمۇ، يەردىن چىقتىمۇ، ئىشقىلىپ ئالدىدا ھەيۋەتلىك، كۆرگەن ئادەمنى تەمتىرىتىپ قويىدىغاندەك دەرىجىدە دەھشەتلىك، قاپىقىدىن قار ياغىدىغان، گەۋدىسىگە يۈزى تەتۈر چاپلاشقان بىر جىن پەيدا بولۇپتۇ»[17]. «مىڭبىر كېچە» ھېكايەتلىرىدىمۇ دىۋىنىڭ مۇشۇ خىلدىكى تەسۋىرلىرى ئۇچرايدۇ. دېمەك دىۋىلەر ئېغىزلىرىدىن ئوت پۈركۈيدۇ، بىر ئۇخلىغانچە 40 كېچە ـ كۈندۈز ئۇخلايدۇ، بەزىلىرىنىڭ يەتتە، بەزىلىرىنىڭ ئۈچ بېشى بولىدۇ. مەسىلەن، «شاھزادە ھەسەن» چۆچىكى.

دىۋە تەسۋىرىدىكى دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك يەنە بىر تەرەپ دىۋىلەرنىڭ ھايۋانلارغا مايىل تەرىپى، بەزى چۆچەكلەردە دىۋە ھەممە يېرى تۈك باسقان ھالدا تەسۋىرلىنىدۇ. ئۇنىڭ ھايۋانلارغا يېقىن تەسۋىرىنىڭ ئەڭ پاكىتلىق يېرى دىۋىلەرنىڭ رەڭگى. «ۋەلى باپكار» چۆچىكىگە قارايلى: «گۆش بولمىسا ئېغىلدىكى دىۋىدىن بىرنى سويۇڭلار، ـ دەپ كۆز قىسىپتۇ ۋەلى باپكار خوتۇنىغا.» «قارىسى بوغاز، ئالىسى قېرى، ئېقى ئورۇق، تاغىلى كېسەل، سېرىقىنى سويساقمىكىن، دەپتۇ خوتۇنى»[18]. مەلۇمكى قارا بىلەن سېرىق رېڭى كىشى تېرىسىنىڭ رەڭگىنى بىلدۈرسىمۇ ئەمما، ئالا (قىزىل)، تاغىل قاتارلىقلار ھايۋاناتلارنىڭ رەڭگى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. بولۇپمۇ «بوغاز بولماق» سۆزى پەقەت ھايۋاناتقىلا خاس سۆزدۇر. ئۆزبېك خەلق چۆچىكى «سەيىد باتۇر»دىمۇ قارا دىۋە بىلەن قىزىل دىۋە تىلغا ئېلىنىدۇ، بۇ دىۋە ئوبرازىنىڭ ھايۋانلارنى توتېم قىلغان دەۋر بىلەن مەلۇم مۇناسىۋىتى بارمۇ يوق دېگەن ئىلمىي سوئالنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

## 3. دىۋىنىڭ مەۋجۇتلۇق شارائىتى

### جۇغراپىيىلىك ماكانى

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىدە دىۋە كۆپىنچە ئادەملەردىن ئايرىلغان يىراق جايدا ــ چۆللەرنىڭ ئۇ يېقىدا، تاغنىڭ باغرىدا ياشايدۇ. ئۇلار تۇرغان جايلار كوھقاپ دەپ تەسۋىرلەنگەن بولسا بەزىدە قەسىر، ئىمارەت دەپ تەسۋىرلىنىدۇ. كوھقاپنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بۇ جايلارنىڭ ھەممىسى بارلىق سېھىرلەر يىغىلغان تىلسىم ماكاندۇر. ئادەتتىكى ئادەملەرنىڭ جۈملىدىن خەلقنىڭ قارشىسىغا قويۇلغان بۇ ئوبراز ياشايدىغان جايلار يەنە ئاجايىپ گۈزەل باغ ھالىتىدىمۇ بايان قىلىنىدۇ. دىۋىلەر ماكانى گۈللەرگە پۈركەنگەن باغلارغا باغلىنىشلىق بولىدۇ، يەنە ئۇ باغنىڭ ئىچىدە بولاپ كېلىنگەن گۈزەل بىر قىزمۇ بولغان بولىدۇ. «بىر پەرىزاتنىڭ سۈرىتى» ناملىق چۆچەكتە مۇنداق بايان قىلىنغان: «ئوغلۇم كۈن يۈرۈش تەرەپكە ماڭغىن. ئون كۈن يۈرگەندىن كېيىن بىر ئىمارەت كۆرۈنىدۇ. ئۇ دىۋىلەرنىڭ ماكانى، دەرۋازىدىن كىرىپ ئوڭ تەرەپكە قارىساڭ بىر ئۆي بار، ئاشۇ ئۆيدە بىر خاسىيەتلىك قارا ئارغىماق بار... تېز بېرىپ ئاشۇ قارا ئارغىماقنى قولغا چۈشەر، ئۇ سېنى قىزغا يەتكۈزىدۇ»[19]. «خالبانۇم» چۆچىكىدە مۇنداق دېيىلگەن: «مۇشۇ يولدىن ئۆتۈپ مېڭىۋەرسەڭ، جاڭگالدىن ئۆتۈپ دەريانى كېچىسەن. ئاندىن چۆللەرنى بېسىپ، تاغلاردىن ئېشىپ غارلارغا كىرىسەن. مانا شۇ يەردىكى غارنىڭ ئاغزىدا يوغان بىر تاش بار، ئۇنى ئىتتىرسەڭ ئاستىدىن ئۆڭكۈر كۆرۈنىدۇ. ئۇنىڭغا چۈشسەن، دىۋىلەرنىڭ ئۇۋىسىغا بارىسەن، ئۇنىڭدىن ئۆتسەڭ يىلانلارنىڭ ئۇۋىسىغا بارىسەن، ئاندىن ئېيىق، بۆرىلەر يولۇقىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسىنى يېڭىپ چىقساڭ، ئۆزۈڭنى بىر باراقسان چوققىدا كۆرىسەن. ئۇ يەردىن ئاسما

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



تاشقا ئېتىڭنى باغلاپ، يىقىلغان قارىغاينى كۆۋرۈك قىلىپ ھاڭدىن ئۆتسەڭ بىر گۆركىرەتمە كۆرۈنىدۇ. مانا شۇ گۆركە-رەتمىنىڭ تېگىدە بىر ئىشىك بار. شۇ ئىشىكتىن كىرسەڭ چىرايلىق سارايى ئىچىدىكى زىننەتلىك ئەسۋابلار كۆزلىرىڭنى چېقىپ تۇرىدۇ. تازا قادىلىپ قارىساڭ، مەشۇقۇڭ خالبانۇمنىڭ بىھوش بولۇپ، مەرۋايىت تاش ئۈستىدە ياتقانلىقىنى كۆرىسەن»⑳. ئۆزبېك خەلق چۆچىكى «سەيىد باتۇر»دا دىۋىلەرنىڭ ماكانى ئاجايىپ چىرايلىق تەسۋىرلەنگەن: «سەيىد باتۇر... دوبىيىسنى كىيىپ قەسىرنىڭ ئىچىگە كىرىپتۇ. يىگىت بىر كۆۋرۈككە روبىرو چىقىپتۇ. كۆۋرۈكنىڭ ئىككى تەرىپىدە دەرەخلەر ئۆسكەن، دەرەخلەردە بۇلبۇللار سايرىشىپ تۇرغانمىش. سەيىد باتۇر كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپ چوڭ قەسىرنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئاستا ئىشىكنى ئېچىپ ئىچكىرىگە كىرىپتۇ. ئۇ يەردە گۈزەل ئۆيلەرنى كۆرۈپ ھاڭ-تاڭ قاپتۇ. شۇ پەيتتە بىر قىز ئۆيدىن چىقىپ، ئىككىنچى ئۆيگە كىرىپتۇ. بۇ ئۆيدىكى ماھۇق كۆرپە ئۈستىدە مەلىكە گۈ-لەندەم يىغلاپ ئولتۇرغانىكەن»㉑. دىۋىلەرنىڭ گۈزەل باغلاردىكى قىزلار بىلەن باغلىنىشلىقى ھەققىدە كلاسسىك شائى-رىمىز ئەرشى مۇنداق يازغان: «كىم ئۇل پەرىسىز قىلغۇسىدۇر دىۋە تەسەۋۋۇر، ئەرشكى ئانىڭ بولسەچۇ ھەمخانە پەرىزات» ㉒. بەزى چۆچەكلەردە دىۋە قىزنى بۇلاپ كەتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ يېنىغا بارىدىغان يولنى قۇدۇق ئاستىغا ئورۇنلاشتۇرىدۇ. بۇنداق ئورۇنلاشتۇرۇش «بوۋاي ۋە ئۇنىڭ ئوغلى» ناملىق چۆچەكتە ئۇچرايدۇ. مىساللاردىن مە-لۇمكى، دىۋىنىڭ خۇسۇسىيىتى ئۇنىڭ ياشايدىغان ئورنى بىلەن ئىنتايىن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئۇ كىشىلەرگە يامانلىق ياغدىغان ماكاندۇر، دىۋە بۇ ئورۇنلارغا ھەمىشە گۈزەل قىزلارنى بەند قىلىپ قويىدۇ ۋە شۇ ئارقىلىق باش قەھرىماننى زىددىيەت ئىچىگە باشلاپ كىرىدۇ.

### دىۋىنىڭ چۆچەك سۇژىتىدىكى ئورنى

دىۋە چۆچەك زىددىيىتىنىڭ مەركەزلىك قىسمىغا قويۇلغان بولۇپ، دىۋىنى بويسۇندۇرۇش ئارقىلىق باش قەھرى-مانىنىڭ قايىل قىلىش كۈچى ئاشۇرۇلىدۇ، چۆچەكلەردە ئادەتتە دىۋىنىڭ تۆۋەندىكى ۋەقەلىكلىرى ئارقىلىق سۇژىت را-ۋاجلاندۇرۇلىدۇ.

(1) گۈزەل قىزنى ئېلىپ قاچىدۇ.

پادىشاھنىڭ ئاجايىپ گۈزەل بىر قىزى بولىدۇ، دىۋە شۇ قىزنى تۇيۇقسىز ئېلىپ قاچىدۇ. پادىشاھ ئىزتىراپقا چۈ-كىدۇ. باش قەھرىمان يىگىت قىزنى تېپىپ كېلەلەيدىغانلىقىنى ئېيتىپ، پادىشاھتىن ۋەدە ئالىدۇ، خىزىر، سۇمۇرغ قاتار-لىقلارنىڭ ياردىمى بىلەن ئاخىر نۇرغۇن تىلسىملارنى يېشىپ دىۋە ماكانىغا بارىدۇ، دىۋە بىلەن ئېلىشىدۇ. قىزنىڭ دىۋى-نى ئېزىقتۇرۇشىدىن پايدىلىنىپ، دىۋىنىڭ جېنى بار جايىنى تېپىپ دىۋە ئۈستىدىن غالىب كېلىدۇ.

(2) دىۋە قىزنى ساقلايدۇ.

بۇ خىلدىكى چۆچەكلەردە دىۋە ئەسەر سۇژىتىنىڭ مەركىزىي قىسمىغا قويۇلمىغان. باش قەھرىمان باشقا بىر سەۋەب تۈپەيلىدىن (مەسىلەن، بىرەر خاسىيەتلىك قۇشنى، خاسىيەتلىك ئالمىنى ئىزدەپ دېگەندەك) دىۋىلەر ماكانىغا بېرىپ قالىدۇ. دىۋە ئۇخلاپ ياتقان پەيتتىن پايدىلىنىپ ئۇنى ئۆلتۈرۈپ قىزغىمۇ، خاسىيەتلىك نەرسىگىمۇ ئېرىشىدۇ.

(3) دىۋە بىلەن ئەقىل سىنىشىش.

بۇنىڭدا ئادەملەر تۇيۇقسىز دىۋىگە ئۇچرىشىپ قالىدۇ، ئەمما «قىلچىمۇ ھودۇقماستىن دىۋىنى باپلايدۇ» ۋە ئۇ-نىڭدىن نۇرغۇن مال ـ دۇنيا ئۇندۇرۇۋالىدۇ.

بۇلارنىڭ ئىچىدە بىرىنچى ۋە ئىككىنچى خىلدىكىلىرى كۆپرەك بولۇپ، دىۋىنىڭ ئاساسىي خاراكتېرىنى يورۇتۇپ بېرىدۇ، ئۈچىنچىسى جىق ئۇچرىمايدۇ.

## 4. دىۋە ئوبرازىنىڭ تارىخى ۋە ئىجتىمائىي مەنبەسى

دىۋە ئوبرازىدىكى چوڭقۇرلۇقنى مەنچە مۇنداق بىر قانچە تەرەپ ئارقىلىق چۈشىنىش مۇمكىن:

### دىۋىگە سىڭگەن ئىپتىدائىي ئېستېتىك ئاڭ

سېھىرلىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولغان دىۋە خۇددى ئەپسانىلەردىكى مەزمۇن ۋە ئوبرازلارغا ئوخشاش يوشۇرۇن

مەنگە ياكى سىمۋوللۇق تۈسكە ئىگە، شۇنداقلا ئۇنىڭ مەلۇم تارىخىلىقتا ئىگە بولۇشى شەكسىزدۇر (بىزچە دىۋىنىڭ
ئەپسانىۋى خۇسۇسىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكى ۋە ئۇنىڭ مەنبەسىنىڭ ئەپسانە بىلەن يىلتىزداش ئىكەنلىكىنى ئەسكەرتىشنىڭ
ھاجىتى يوق). ھازىرغىچە ئېلىپ بېرىلىۋاتقان تەتقىقاتلاردا «ئەدەبىيات ـ سەنئەتتىكى بارلىق ئوبرازلارنىڭ مەنبەسى
ئىجتىمائىي تۇرمۇش، شۇنىڭ ئۈچۈن ئەپسانە ـ رىۋايەتلەردىكى بارلىق ئوبرازلارنىڭ مەنبەسى تەبىئىكى ئىجتىمائىي
مەۋجۇدىيەت» دېگەن قاراشنى ئاساس قىلغان يىلتىزىنى ئىزدەش، سىمۋوللۇق يوپۇقنى ئېچىش خاراكتېرىدىكى تەتقىقات-
لار كەم ئىشلەندى. شۇڭا دىۋىنىڭ خاراكتېرىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشتىن ئىلگىرى چوقۇم ئۇنىڭ تەن ـ تۇرقى شەكلى
بىلەن ئىپتىدائىي جەمئىيەت كىشىلىرىنىڭ ئېستېتىك ئېڭى ئوتتۇرىسىدا مەلۇم باغلىنىشنىڭ بار ـ يوقلۇقىغا قاراپ بېقىش
لازىم دەپ قارايمىز. چۈنكى ئىپتىدائىي ئىنسانلار ئالدى بىلەن كۆز قاراشلىرىنى (جۈملىدىن ئېستېتىك چۈشەنچىلىرى-
نى) ئەپسانىۋى ئوبرازلارغا سىڭدۈرگەندىن كېيىن ئاندىن ئۇنى يەنە ئاشۇ ئوبرازلارنىڭ گەۋدىسى ئارقىلىق قايتۇرۇۋال-
غان ۋە ئۇنىڭ سېھرىلىك كۈچىگە ئىشىنىشكەن. بۇ ھەقتە ھېگېل «تارىخنىڭ ئىسپاتلىيالايدىغىنى پەقەت، كىشىلەر ئالدى
بىلەن ئۆزلىرىنىڭ ئاشۇ ئىدىيىلىرىنى ئەپسانىلەرگە يۈكلىدى ۋە كېيىنچە ئاشۇ ئەپسانىلەردىن قايتا تاپتى»㉓ دەيدۇ.
شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، دىۋىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان نۇرغۇنلىغان سېھرىلىك ئوبرازلارنى يارىتىشتا ئىپتىدائىي ئىنسان-
لار ھازىرقى ئىنسانلارغا ئوخشاش چوڭقۇر ئىدراكقا ئەمەس، بەلكى بىۋاسىتە سەزگۈسىگە تايانغان. «ئىپتىدائىي ئىنسان-
لار مەيلى قانداق بىر ئوبيېكتقا يولۇقسۇن ئۇ ئوبيېكت ئۆز گەۋدىسىدىن ئايرىلماس سېھرىي خاراكتېرگە ئىگە بولغان.
ھەرخىل ئوبيېكتلارنى پەرقلەندۈرگەندە، ئوبيېكت بىلەن سېھرىيلىكنى بىر ـ بىرىسىدىن ئايرىۋەتمىگەن»㉔. ئۇلار شەي-
ئىلەر ئارىسىدىكى سېھرىي شەيئىلەرگە ھۆكۈم قىلغاندا، تەن ئەزاسى جەھەتتىن ئۆزىگە ئوخشاش بولسىمۇ، ئەمما ئىقتى-
دار، قۇدرەت ۋە خاراكتېر جەھەتتىن ئۆزىدىن كۆپ ھالقىغان بولۇشنى سېھرىگە ئىگە بولۇشتىكى مۇھىم شەرت قىلغان.
ھەتتا ساراڭلارنىمۇ ئالاھىدە ئىقتىدارلىق كىشىلەر دەپ قارىغان، نەتىجىدە ئۇلارنىڭ ئۆزىگە خاس ئېستېتىك كۆز قارىد-
شى مەيدانغا كەلگەن. شۇڭا ئوغۇزخاننىڭ تەسۋىرىنى بىز ئاشۇ يىراق دەۋردىكى كىشىلەرنىڭ سېھرىلىك شەخسلەرنىڭ
تەن شەكلىگە قويۇلغان ئېستېتىك تەلىپى دېسەك خاتا كەتمەيدۇ. ئوغۇزنامىدە مۇنداق بېرىلگەن: «بۇ ئوغۇل... ئانىسى-
نى ئەممىدى، خام گۆش، مەي سورىدى... ئۇنىڭ پۇتى بۇقا پۇتىدەك، بېلى بۆرە بېلىدەك، مۈرىسى قارا بولغۇن مۈ-
رىسىدەك، كۆكسى ئېيىق كۆكسىدەك ئىدى. پۈتۈن بەدىنىنى قويۇق تۈك باسقانىدى»㉕. ئەگەر ئوغۇزخاندا دېيىلگەن
«ئۇ ھۆر پەرىلەردىنمۇ چىرايلىقراق ئىدى» دېگەن سۆزنى ئەينى دەۋردىكى كىشىلەرنىڭ كۆزى بىلەن كۆزەتمىگەندە،
ئۇ ھالدا بىزدە ئوغۇزخان نېمىدېگەن بەتبەشىرە ئادەم دېگەن كۆز قاراش مەيدانغا كېلىدۇ. دېمەك ھەرقايسى مىللەت-
لەرنىڭ توتېم ھايۋانلىرىنىڭ ئەڭ قورقۇنچلۇق ھايۋان بولغانلىقى ئىنسانلارنىڭ قەدىمدە قانچە قورقۇنچلۇق بولسا
شۇنچە قۇدرەتلىك بولىدۇ دەپ قارىغانلىقى ئېنىق. شۇنداقلا ئۇلارنىڭ بۇ مەخلۇقلارنى كۆپتۈرۈپ تەسەۋۋۇر قىلغانلى-
قىمۇ مەلۇم. يۇقىرىدىكى بىر قانچە چۆچەكتىن بىز دىۋىنىڭ شەكلىنىڭ ئىنتايىن قورقۇنچلۇق ئىكەنلىكىنى بىلدۇق.
دىۋىنىڭ يامانلىققا مايىل تەرىپى بىزگە يامانلىق تەگىرسى ئاخرامازدا ھەققىدىكى تەپسىلاتلارنى ئەسلىتىدۇ، ئەلۋەتتە
دىۋە ئاشۇ دەۋرلەردە مەلۇم يامانلىق تەگرىسىنىڭ ئۆزى بولۇشى ياكى بارلىق يامانلىق تەگرىلىرىنىڭ يىغىمىسى بولۇشى-
مۇ مۇمكىن.

### دىۋە خاراكتېرىدىكى زىددىيەت

دىۋە ئوبرازىدا مۇنداق زىددىيەتلىك تەرەپ بار، ئۇ بولسىمۇ دىۋىنىڭ ئىدىيىمىزگە سىڭگەن يامانلىققا ۋەكىللىك
قىلىش خاراكتېرى بىلەن ئۇنىڭ ئەسەردىكى كۆپ قىرلىق، مۇرەككەپ خاراكتېرى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت. يۇقىرىدا
دېگەندەك گەرچە دىۋە ئوبرازى نۇرغۇن چۆچەكلەردە يامانلىققا ۋەكىللىك قىلسىمۇ، بەزىدە ئۇ يەنە ئىجابىي يوسۇندى-
مۇ ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. مەسىلەن، «دىيانەتسىز ئۇستاز» چۆچىكىدە دىۋە باش قەھرىمان تاباننىڭ نۇرغۇنلىغان قىيىنچى-
لىقلىرىنى ئورۇنداپ بېرىدۇ. ئۈچ ئوغۇل تېپىدىكى بەزى چۆچەكلەردە دىۋە ئاكىلىرى تەرىپىدىن قۇدۇققا تاشلىۋېتىل-
گەن كەنجى باتۇرنى يەر يۈزىگە ئېلىپ چىقىدۇ، باش قەھرىمان دىۋە سەۋەبلىك ئۆلمەي قالىدۇ ۋە ياخشى كۈنلەرگە

ئۆلىشىدۇ. بىر قىسىم چۆچەكلەردە ئادەم بىلەن دىۋە ئوتتۇرىسىدىكى ئەقىل سىنىشىش مۇتىقى بېرىلگەن بولۇپ، ھەتتا كۆچىدىن قالغان قېرى بوۋايمۇ دىۋىنى كۆرۈپ قالغاندا «چاندۇرماستىن باپلايدۇ». بۇ خىل ئېپىزوتلاردا دىۋە بىزنىڭ كۆز ئالدىمىزدا دۆت، يۇمۇرلۇق ھالدا مەيدانغا كېلىدۇ. بۇ بىزدە «ئەگەر دىۋە ھەقىقەتەن يامان روھنىڭ سىمۋولى بولسا ۋە شۇنچىلىك بەتبەشىرە بولسا ئىنسانلار ئۇنىڭدىن قورقماستىن، بەلكى يەنە ئۇنى يېڭەلەرمىدى؟» دېگەن گۇمانىنى تۇغدۇرىدۇ.

دىۋە ئوبرازىدىكى ئەڭ زىددىيەتلىك تەرەپ شۇكى، قىزنى ئېلىپ قاچقان دىۋىنىڭ قىزغا زورلۇق - زومبۇلۇق قىلىپ ئۇنى ئەمرىگە ئالماستىن، بەلكى ئۇنىڭدىن رازىلىق سورىشى ۋە ئاخىرىدا باش قەھرىماننىڭ ھەر خىل ئاماللار بىلەن قىزنى ئۇنىڭدىن تارتىپ كېتىشى. بۇ خىل ۋەقەلىك رامكىسى بىزگە زوراۋان دىۋە نېمە ئۈچۈن قىزغا زورلۇق قىلمايدۇ؟ دېگەن سوئالنى قويىدۇ ۋە تۆۋەندىكى قىياسلارنى قىلىشقا ئۈندەيدۇ.

## 5. دىۋە ئوبرازىدىكى سىمۋوللۇق مەنا

ئەپسانىۋى ئوبرازلارنىڭ سىمۋوللۇق مەنىسى ھەققىدە توختىلىپ ئىزدەنگەن ھېدىگىر ئەپسانىۋى ئوبرازلارنىڭ سىمۋوللۇق مەنىسىدە كۆچۈشنىڭ بولىدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىدۇ. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «سىمۋوللۇق خۇسۇسىيەتكە ئىگە سەنئەت شەكىللىرى ئىنتىلىشچان بولىدۇ، نىشانغا يەتكەندىن كېيىن ئۇ كلاسسىك (ۋاقتى ئۆتكەن - نەقىلچىدىن) سىمۋولغا ئايلىنىدۇ. كلاسسىك سەنئەت شەكلى ھەقىقىي ئەدەبىي ئىپادىلىنىش باسقۇچىغا بارغىنىدا ئۇ ھەرگىزمۇ ئەڭ دەسلەپكى سەنئەت شەكلى ئەمەس (شۇنداق بولغاندا بىز ھازىر كۆرگەن دىۋە ئەڭ بۇرۇنقى دىۋىنىڭ ئۆزى ئەمەس - نەقىلچىدىن). ئۇ سىمۋولنىڭ نۇرغۇنلىغان ئۆزگىرىشى ۋە ئۆتكۈنچى باسقۇچلىرىنى ئۆزىگە ئالدىنقى شەرت قىلغان بولىدۇ»[26]. ئەگەر بۇ يەكۈننى ئەمەلگە ئۇيغۇن دەپ قارىساق، ئۇ ھالدا دىۋە ئوبرازىنىڭ سېھىرلىك تەرىپى، يەنى ئىپتىدائىي شەكلى ئۇنىڭ پەقەت شۇ دەۋردىكى سىمۋوللۇق خۇسۇسىيىتى بولغان بولىدۇ. ئۇ شۇ خىل خۇسۇسىيەتلەرنى ئۆزىگە يۈكلىۋالغاندىن كېيىن يەنە شۇ خىل سىمۋوللۇق مەنىسى بويىچە قېلىۋەرمەستىن داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلەيدۇ. يەنى يۇقىرىدا دېگەندەك كىشىنى چوقۇندۇرىدىغان تەرىپى چۈشۈپ قېلىپ، نۇرغۇنلىغان ئۆزگىرىشنى ۋە ئۆتكۈنچى باسقۇچلارنى باشتىن كەچۈرۈشىدۇ. شۇڭا بىز دىۋە ئوبرازىدىكى بۇ خىل خۇسۇسىيەتتىن كۆرە كۆپرەك ئۇنىڭ تېگىگە يوشۇرۇنۇۋالغان ئادىمىيلىكنى ئىزدەشنى مەزكۇر ماقالىنىڭ ئاساسىي مەقستى دەپ قارايمىز.

**«دىۋىنىڭ قىزنى ئېلىپ قېچىش مۇتىفى»دا ئىپادىلەنگەن «سىمۋوللۇق مەنا»**

پروفېسسور ئوسمان ئىسمائىل «سېھىرلىك چۆچەكلەر ھەققىدە تەتقىقات» ناملىق كىتابىدا ئۇيغۇر سېھىرلىك چۆچەكلىرىنىڭ مۇتىفلىرىنى جەمئىي 50 كە يىغىنچاقلىغان. بۇلارنىڭ ئىچىدە دىۋىگە مۇناسىۋەتلىك مۇتىفلاردىن «دىۋىنى ئۆلتۈرۈپ ئادەملەرنى قۇتقۇزۇش»، «دىۋىنىڭ ئۆز جېنىنى مەخپىي يەردە ساقلىشى»، «دىۋىنى يوقىتىپ مەلىكىنى قۇتقۇزۇش» قاتارلىق مۇتىفلارنى تىلغا ئالغان. ئەمەلىيەتتە بۇ مۇتىفلار ئىچىدىكى مەركىزىي مۇتىف «دىۋىنى يوقىتىپ مەلىكىنى قۇتقۇزۇش» مۇتىفىدۇر. چۈنكى بىر قاتار چۆچەكلەردە مۇشۇ خىل مۇتىف ۋەقەلىكنىڭ ئاساسىي قىسمىغا قويۇلغان بولسا، «پەرىزاتنىڭ دىۋىلەر ماكانىدا ھايات كەچۈرۈشى»، «دىۋىنىڭ ئۆز جېنىنى مەخپىي يەردە ساقلىشى»، «دىۋىنى ئۆلتۈرۈپ ئادەملەرنى قۇتقۇزۇش» مۇتىفلىرى مۇشۇ خىل مۇتىفنىڭ تەركىبىي قىسمىغا سىڭىپ كەتكەن. شۇڭا دىۋە ھەققىدىكى چوڭ مۇتىفنى «مەلىكىنى ئېلىپ قاچقان دىۋىنى يوقىتىش مۇتىفى» دەپ قارىساقمۇ خاتالاشمىغان بولىمىز. بۇ خىل مۇتىفدا ھەمىشە مۇنداق ۋەقە يۈز بېرىدۇ: «دىۋە تۇيۇقسىز بىر گۈزەل قىزنى ئېلىپ قاچىدۇ. بۇ قىزنى مەلۇم سەۋەبلەر بىلەن ئىزدىگەن يىگىت قۇتقۇزۇۋالىدۇ. بۇ جەرياندا ئۇ بىرەر سېھىرلىك ئوبرازنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىدۇ». مۇتىفنىڭ پۈتكۈل جەريانىدىن دىۋىنىڭ قىزنى ياخشى كۆرۈپ قالغانلىقىدەك تەرەپنى كۆرۈش قىيىن ئەمەس.. بۇ نۇقتىدا دىۋىنىڭ ئادەملەشتۈرۈلگەنلىكى ئېنىق. «مىڭبىر كېچە»دىكى «ئەبۇ مۇھەممەد تەنبەل - يالقاۋ» ناملىق چۆچەكتە دىۋىنىڭ قىزنى ياخشى كۆرۈپ قالغانلىقى ئالاھىدە تاپشۇرۇلغان. بۇ چۆچەكتە دىۋە بىر ئايالنى بۇلاپ كېتىدۇ ۋە دىۋىنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەردارلارنىڭ ئېغىزىدىن مۇنداق بايان بېرىلىدۇ: «ئەي، ئەبۇ مۇھەممەد يالقاۋ، ساڭا سەن سېتىۋال-

غان مايمۇن ۋاپاسىزلىق قىلدى. ئۇ ئەسلىدە مايمۇن ئەمەس ئىدى، ئۇ ئاتايىن شۇ سۈرەتكە كىرىۋالغان دىۋە ئىدى، ئۇ سېنىڭ خوتۇنۇڭغا قىز چېغىدىن باشلاپ ئاشىق ئىدى. ئاخىر ئۇ سېنىڭ ئۆز قولۇڭ بىلەن ئۇنىڭغا قارشى قىلىنغان بارلىق تىلسىمنى بۇزدۇرۇپ، خوتۇنۇڭنى كۆز ئالدىڭدىن ئېلىپ قاچتى»[27]. بۇنداق ۋەقەلىك يەنە ئۆزبېك مىللىتىنىڭ مۇناسىۋەتلىك چۆچەكلىرىدىمۇ كۆپ ئۇچرايدۇ، دىۋە ئوبرازىدىكى بۇ خىل ئالاھىدىلىك تەبىئىي ھالدا بۇلاپ توي قىلىش ھادىسىسى بىلەن باغلىنىدۇ.

«ئىنسانلارنىڭ نىكاھ تارىخى»دا ئېلىپ قېچىش توي قىلىشنىڭ ئىنتايىن ئۇزاق تارىختا ئىگە ئىكەنلىكى قەيت قىلىنغان.

تارىختا ئىندىئانلار ئارىسىدىكى «كالايالارنىڭ جەڭ قىلىشى خۇددى شۇ بىرلا مەقسەت (خوتۇن ئېلىپ قېچىپ ئۇچۇن)»[28] بولغان. «قىز ئېلىپ قېچىش ئىپتىدائىي جەمئىيەتتە ئانىلىق ئۇرۇقداشلىق تۈزۈمى ئاجىزلىشىپ ئاتىلىق ئۇرۇقداشلىق تۈزۈمگە ئۆرۈن بوشىتىۋاتقان دەۋرلەردىكى نىكاھلىنىش ئادەتلىرىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان بىر خىل ئەھۋال بولۇپ، توپ نىكاھلىنىشتىن يەككە نىكاھلىنىشقا ئۆتۈشتىكى بىر خىل ئىنكاس، شۇنداقلا بىر ئەر بىر خوتۇنلۇق تۈزۈمگە ئۆزگىرىۋاتقانلىقىنىڭ ئىپادىسىدۇر»[29]. بۇنداق نىكاھ شەكلى ئىنسانلارنىڭ نىكاھ تارىخىدا خېلى مۇھىم ئورۇن تۇتقانلىقى مەلۇم. ھەتتا بىر قىسىم رايونلاردا ئۇ شۇ قەدەر كەڭ كۆلەمدە ئومۇملاشقان. بىزدە ھازىرغىچە ساقلىنىۋاتقان توي كۆچۈرگەندە قىزنىڭ يىغلاپ تۇرۇپ ئاتا ـ ئانىسى بىلەن خوشلىشىشىدەك ئەنئەنە شۇ خىل كەچۈرمىشنىڭ بۈگۈنكى يالدامىسى بولۇشىمۇ مۇمكىن، ئەلۋەتتە بۇ خىل بۇلاپ توي قىلىش ئاۋۋال يات قەبىلىنىڭ خوتۇن ـ قىزلىرىنى بۇلاشتىن باشلىنىپ، كېيىن ئۆز قەبىلىلىرىنىڭ قىزلىرىنى بۇلاشقىمۇ ئۆتكەنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلىشقا بولىدۇ.

مەزكۇر ماقالىنىڭ (1)، (3) قىسىمدا تىلغا ئالغان بىرىنچى تىپتىكى دىۋە ئوبرازىدا دەل مۇشۇ خىل ئالاھىدىلىك بار. ئالدى بىلەن بىز دىۋىلەرنىڭ تۇرار ماكانى بولغان كوھىقاپ ئۈستىدە مۇلاھىزە قىلىپ باقايلى: «كوھىقاپ» دېگەن سۆز بىرىككەن سۆز بولۇپ كوھ (تاغ) سۆزى بىلەن قاپ سۆزىدىن تۈزۈلگەن بىرىككەن ئىسىم. ئاڭلاتقان مەنىسى تاغقېپى، تاغ تىزمىلىرى دېگەندەك بولۇشى مۇمكىن. مەيلى قانداق شەكىلدىكى سۆز بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇنىڭ بىزگە يەتكۈزىدىغان ئەڭ چوڭ ئۇچۇرى دىۋىنىڭ ماكانى تاغلارنىڭ ئارىسىدا دېگەنلىكتۇر. خوتۇنسۇمبۇلدا ئىككى تاغ بىرلەشكەن شامالىلىق ئېغىز ھازىرمۇ «قاپچۇغاي» دەپ ئاتىلىدۇ؛ ئىككىنچىدىن، دىۋە ھەمىشە گۈللەر ۋە مېۋىلەر بىلەن پۈركەنگەن باغلاردا قىزلارنى ساقلايدۇ؛ ئۈچىنچىدىن، دىۋىنىڭ ماكانىغا يەتتە كۈنلۈك يولنى بىر كۈندە باسالايدىغان تۇلپار بىلەنلا بارغىلى بولىدۇ ياكى تۆمۈركەش، تۆمۈر ھاسا بىلەن 40 يىل ماڭغاندا تۆمۈر ھاسا ۋە تۆمۈركەش ئۇپراپ تۈگىگەندە ئاندىن يېتىپ بارغىلى بولىدۇ؛ تۆتىنچىدىن، دىۋە شۇ مەملىكەتنىڭ پادىشاھى. دېمەك دىۋە قىز بۇلىغان جايدىن ئىنتايىن يىراق جايدىكى گۈلزارلىق تاغدا ياشايدۇ. دىۋىلەرنى شۇنچە قاتتىق سىمۋوللۇق پەردە ئىچىگە يوشۇرغان خەلقىمىز بەزى يوچۇقلارنىمۇ قالدۇرۇپ كەتكەن. مەسىلەن، دىۋىلەرنىڭ ھەمىشە تويا ـ چاڭ توزۇتۇپ، جاھاننى ئۆرە ـ تۆپە قىلىپ پەيدا بولۇشى ۋە قىزنى بۇلاپ كېتىش جەريانى. ئەمەلدە بۇ ئاشۇ دەۋرلەردىكى مال ـ دۇنيا ۋە خوتۇن ـ قىز بۇلاشنى مەقسەت قىلغان جەڭ ئەھۋالىدىن بىزگە قالدۇرۇلغان ئۇچۇر. ماقالىنىڭ ئالدىنقى قىسىمدا قىرغىزلارنىڭ كىشىلەرنى بىۋاستە ھالدا «دۆۋ» دەپ ئاتىغانلىقىنى، خەلق چۆچەكلىرىدە «دۆ» ئىسىملىك باش قەھرىماننىڭ بولغانلىقىنى، «دىۋە» دېگەن سۆزنىڭ جازالىغۇچى، زوراۋانلىق قىلغۇچى دېگەن مەنىسى بارلىقىنىمۇ بىلگەن ئىدۇق. بۇلارنىڭ ھەممىسى دىۋىنىڭ ئۇرۇشخۇمار يات قەبىلە باشلىقى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. دىۋە پەرىلەر ماكانىنىڭ ياكى دىۋىلەر دۆلىتىنىڭ پادىشاھى دېگەن قاراش بىلەن «بۇلاپ توي قىلىش توپ نىكاھلىنىشنىڭ يىمىرىلىشكە باشلىغان دەۋرنىڭ مەھسۇلى» دېگەن ئىككى قاراشنى بىرلەشتۈرگەن چېغىمىزدا ئەينى دەۋرلەردە ئۇرۇق ئاقساقاللىرىنىڭلا ئۆز ئالدىغا يەككە خوتۇن ئالالايدىغانلىقىدەك ئېھتىماللىقنى قىياس قىلالايمىز. چۈنكى ئۇنىڭ مەرتىۋىسى بويىچە ئۇنىڭ ئايالىغا ھەرقانداق كىشى چېقىلماسلىقى كېرەك، ئەمما باشقىلارغا بۇنداق ئىمتىياز يوق. بۇ ھەقتە «ئىنسانلارنىڭ نىكاھ تارىخى»دا «تروگدىتلار دېگەن قەبىلىدە پەقەت قەبىلە ئاقساقىلىنىڭلا ئۆز ئالدىغا خوتۇن ئېلىش ھوقۇقى بولىدىكەن،

www.uyghurkitap.com



ھەتتا باشقا كىشىلەر ئۆيلەنمەكچى بولسا ئۇنىڭغا مەلۇم نەرسە تاپشۇرىدىكەن»㉚ دېگەندەك نىكاھ شەكلى بايان قىلىنغان. دۆۋلەرنىڭ ئېلىپ كەلگەن قىزلارغا زورلۇق ـ زومبۇلۇق قىلماستىن، بەلكى ئۇلارنى ئۇزاققىچە ساقلىشى بىر خىل ۋەقەلىك مۇتىفى بولۇشى ياكى قىز بۇلاپ توي قىلىشقان بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ يەنىلا بەختلىك نىكاھ قۇرالىغانلىقىدەك رېئاللىققا بولغان تەن ئېلىش بولۇشىمۇ مۇمكىن. دەرۋەقە بىر قىسىم چۆچەكلەردە دۆۋنىڭ قىزنى ئەزەلدىن ياخشى كۆرۈپ كەلگەنلىكى ئېيتىلغان. يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان «ئەبۇ مۇھەممەد تەنبەل ـ يالقاۋ» ناملىق چۆچەكتە دېۋىنىڭ بىر قىزنى كىچىكىدىن باشلاپ ياخشى كۆرۈپ كەلگەنلىكى دېيىلىدۇ. بىر قىسىم دۆۋلەرنىڭ ئەجايىپ شەكىلدە مەيدانغا چىقىشىمۇ شۇ سەۋەبتىن بولۇشى ھەم ئېھتىمال. بۇنىڭدىن باشقا دۆۋنىڭ قىزغا چېقىلماي تۇرۇشى يەنە چۆچەك ۋەقەلىكىنىڭ تەرەققىياتىنىڭ مۇقەررەر تەلىپى بولۇپ (شۇنداقلا ئۇ يەنە مەلۇم پەرھىزگە خىلاپلىق قىلغان قىزلارنى قۇتقۇزۇش جەريانى، لېكىن بۇ جەريان چۆچەكلەردە ساقلانمىغان، ئۆز قەبىلە كىشىلىرىنىڭ باتۇرلۇقىنى، ۋەتەنپەرۋەرلىكىنى كۆرسىتىدىغان ۋەقەلىك مۇتىفى بولۇشىمۇ مۇمكىن. بۇنداق ئېلىپ قېچىش شەكلىدىكى تويىنىڭ نۆۋەتتە دىيارىمىزدا غۇلجا رايونىدا بىر قەدەر كەڭ كۆلەمدە ساقلىنىپ قالغانلىقىنى بىلىمىز. جۈملىدىن خوتەندىمۇ «ئېپ قاچتى توي» دەيدىغان بىر خىل توي ئادىتى مەۋجۇت بولۇپ، ئاساسەن كېچىسى ئەلدىن خۇپىيانە ھالدا ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇلاپ كېتىلگەن قىزلارنىڭ زورلۇق ـ زومبۇلۇققا ئۇچرىماسلىقى مۇمكىن ئەمەس، خەلقىمىز قىزنىڭ زورلۇققا ئۇچراش جەريانىنى نېمە ئۈچۈندۇر قىسقارتىۋەتكەن، ئېھتىمال بۇ جەريان چۆچەكلىرىمىزدە يالماۋۇز ئوبرازىغا كۆچكەن بولۇشى مۇمكىن㉛.

دۆۋنىڭ قىزنى ئېلىپ قېچىشى ھەققىدىكى مۇتىفنىڭ ئىككىنچى شەكلىدە قىزنى ئېلىپ قاچقانلىق جەريانى بېرىلمەيدۇ. بەلكى باش قەھرىمان مەلۇم بىر سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن دۆۋلەر ماكانىغا بېرىپ قالىدۇ ۋە ۋاستىلىك ھالدا دۆۋە ساقلاۋاتقان قىزنى ئېلىپ زەپەر قۇچۇپ قايتىپ كېلىدۇ. بۇ تۈردىكى دۆۋنىڭ ئالدىنقى دۆۋىدىن پەرقلىق تەرىپى شۇكى، ئۇنىڭ قىزنى بۇلاپ كەلگەنلىك ئىسپاتى يوق؛ ئىككىنچىدىن، كۆپىنچىسىدە بىر قاتار تىلسىملاردىن ئۆتكەندىن كېيىن دەل دۆۋنىڭ ئۇخلاۋاتقان ۋاقتىغا توغرىلاپ دۆۋنىڭ يېنىغا بارىدۇ ۋە ئاخىرىدا دۆۋنى ھېچ كۈچىمەيلا ئۆلتۈرۈپ قىزنى ئېلىپ كېتىدۇ. بۇلاردا قىزلار كۆپىنچە ئالتۇن قەپەس قاتارلىقلارنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇلغان بولىدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە ئالدىنقى تۈردىكى دۆۋلەرنىڭ ئەڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكى دەل دۆۋە بىلەن قاتتىق ئېلىشىش ۋەقەلىكىدۇر. ئەمما نۆۋەتتە دېمەكچى بولغىنىمىزدا بۇنداق جەريان يوق. بۇ خىلدىكى دۆۋلەرمۇ خېلى كۆپ ئۇچرايدۇ. «ھۆرۈنلۇقتىن شاھلىققىچە» دېگەن چۆچەكتە ۋەزىرنىڭ قىزنى ئالغان ھۆرۈننىڭ كېيىن ئىشچان بولغانلىقى ۋە سودىگەرنىڭ تەلەپى بويىچە 40 كۈنلۈك كارۋانغا قېتىلغانلىقى بايان قىلىنىدۇ. ئۇلار يولدا ئۇسسۇزلۇقتا چىدىيالماي قۇدۇققا سۇغا چۈشىدۇ. ھەممە ئادەم قۇدۇققا يۇتى ئاستىن، بېشى ئۇستۈن چۈشسە، ئۇ بېشى ئاستىن پۇتى ئۇستۈن چۈشىدۇ. دۆۋە ئۇنى چاپماقچى بولىدۇ، لېكىن قىز ئۇنى چاپقىلى قويمايدۇ. ئەكسىچە ئۇنىڭدىن سوئال سورايدۇ. كانارغا 39 كىشىنىڭ بېشى ئېسىلغان بولىدۇ. يىگىت ئۇلاردىن قىلچە ھودۇقماي ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىدۇ، قىزنى ئەمرىگە ئالىدۇ㉜. قىزنى دۆۋە ساقلىسىمۇ ئەمما ئۇنى بۇلاپ كېلىش كۆرۈنۈشى بېرىلمىگەن بۇ خىلدىكى چۆچەكلەر بىلەن «بىر پەرىزاتنىڭ سۈرىتى» تىپىدىكى چۆچەكلەردىكى دۆۋلەرنى بىرلەشتۈرۈپ باقساق دۆۋە قىزنىڭ دادىسى بولۇشى، يىگىتنىڭ ئۇزاق مۇساپىلەرنى بېسىپ كېلىپ قىزنى ئەمرىگە ئېلىش قەدىمكى دەۋرلەردىكى يىگىتنى سىناش جەريانىنىڭ ئوبرازلاشتۇرۇلغان شەكلى بولۇشى مۇمكىن دېگەن گۇمانغا كېلەلەيمىز، مېنىڭچە بىز بۇ ھەقتە مەدەنىيەتكە دائىر بىر قىسىم مۇلاھىزىلەرنى ئېلىپ بېرىشتىن قىسىنماسلىقىمىز لازىم.

ئىپتىدائىي مەدەنىيەتتىن تەلتۆكۈس ۋاز كېچىپ كەتمىگەن مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتىنى تەكشۈرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولغان مورگان، تايلۇر، فرازىئېر قاتارلىق ئالىملارنىڭ ئىزاھلىشىچە، قەدىمدىن تارتىپ قىز ئېلىشتا، قىزنىڭ دادىسىنىڭ ۋە قىزنىڭ سىنىقىدىن ئۆتمەك ئىنتايىن مۇھىم دەپ قارالغان. يىگىتنىڭ ئەقىللىق، باتۇر، كۈچلۈك بولۇشى قاتتىق ئۆلچەم قىلىنغان (ئەمەلىيەتتە ئالدىنقى بۆلەكتىكى دۆۋە بۇ خىل ئۆلچەمگە دەل چۈشىدۇ). فىلىپپىن ئاراللىرىدىكى بىر قەبىلىدە مۇنداق ئادەت ساقلانغان بولۇپ، «ياشلار توي قىلىشنىڭ ئالدىدا بولغۇسى ئايالىنىڭ چوڭلىرىغا دۆش-

مەنىلىرىنىڭ بېشىنى سوۋغا قىلىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ باتۇرلۇقىنى نامايان قىلىشىدۇ»[33]. ئۇيغۇرلاردىمۇ يېقىنغىچە يىگىتنى ئاسان يېڭىلمايدىغان كۆتەكنى يارغۇزىدىغان، قۇم دۆۋىسى ئارىسىغا كىرىپ كەتكەن يىڭنىنى تاپقۇزىدىغان ئەقىل ۋە كۈچنى سىنايدىغان ئادەتلەرنىڭ بارلىقىنى بىلىمىز. ئۇيغۇرلاردا قىزنى يات ئەرلەردىن قاچۇرىدىغان ئادەت ناھايىتى ئۇزاق تارىخقا ئىگە. چۆچەكلەردە ھەتتا قىزلارنىڭ چېچىنى پەرھىز قاتارىدا تىلغا ئالىدىغان تەرەپلەرمۇ مەۋجۇت. بۇلارنىڭ ھەممىسى نىكاھ مەدەنىيىتىمىزدە قىزغا ئېرىشىش ئۈچۈن يىگىتلەرنىڭ چوقۇم قىزنىڭ ئاتا - ئانىسىنى قايىل قىلىشتەك باسقۇچنى بېسىشى لازىملىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. بەزى چۆچەكلەردە قىزلارنىڭ رازىلىقى بولسىمۇ، ئاتا - ئانىسىنىڭ رازىلىقى بولمىسا ياكى مۇۋاپىق ئەمەس، دەپ قارىسا (ئەمەلىيەتتە بۇ چۆچەكلەردە «مۇشۇنداق نامى چىقمىغان يالاڭتۆشكە قىز بەرسەك سەت ئەمەسمۇ» دېگەندەك يۇپۇرتمىلار بىلەن چۈشەندۈرۈلىدۇ) تېخىمۇ قاتتىق سىناقلارنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. بۇ جەرياندا قىز باشتىن - ئاخىر پىنھان تۇتۇلىدۇ، «پولزىيىدىكى تاشتىلىقلار تويلاشقان قىز چوڭ بولغاندىن كېيىن ئاتا - ئانىسى قىز ئۈچۈن ئېگىز تۇر ياسىتىدۇ. قىزنىڭ شۇنىڭ ئىچىدە تۇرۇشى، ھەتتا ئۇخلىغاندىمۇ شۇ يەردە ئۇخلىشى تەلەپ قىلىنىدۇ. ئاتا - ئانىسى ۋە ئۇرۇق - تۇغقانلىرى ئۇنى كېچە - كۈندۈز قوغدايدۇ»[34]. «قاغىلىق مەلىكىسى» ھەققىدىكى رىۋايەتتىمۇ مۇشۇ خىل ئەھۋال ئەكس ئەتكەن بولۇشى مۇمكىن. بۇ خىلدىكى چۆچەكلەردىكى دىۋىلەرنىڭ قىزلارنى ئالتۇن قەپەسكە، كىشىلەرنىڭ ئاسان ئايىغى يەتمەيدىغان كوھقاپلاردا ساقلىشىغا ئوخشايدۇ. چۆچەكلەردە ئاتا - ئانىلارنىڭ قىزلارنى شۇنچىلىك ئەتىۋارلاپ ساقلىشى، تويلاشماقچى بولغان يىگىتلەرنى نۇرغۇنلىغان جاپا - مۇشەققەتلەرنى چەككۈزۈشى قاتارلىقلار ئەنە شۇنداق ئوبرازلىق ھالدا ئىپادىلەنگەن، ھەتتا مۇبالىغە قىلىپ ئاشۇرۇۋېتىشتىن ئايانمىغان. ئاتا - ئانىنىڭ رازىلىقىنى قىزنىڭ رازىلىقىدىن ئۈستۈن قويىدىغان بۇ خىل ئادەت كېرىيە ناھىيىسىدە روشەن ساقلىنىپ قالغان. يەنى نىكاھ ئوقۇلغاندا قىزنىڭ رازىلىقىنى دادىسى بېرىدىغان ئەھۋال بار، دېمەك دىۋىلەرنىڭ قىزلارنى ئالتۇن قەپەسلەرگە سولاپ قويۇشى، قۇدۇق ئاستىغا يوشۇرۇۋېلىشى، ئاندىن يىگىتنىڭ ئۇنى تۈمەن مۈشكۈلاتلاردىن كېيىن ئەمرىگە ئېلىشى چۆچەكلەردە سىمۋولىستىك يوسۇندا ئىپادىلەنگەن بولۇپ ئەمەلىيەتتە بۇ يىگىتنى سىناش مۇتىفىدۇر. بۇ يەردە يەنە قىزلىق ئىپپەتنى ئۇلۇغلاش خاھىشىمۇ مەۋجۇت، «ئۇيغۇر سېھىرلىك چۆچەكلىرى ھەققىدە تەتقىقات» ناملىق كىتابتا بۇ 20 - مۇتىف دەپ كۆرسىتىلگەن.

ئالدىنقى تەھلىلىمىزدە قىزنى بۇلىغان يىگىتنىڭ دىۋە دەپ ئاتىلىشى بىلەن كېيىنكى تەھلىلىمىزدىكى قىزنىڭ دادىسىنىڭ دىۋە دەپ سۈپەتلىنىشى ئوتتۇرىسىدا ئوقۇرمەننىڭ ئىدىيىسىدە دىلغۇللۇق پەيدا بولمايدۇ دەپ ئويلايمىز. بۇنى چۈشىنىش ئۈچۈن كىشىلەرنىڭ ئېستېتىك كۆز قارىشىنىڭ ياخشىلىق، يامانلىق ئىدىيىسى بىلەن باغلىنىشلىق ئىكەنلىكىنى نەزەردىن ساقىت قىلماسلىق كېرەك. ئالدى بىلەن دىۋە دېگەن سۆزنىڭ ئاساسىي مەنىسى كۈچلۈك، قورقماس دېگەندىن باشقا يەنە قورقۇنچلۇق مەخلۇق ئىكەنلىكىنىمۇ چۈشىنىش لازىم. دېمەكچىمىزكى، قىز بۇلانغان چاغدا قىزنى بۇلاپ كەتكەن كىشىنى بىز شۇ قىزنىڭ كۆزى ۋە قىزنىڭ قەبىلىسى ۋە ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنىڭ كۆزى بىلەن كۆرگەن چېغىمىزدا ئۇ سەلبىي قەھرىماندۇر (بۇ دىۋە ئوبرازىنىڭ بىر تەرىپى). ئوخشاشلا ياخشى كۆرگەن قىزنى ھەر خىل سەۋەبلەر بىلەن ئالغىلى قويمىغان قىزنىڭ دادىسىنىمۇ، يىگىتنىڭ كۆزى بىلەن كۆزەتكەن چېغىمىزدا ئۇمۇ ئوخشاشلا سەلبىي قەھرىماندۇر (بۇ دىۋە ئوبرازىنىڭ ئىككىنچى يېقى). بۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسىدە قەدىمكى كىشىلەرنىڭ ئېستېتىك چۈشەنچىسىدىكى دىۋە يامانلىق قىلغۇچى زوراۋان كۈچتۇر دېگەن كۆز قاراشنىڭ سايىسى ئەكس ئەتكەن، دېمەك دىۋە نۇرغۇن سىمۋولىستىك مەنىلەرنى ئۆزىگە جۇغلىغان ئوبرازدۇر.

**ئىزاھاتلار:**

① ھەمدۇللا ئابدۇراھمان قاتارلىقلار تۈزگەن، «ئۇيغۇر تىلىغا كىرگەن سۆزلەرنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى» 262 - بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2001 - يىلى 5 - ئاي نەشرى.

② «پارس تىلىدىن ساۋات»، لىشياڭ، خەمىت تۆمۈرلەر تۈزگەن، مىللەتلەر نەشرىياتى 451 - بەت، 1990 - يىلى بېيجىڭ نەشرى.

③ «تۈركچە ئۆتمە سۆزلەر لۇغىتى»(turkce verintiler sozlugu)، گۈنئاي قارائاغاچ، تۈرك تىل كومىتېتى نەشرىياتى، ئەنقەرە

نەشرى 2008 ـ يىل 5 ـ ئاي (تۈركچە).

④ http://en.wikipedia. org/wiki/Devil (ئىنگلىزچە)

⑤http://www.etymonline.com/index.php?term=devil (ئىنگلىزچە).

⑥ «دۇنيا چۆچەكلىرىنىڭ تېپ ئىندېكسى»، «شائىخەي مەدەنىيەت ـ سەنئەت نەشرىياتى 1991 ـ يىل 2 ـ بېسىلىشى.

⑦ «تۈركچە سۆزلەر لۇغىتى»turkce verintiler sozlugu )، گۈنئاي قارائاغاچ، تۈرك تىل كومىتېتى نەشرىياتى، ئەنقەرە نەشرى 2008 ـ يىل 5 ـ ئاي (تۈركچە).

⑧ «ماناس»، يۈسۈپ ماماي ئېيتىپ بەرگەن. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2005 ـ يىل 7 ـ ئاي نەشرى، 7 ـ بەت.

⑨ «ماناس»، ماماي ئېيتىپ بەرگەن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2005 ـ يىل 7 ـ ئاي نەشرى، 7 ـ بەت.

⑩ «ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى» 4 ـ قىسىم، سېيىت زۇنۇن، ئابدۇراھمان مۆمىنلەر توپلىغان، 167 ـ بەت.

⑪ «ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئەدەبىياتىدىن ئۆچېركلار» غەيرەتجان ئوسمان، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتى ئۇيغۇر تىل ـ ئەدەبىياتى كافېدراسى تەييارلىغان (خەنزۇچە).

⑫ «تۈركىي تىللار دىۋانى» 3 ـ قىسىم، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1984 ـ يىلى نەشرى، 192 ـ بەت.

⑬ «تۈركىي تىللار دىۋانى» 3 ـ قىسىم، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1984 ـ يىلى، 286 ـ بەت.

⑭ رىن چىن دورجى، لاي يىڭ تۈزگەن: «ئالتاي تىل سىستېمىسىدىكى مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىياتى ۋە شامان مەدەنىيىتى»، ئىچكى موڭغۇل داشۆسى نەشرىياتى، 1990 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى، 14 ـ ، 15 ـ بەتلەر (مەزكۇر نەقىل ئەسئەت سۇلايماننىڭ «ئالتاي مەدەنىيەت چەمبىرىكىدە يالماۋۇز ئوبرازى» ناملىق ماقالىسىدە ئىشلىتىلگەن).

⑮ ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى» 4 ـ قىسىم، سېيىت زۇنۇن، ئابدۇراھمان مۆمىنلەر توپلىغان، 91 ـ بەت.

⑯ «ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى» 3 ـ قىسىم، تۇرسۇن لېتىپ قاتارلىقلار توپلىغان، 38 ـ بەت.

⑰ «ئالاۋىدىن ۋە سېھىرلىك چىراغ» ئەرەب خەلق چۆچەكلىرى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1996 ـ يىلى نەشرى، 151 ـ بەت.

⑱ «ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى» 4 ـ قىسىم، سېيىت زۇنۇن، ئابدۇراھمان مۆمىنلەر توپلىغان، 94 ـ بەت.

⑲ «ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى» 4 ـ قىسىم، سېيىت زۇنۇن، ئابدۇراھمان مۆمىنلەر توپلىغان، 160 ـ بەت.

⑳ «ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى» 3 ـ قىسىم، تۇرسۇن لېتىپ قاتارلىقلار توپلىغان، 172 ـ بەت.

㉑ «بۇلبۇلگويا» ـ ئۆزبېك خەلق چۆچىكى، باھار رېھىم ئۇيغۇرچىلاشتۇرغان. شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 2008 ـ يىل 6 ـ ئاي 2 ـ بېسىلىشى.

㉒ «دىۋانە ئەرشى».

㉓ «ئېستېتىكا» ھېدىگىر (گېرمانىيە)، سودا نەشرىياتى نەشرى 2006 ـ يىل نەشرى، 18 ـ بەت.

㉔«ئېپتىدائىي تەپەككۇر»، لېۋ بولۇر (فرانسىيە) شائۇۋ باسمىسى 2007 ـ يىل نەشرى 40 ـ بەت (خەنزۇچە).

㉕ «ئوغۇزنامە»، گىلىڭ شىمىن، تۇرسۇن ئايۇپلار نەشر قىلدۇرغان، مىللەتلەر نەشرىياتى 1981 ـ يىلى 2 ـ بېسىلىشى.

㉖ «ئېستېتىكا» ھېدىگىر (گېرمانىيە)، سودا نەشرىياتى نەشرى 2006 ـ يىل نەشرى، 26 ـ بەت (خەنزۇچە).

㉗ «مەخپىر كېچە»، 4 ـ قىسىم، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 98 ـ بەت، 2006 ـ يىلى 3 ـ ئاي نەشرى.

㉘ «ئىنسانىيەتنىڭ نىكاھ تارىخى»، ئې، ئا، ۋېستېرماك. (فىنلاندىيە) شائۇۋ باسمىسى، 3 ـ قىسىم 678 ـ بەت.

㉙ «ئۇيغۇرلار تارىخىدا نىكاھلىنىش ئادەتلىرى»، ئىسمائىل تۆمۈرى، ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى 1998 ـ يىل 21 ـ ماي 3 ـ بەت.

㉚ «ئىنسانىيەتنىڭ نىكاھ تارىخى»، ئې، ئا، ۋېستېرماك. (فىنلاندىيە) شائۇۋ باسمىسى، 1 ـ قىسىم 99 ـ بەت (خەنزۇچە).

㉛ بۇ ھەقتە ياسىن مۇھەممەدنىيازنىڭ «مىراس» ژۇرنىلى 2007 ـ يىللىق 3 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان «چىن تۆمۈر باتۇر» چۆچەكى» ھەققىدە قايتا ئويلىنىش دېگەن ماقالىسىگە قاراڭ.

㉜ «ھۆرۈنلۇقتىن شاھلىققىچە»، ئۇيغۇر خەلق چۆچىكى 8 ـ قىسىم، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1995 ـ يىل نەشرى.

㉝ «ئىنسانىيەتنىڭ نىكاھ تارىخى»، ئې، ئا، ۋېستېرماك. (فىنلاندىيە) شائۇۋ باسمىسى 1 ـ قىسىم 81 ـ بەت (خەنزۇچە).

㉞ «ئىنسانىيەتنىڭ نىكاھ تارىخى»، ئې، ئا، ۋېستېرماك. (فىنلاندىيە) شائۇۋ باسمىسى 1 ـ قىسىم، 118 ـ بەت (خەنزۇچە).

(ئاپتورلار: خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومى تىل ـ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ لېكتورى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىنىڭ ماگىستىرانتى)

ئاپتورلار: ياسىن مۇھەممەدنىياز (خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى)

داۋۇتجان سامساق (شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى 2006 ـ يىللىق ئاسپىرانتى)



# ئۇيغۇرلاردىكى قىزلارنىڭ قۇلىقىنى تېشىش ئادىتى

ئابدۇقەييۇم مىجىت

ئۇيغۇرلاردا قىزلار يەتتە ياشقا كىرگەندە ئۇلارنىڭ
قۇلىقىنى تېشىپ ھالقا سېلىپ قويۇش ئادىتى بار بولۇپ،
بۇ ئادەت ناھايىتى ئۇزاق زامانلاردىن بېرى ئىزچىل دا-
ۋاملىشىپ كەلمەكتە. گەرچە بۇ ئادەت ئالاھىدە بىر مۇرا-
سىم شەكلىنى ئالمىغان بولسىمۇ، ئاتا - ئانىنىڭ زىممىسى-
دىكى چوقۇم ئۆتەشكە تېگىشلىك بىر مەسئۇلىيەت سۈپىتى-
دە قارىلىدۇ. بۇ ئادەتكە ئاتىلار ئانچە پەرۋا قىلىپ كەت-
مىسىمۇ، ئانىلار بىر خىل مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى بىلەن قا-
رايدۇ. «... قىزلار ئۈچ ياشقا كىرگەندىن باشلاپ
ئۇلارنىڭ قۇلىقىنى تېشىشكە باشلايدۇ. ئەنئەنىۋى قۇلاق
تېشىش ئۇسۇلى ناھايىتى ئاددىي ھەم بىخەتەر بولۇپ،
كىشىلەر قىزلىرىنىڭ قۇلىقىنى تەشتۈرۈشكە بىرەر مومايىنى
تەكلىپ قىلىدۇ. موماي قىزنىڭ قۇلىقىنىڭ يۇمشىقىنى
قوناق ياكى چىگىت بىلەن ئۇزاق ئۇۋۇلاپ، قۇلاق يۇمە-
شىقىنىڭ قېنىنى قاچۇرغاندىن كېيىن، ئاندىن يىڭنە بىلەن
قۇلاقنى تېشىدۇ - دە، ئىنچىكە سۈپۈرگە تېلى ياكى چاي
شامىسىنى سانجىپ قويىدۇ. ئۇيغۇر قىز - ئاياللىرى قۇلى-
قىنىڭ بىرلا يېرىدىن تۆشۈك تېشىشكە ئادەتلەنگەن. ئا-
دەتتە قۇلىقىنى ئىككى يەردىن تەشمەيدۇ ھەم بۇرنىنىمۇ
تەشمەيدۇ. ناۋادا قۇلاقتىكى ئەسلىي تېشىلگەن تۆشۈك
پۈتۈپ قالسا، بۇزۇلۇپ كەتسە، ئاندىن ئىككىنچى قېتىم
يەنە تۆشۈك تېشىدۇ①. قىز بالىنىڭ قۇلىقىنى تەشكەندە

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com



ئۇنىڭ چىدىماي يىغلاپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا بىر ـ
ئىككى تال تۇخۇم ياكى بىرەر نەرسە يېگۈزۈپ قويىدۇ.
قىزلارنىڭ قولىقىنى تەشكۈزگەن كۈنى ئانىسى ئۇلارغا چى-
رايلىق بىر جۈپ ھالقا ياكى بىرەر سوۋغات ئېلىپ بېرىش
بىلەن قىزنىڭ كۆڭلىنى خۇشال قىلىدۇ ھەمدە قىزنىڭ ئانى-
سى بىرەر ئايغىچە ئۇنىڭ قۇلىقىنىڭ ئەتراپىغا يارا ـ چاقىلار-
نىڭ چىقىپ قالماسلىقى ئۈچۈن مايلاپ، ھەر خىل مەلھەم-
لەرنى سۈرتۈپ تۇرىدۇ. قۇلاق تېشىش ئاساسەن ئۆرۈك
چېچەكلىگەن پەيتلەردە قىلىنىدۇ.

ئۇيغۇرلاردا قىزلارنىڭ قۇلىقىنى تېشىش ئادىتى شە-
كىللەنگەندىن كېيىن، شۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا قىز ـ ئايال-
لارغا ھەرخىل قۇلاق ئاسقۇلارنى سوۋغا قىلىش ۋە
تويلۇق ئۈچۈن قۇلاققا ئاسىدىغان ھەر خىل زىبۇزىننەت
بۇيۇملىرىنى سوۋغا قىلىش ئادىتى شەكىللەندى.

شۇنىڭدىن كېيىن مەخسۇس ھالقا ۋە زىبۇزىننەتلەر-
نى ياساش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بىر ھۈنەر تۈرى مەي-
دانغا كەلدى. ئۇيغۇرلار ھەر خىل قۇلاق ئاسقۇلارنى
«ھالقا، سۆكە، مۇنچاق، زىرە، سىرغا» قاتارلىق ناملار
بىلەن ئاتايدۇ. بۈگۈنكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە قىزلار توي
قىلغاندا قۇلاق ئاسقۇلار تويلۇقنىڭ خېلى مۇھىم بىر
قىسمى ھېسابلىنىدۇ. ئۆز بەدىنىگە مەلۇم زىننەت بۇيۇملى-
رىنى تاقاش ۋە ئېسىش بىلەن بەدەن گۈزەللىكىنى ئاشۇ-
رۇش ئىستىكى ئىنسانلاردا ناھايىتى بۇرۇنقى دەۋرلەردىلا
شەكىللەنگەن. بۈگۈنكى كۈندە قىزلارنىڭ قۇلىقىنى تەش-
تۈرىدىغان بۇ ئادەت باشقا مىللەتلەرگىمۇ تارقىلىپ ئۆز-
لەشمەكتە. گەرچە ئىسلام دىنىدا قىزلارنىڭ قۇلىقىنى تەش-
تۈرۈشى ۋە ھالقا ئېسىشى دىنىي مەجبۇرىيەت بولمىسىمۇ،
ئاياللار ئاساسەن ئۆزىنىڭ گۈزەللىك ئېھتىياجى تۈپەيلى-
دىن شۇنداق قىلىدۇ. قۇلاق تېشىپ ھالقا ئېسىش ئۇيغۇر
ئاياللىرىنىڭ ياسىنىش ئادىتى ۋە زىبۇزىننەت مەدەنىيىتىدە
مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ.

① ئەنۋەر سەمەد قورغان: «ئۇيغۇرلاردا پەرھىزلەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2007 ـ يىل 12 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 178 ـ بەت.

(ئاپتور: شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەتلەر ئەدەبىياتى تەتقىقات ئورنىدا)





# ئۇچۇر دەۋرى ۋە ئۇيغۇر ئاغزاكى داستانچىلىقىنىڭ مەۋجۇدلۇق كىرىزىسى

ئابدۇۋەلى ئابدۇكېرىم

ئىنتېرنېتنىڭ ئومۇملىشىشى ئىنسانلارنى مىسلىسىز ئالاقە بوشلۇقى ۋە ئۇچۇر بايلىقى بىلەن تەمىن ئەتتى. شۇڭا نۇرغۇن كىشىلەر 21 - ئەسىرنى ئۇچۇر دەۋرى دېيىشمەكتە. ئۇچۇر دەۋرى گەرچە بىزگە ناھايىتى نۇرغۇن يېڭى ھاسىلات ۋە بىلىملەرنى تەقدىم قىلغان بولسىمۇ، بىزنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت بايلىقلىرىمىزغا مەلۇم دەرىجىدە سەلبىي تەسىر پەيدا قىلماقتا. زامانىۋى تارقىتىش ۋاسىتىلىرىنىڭ ئومۇملىشىشى، يەنى رادىئو، كىنو، تېلېۋىزىيە،گېزىت - ژۇرنال قاتارلىق ئۇچۇر ۋاسىتىلىرىنىڭ شىنجاڭنىڭ يېزا- قىشلاقلىرىنى قاپلىشى بىلەن ئۇ يەردىكى مىللىي خەلق ئويۇنلىرىنىڭ ۋە خەلق ئېغىز داستانچىلىقىنىڭ بازىرىنى تارلاشتۇرۇپ قويدى.

ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىنىڭ سانى كۆپ، تارىخى ئۇزاق. داستان سۆزى بىزگە پارسچىدىن كىرگەن سۆز بولۇپ، مەنىسى «ھېكايە، رىۋايەت، چۆچەك، تەزكىرە، خاتىرە، ئاھاڭ، رىتىم، مۇزىكا» دېگەن كۆپ خىل مەنىلەرگە ئىگە. ئىران ئەدەبىياتىدا داستان ئۇقۇمى ناھايىتى كەڭ مەنىدە ئىشلىتىلگەن بولۇپ، پارسلار نەزمىي شەكىلدە خاتىرىلەنگەن دىن، ئەدەبىيات، تارىخ، پسىخولوگىيە، تېبابەتچىلىككە ئائىت ھەرخىل تارىخىي ئەسەرلەرنى داستان دېگەن ئورتاق نامدا ئېلىۋەرگەن.

ئۇيغۇرلار داستاننى ئاساسەن ئېپىك شېئىرلار جۈملى-

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com



سىگە كىرگۈزۈپ، مەيلى ئەدىبلەرنىڭ يازما ۋەقەلىك شېئىرلىرى ياكى خەلق مەدداھلىرىنىڭ ئاغزاكى شېئىرلىرى بولسۇن، ئورتاق داستان نامىدا ئىستېمال قىلىنغان. ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى ئۇيغۇر ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي بولۇش سۈپىتى بىلەن مەدەنىيەت خەزىنىمىزدە مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. ئاغزاكى ۋە غەيرىي ماددىي يادىكارلىقلارنى يىغىش، ساقلاش ۋە قوغداش تەكىتلىنىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىنى يىغىش ۋە تەتقىق قىلىش مۇھىم ئەھمىيەتلىك ئەمگەكلەرنىڭ بىرى.

**1. ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىنىڭ ئاغزاكى تارقىتىش شەكلى**

ئاغزاكىلىق ئىنسانلارنىڭ يېزىق شەكىللىنىشتىن بۇرۇنقى ئەڭ مۇھىم، بىردىنبىر تارقىتىش شەكلى، شۇنداقلا ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ يازما ئەدەبىياتتىن پەرقلىنىدىغان ئەڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ بىرى. ئۇيغۇر داستانلىرىمۇ ئاغزاكى ئىجاد بولغان ۋە ئەۋلادمۇ ئەۋلاد تارقالغان. ئىنسانىيەت دۇنياغا ئاپىرىدە بولغاندىن تارتىپ ئۇلارنىڭ يېزىقسىز مەزگىلى ئىنتايىن ئۇزاق بولغان. ئەڭ مەدەنىيەتلىك مىللەتلەرنىڭ يېزىق قوللانغان ۋاقتى 5000يىل دېيىلسە، پەيدا بولغىنىغا ئون نەچچە مىڭ يىل بولغان ئىنسانلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا يېزىق قوللانغان دەۋرى يەنىلا قىسقا ھېسابلىنىدۇ. نۇرغۇن مىللەتلەرنىڭ يېزىق دەۋرى نەچچە مىڭ يىل، ھەتتا بەزى مىللەتلەرنىڭ يېزىق قوللانغىنىغا تېخى نەچچە يۈز يىل بولدى. ئۇزاق تەرەققىيات داۋامىدا ئاغزاكى ئىجادىيەت ئىنسانلارغا نۇرغۇن مەنىۋى مىراسلارنى قالدۇرۇپ كەتتى. نەچچە مىڭ يىللىق ئېيتىش، تاۋلاش، پىششىقلاش نەتىجىسىدە ئاغزاكى تارقىتىش شەكلى ئاغزاكى ئەنئەنە شەكىللەندۈردى. ئۇيغۇرلار موڭغۇل ئېگىزلىكىدىن تاكى غەربىي يۇرتقا كۆچۈپ كەلگىچە قەھرىمانلارنىڭ ھېكايىلىرىنى ئاغزاكى كۈيلەپ ۋە مەدھىيىلەپ خاسلىق شەكىللەندۈردى. ئاغزاكى فورمۇلا ۋە ئاغزاكىلىق ئاغزاكى ئەنئەنە نەزەرىيىسىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى بولۇپ، 20 ـ ئەسىرنىڭ 60 ـ يىللىرى ئامېرىكا تەتقىقاتچىسى مىلمان پاررى ۋە ئالبېرت رود تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان. ئۇلار 20 ـ ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرى يۇنان ئېپوسى «ئىلىئادا» ۋە «ئودىسسا»نى ھومېر ئېيتقانمۇ ياكى ئەدىبلەر يازغانمۇ؟ دېگەن مەسىلىنى ئېنىقلاش ئۈچۈن، ئېپوستىكى تىما، تەكرارلىق ۋە قۇرۇلما جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكلەرنى يۇگوسلاۋىيە تاغلىق رايونلىرىدا شۇ مەزگىلدە ساقلانغان ۋە ئېيتىلغان خەلق ئېپوسلىرى بىلەن سېلىشتۇرۇپ، ئاغزاكى فورمۇلا نەزەرىيىسىنى ئىجاد قىلغان. بۇ مەلۇم نۇقتىدىن ئېيتقاندا ئېغىز ئەدەبىياتىدا ئاغزاكىلىقنىڭ ئەڭ مۇھىم بىر نۇقتا ئىكەنلىكىنى يەنە بىر نۆۋەت ئەسلىتىدۇ.

ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىنىڭ ئاغزاكى تارقىتىش شەكلى ئۇزاق تارىخقا ئىگە. داستاننى ئىجاد قىلىش، بېيىتىش ۋە تارقىتىش داۋامىدا داستانچى ئەڭ ئاساسلىق رول ئوينايدۇ. ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىنىڭ ئاغزاكى تارقىتىش شەكلىنى تارقىتىش نەزەرىيىسىنىڭ يوللىغۇچى ـ ئۇچۇر ـ قوبۇل قىلغۇچى سخېمىسى بويىچە مۇنداق ئىپادىلەش مۇمكىن: داستانچى ـ داستان ۋەقەلىكى ـ ئاڭلىغۇچى. داستانچى بىلەن ئاڭلىغۇچى، يەنى تاماشىبىن ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت بىۋاسىتە بولىدۇ. داستانچىلارنىڭ ئېيتىش شەكلى ئىككى خىل بولىدۇ: بىرى ناخشىچىلاپ ئېيتىش شەكلى، يەنە بىرى ناخشىچىلاپ ئېيتىش ۋە ھېكايىچىلەپ سۆزلەش شەكلى. ھازىر ساقلىنىپ قالغان «ئەبەيدۇللاخان»، «ئابدۇرەھمان شاھ»، «يىلپىزخان»، «ھەۋزىخان» قاتارلىق خوتەن خەلق داستانلىرى ۋە «ياچىبەگ»، «تۆمۈر خەلپە»، «خوجىنىياز ھاجى» قاتارلىق قومۇل خەلق داستانلىرىدا ناخشىچىلاپ ئېيتىش شەكلى قوللىنىلغان. لوپنۇر رايونىدا ساقلىنىپ قالغان «تاھىرزۆھرە»، «قىزىل گۈلۈم»، «بوز يىگىت» قاتارلىق داستانلاردا ناخشىچىلاپ ئېيتىش ۋە ھېكايىچىلەپ سۆزلەشتەك ئارىلاش شەكىل قوللىنىلغان. ھازىر توپلاپ ئېلان قىلىنغان «غېرىب ـ سەنەم»، «لەيلى ـ مەجنۇن»، «پەرھاد ـ شېرىن»، «سەنۇبەر»، «ھۆرلىقا ۋە ھەمراجان»، «نۇزۇگۇم»، «سېيىت نوچى»، «يۇسۇپ ـ ئەھمەد»، «يۇسۇپ ـ زۇلەيخا»، «قەمەرشاھ ۋە شەمسى جانان»، «شاھزادە نىزامىدىن ۋە مەلىكە رەنا» قاتارلىق تارىخى ئۇزاق داستانلاردا ھەم نەسرىي ھەم نەزمىي شەكىل ئارىلاشقان بولۇپ، كۆپىنچىلىرى بۈگۈنكى كۈندە ئايرىم پارچىلىرى ئېيتىلىپ، بىر پۈتۈن شەكىلدە ئورۇندالمايدىغان بولۇپ قالدى. داستانچىلارنىڭ داستانچىلىق پائالىيىتىنى تەكلىپلىك ئورۇنداش ۋە تەكلىپسىز ـــ (ئۆزلۈكىدىن) ئورۇنداش قاتارلىق ئىككى خىلغا بۆلۈش مۇمكىن. بۇرۇنقى زاماندا ئوينىلىغۇ، سىنئالغۇ قاتارلىق



ئەسۋابلار بولمىغانلىقتىن، كىشىلەر تويلارنى قىزىتىش، قىشلىق زېرىكىشلىك كۈنلەرنى مەنىلىك ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن داستانچىلارنى تەكلىپ قىلىپ داستان ئېيتقۇزۇش پائالىيىتى ئورۇنلاشتۇرغان. ئادەتتە ساھىبخان داستانچىنى چاقىرتىپ، ئۆيىگە مول داستىخان ھازىرلايدۇ ۋە ئەل - جامائەتنى زىياپەتكە تەكلىپ قىلىدۇ. تاماق يېيىلىپ بولغاندىن كېيىن، كىشىلەر ئۆيدە چۆرىدەپ ئولتۇرۇپ داستانچىنىڭ مۇڭلۇق ناخشىسىنى ئاڭلايدۇ.

بەزى ئۇزۇن داستانلارنى ئاڭلاش ئۈچۈن مەھەللىدىكى كىشىلەر نۆۋەت بىلەن داستانچىنى مېھمان قىلىپ داستان ئاڭلايدۇ. داستانچىلار داستانچىلىقنى بىر خىل كەسىپ قىلغان بولۇپ، بۇ كەسىپكە تايىنىپ كۈن ئالىدۇ. شۇڭا ئۇ بازار كۈنىدە بوش يەرنى تاللاپ راۋاب چېلىپ ناخشا توۋلايدۇ. كىشىلەر يىغىلغاندىن كېيىن داستاننىڭ قىزىقارلىق قىسمىنى باشلايدۇ. كىشىلەر ئۇنىڭ ماھارىتىگە بېرىلىپ داستان ئاڭلاۋاتقاندا داستانچى تۇيۇقسىز ئېيتىشتىن توختاپ ئاڭلىغۇچىلاردىن پۇل تەلەپ قىلىدۇ، تاماشىبىنلار ئاتىغىنىنى بېرىپ بولغاندىن كېيىن داستانچى يەنە داۋاملاشتۇرىدۇ. بىر كۈندە ئىككى - ئۈچ قېتىم ئورۇن ئالماشتۇرۇپ داستان ئورۇندايدۇ. داستانچىلار بەزىدە سەپەر، قۇرۇلۇش داۋامىدا، دەم ئالغاندا ياكى مازار - سەيلىگاھلارغا ئادەم يىغىلغاندا داستان ئېيتىش پائالىيىتىنى داۋاملاشتۇرىدۇ.

**2. ئۇيغۇر ئاغزاكى داستانلىرىنىڭ مەۋجۇتلۇق خەۋپى**

ئۇيغۇرلار دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىش شەكلىگە بىر قەدەر بۇرۇن كىرىشكەن. چارۋىچىلىقتىن دېھقانچىلىققا ئۆتۈش جەريانى داستان ئىجادىيىتىگە ۋە تارقىتىش شەكلىگە بىۋاسىتە تەسىر كۆرسەتكەن. چارۋىچى مىللەتلەردە ۋاقىت ئېڭى ئاجىز، ئولتۇراقلىششى چېچىلاڭغۇ، باتۇرلۇق قارىشى كۈچلۈك، چىلىشىش، بەيگە، قارىغا ئېتىش قاتارلىق ئوۋ ماھارىتىگە ماھىر. شۇڭا ئۇلاردا قەھرىمانلىق داستانلىرى مول ۋە باي. تېرىقچى مىللەتلىرىنىڭ ۋاقىت قارىشى بىر قەدەر كۈچلۈك، بوش ۋاقتى چارۋىچى مىللەتلەردەك كۆپ بولمايدۇ. تېرىقچىلىقنىڭ مۇقىم يەرنى تۈزلەش، ئوغۇت سېلىش، ئۇرۇق سېلىش، سۇغىرىش، ئوتاش، ئېرىق ياساش، پەرۋىش قىلىش قاتارلىق نۇرغۇن ئىنچىكە ھالقىلارغا كۆپ ۋاقىت ۋە ئەجىر كېتىدۇ. شۇڭا مال - چارۋىلارنى يايلاقتا قويۇپ بېرىپ، كەچكىچە بىكار چۆرگىلەپ يۈرىدىغان چارۋىچىلارنىڭ ھېكايە سۆزلەش، ئىجاد قىلىش ۋە سۆزلەشكە ۋاقتى تولىمۇ كەمرى. شۇڭا ئۇيغۇرلار مۇقىم ئولتۇراقلىشىپ تېرىقچىلىق بىلەن شۇغۇللانغاندىن كېيىن، ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىنىڭ تارقىلىش شەكلىدە كەسكىن ئۆزگىرىش يۈز بەردى. ئۇ مۇنداق ئىككى تەرەپتە كۆرۈلىدۇ:

بىرىنچى، ئاغزاكى ئىجادىيەت ۋە تارقىتىش شەكلى بىلەن يازما تارقىتىش شەكلىنى تەڭ قوللىنىش ھالىتى شەكىللەندى. ئۇيغۇرلار موڭغۇل ئېگىزلىكى ۋاقتىدا ئاغزاكى ئىجادىيەت ئۈستۈنلۈكىنى ساقلاپ قالغان. گەرچە ئۇيغۇرلار ئورخۇن - سېلىنگا بويلىرىدا ئات چاپتۇرۇپ يۈرگەن چېغىدىلا يېزىق قوللانغان بولسىمۇ، لېكىن يېزىق يەنىلا ئاۋام خەلق ئىچىدە قوللىنىش ۋە ئىجادىيەتتە ئىشلىتىش ئومۇملاشمىغان، پەقەت بىر قىسىم يۇقىرى تەبىقىدىكى ئاقسۆڭەكلەر قاتلىمىنىڭ مەمۇرىي ئىشلار ۋە دىپلوماتىيە ئىشلىرىنى بېجىرىش، خانلارنىڭ شەجەرىسىنى يېزىش قاتارلىق ساھەلەردىلا قوللىنىلغان. شۇڭا، ئاۋام خەلقنىڭ ئىچىدە ئاغزاكى ئىجادىيەت ۋە تارقىتىش مۇھىم ئورۇندا

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



تۇرغان. ئۇيغۇرلار غەربكە كۆچكەندىن كېيىن، بولۇپمۇ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن يېزىقنىڭ ئومۇملىشى تېزلەشتى. يازما ئەسەرلەر كۆپەيدى. نۇرغۇن خەلق ئاغزاكى داستانلىرى ئەدىبلەرنىڭ قەلەمدە پىششىقلىنىپ، ئەدەبىيلىشىپ، بېيىپ ۋە قېلىپلىشىپ باسما شەكىلدە تارقىتىلدى. ئەسەرلەرنى كۆپلەپ كۆچۈرۈپ ساتىدىغان، باسىدىغان كىتابلاشتۇرۇش كەسپى بارلىققا كەلدى. «ئوغۇزنامە»، «ھۆرلىقا ۋە ھەمراجان»، «غېرىب - سەنەم»، «تاھىر- زۆھرە»، «يۈسۈپ زۇلەيخا»، «پەرھاد - شېرىن»، «لەيلى - مەجنۇن» قاتارلىق نۇرغۇن خەلق داستانلىرىنىڭ يازما كىتابلىرى بارلىققا كەلدى. كىتابپۇرۇشلۇقنىڭ بارلىققا كېلىشى دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى بىلەن شۇغۇللىنىشتا ئۆتكەن ئۇيغۇرلارنىڭ كەچلەردە ماي چىراغنىڭ يورۇقىدا كىتاب ئوقۇشىغا شارائىت يارىتىپ بەردى، دېيىش مۇمكىنكى، مۇقىم تېرىقچىلىق شەكلى ئۇيغۇرلارنىڭ داستانچىلىق شەكلىنى تېخىمۇ بېيىتتى.

ئىككىنچى، يازما نەشرىيات ۋە ئېلېكترونلۇق ئۈن - سىن تېخنىكىسى داستانچىلىقنىڭ تارقىتىش شەكلىنى موللاشتۇردى. ئۈن - سىن ۋاسىتىلىرىنىڭ ئومۇملىشىشى ۋە نەشرىيات ئورگانلىرىنىڭ قۇرۇلۇشى ئۇيغۇر داستانچىلىقىنى ئۈن - سىن شەكلىدە ۋە كىتاب شەكلىدە نەشر قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇر خەلق داستانچىلىقىنى ئاغزاكى، يازما، ئۈن ۋە سىن قاتارلىق كۆپ خىل شەكىللەردە تارقىتىدىغان ئۇسۇللار مەيدانغا كەلدى. ئۇيغۇر خەلقى دېھقانچىلىق ئاساس، چارۋىچىلىقنى قوشۇمچە ئىگىلىك شەكلىدە ساقلاپ كەلگەن خەلق. ئۇيغۇرلارنىڭ ئاغزاكى ئەنئەنىسى گەرچە ئۇزاق بولسىمۇ، لېكىن قازاق، قىرغىز قېرىنداشلاردەك ئىزچىللىقنى ساقلىيالمىغان. شۇڭا ئۇيغۇرلاردا «ماناس» تەك چوڭ تىپتىكى ئاغزاكى قەھرىمانلىق داستانى، «ئالپامىس»، «قوبلاندى» دەك ئوتتۇرا ھەجىملىك خەلق داستانلىرى مەيدانغا كەلمىگەن. «ئوغۇزنامە» گەرچە سۇژېت جەھەتتە چوڭ ھەجىملىك داستانلاردىن قېلىشمىسىمۇ، لېكىن شەكىل جەھەتتە يازما شەكىلدە تۇرۇپ قالغان. بۇ روشەنكى ئۇيغۇرلارنىڭ دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. چارۋىچىلىق ئىگىلىك ئەندىزىسىنىڭ تەسىرىدە قىرغىز، قازاق خەلقلىرىدە ئاغزاكى ئىجادىيەت ھازىرقى زامانلارغىچە ھاياتىي كۈچىنى ساقلاپ كەلدى. ۋەھالەنكى، ئۇيغۇر خەلقىدە ئاغزاكى داستان ئىجادىيىتى بارغانسېرى يوقىلىشقا قاراپ يۈزلەندى. بۇ تۆۋەندىكى ئىككى نۇقتىدا ئېنىق ئىپادىلىنىدۇ:

بىرىنچى، ئۇچۇر قوبۇل قىلغۇچى، يەنى ئاڭلىغۇچىلار كۈنسېرى ئازايدى. زامانىۋى كۆڭۈل ئېچىش ۋاسىتىلىرىنىڭ ئومۇملىشىشى ئۇيغۇر خەلق ئاممىسىنىڭ مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىنى بېيىتتى. تېلېۋىزور، سىنئالغۇ، ئۈنئالغۇ، رادىئو، كىنو قاتارلىق ئېلېكترونلۇق مەدەنىيەت قوراللىرى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تۇرمۇشىغا سىڭىپ كىردى. ئۇيغۇر رايونلىرىدا مەجبۇرىي مائارىپنىڭ ئومۇملىشىشى ۋە ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش ھەرىكىتىنىڭ ئېلىپ بېرىلىشى بىلەن ئۇيغۇر ئاممىسىنىڭ مەدەنىيەت ساپاسى ئۈزلۈكسىز ئۆستى. بۇنىڭ بىلەن كىتاب، گېزىت - ژۇرنال ئوقۇيالايدىغان كىشىلەر بارغانسېرى كۆپەيدى. شۇنىڭ بىلەن ئىلگىرىكى داستانچىلارنىڭ تاماشىبىنلىرى كىنو - تېلېۋىزور، سىنئالغۇ فىلىملىرىنىڭ سادىق تاماشىبىنلىرىغا، ئىخلاسمەن رادىئو ئاڭلىغۇچىلارغا ۋە كىتاب، گېزىت - ژۇرناللارنىڭ قىزغىن ئوقۇرمەنلىرىگە ئايلاندى. ھەتتا بەزى ياشلار تورنىڭ مەپتۇنكارلىرىغا ئايلىنىپ، داستانچىلارنىڭ ناخشىلىرىنى كونا ۋە زاماندىن



2009.2

قالغان، دەپ ئاڭلاشنى خالىمىدى. ئۇيغۇر رادىئو - تېلېۋىزىيە نومۇرلىرىنىڭ بېيىشى ۋە قىزىقارلىقلىشىشى، تۇرمۇشقا يېقىنلىشىشى بىلەن كۆپ قىسىم داستان ئاڭلىغۇچىلارنىڭ دىققەت - ئېتىبارى بۇ ۋاسىتىلەرگە بۇرالدى. ھازىر ئىنتايىن ئاز قىسىم ياشانغانلار، باللار داستانچىلارنىڭ ساداقەتمەن ئاڭلىغۇچىلىرى بولۇپ، يوقىلىش ئالدىدا تۇرغان داستانچىلىققا كىچىككىنە ئۈمىد بېغىشلىماقتا. ئىككى يىل بۇرۇن خوتەن رايونىدا تەكشۈرۈشتە بولغىنىمدا بۇ خىل تاماشىبىنلارنىڭ ئەھۋالىنى بىۋاستە ئىگىلىگەنىدىم؛ ئىككىنچى، ئۈچۈر تارقاتقۇچى، يەنى داستانچىلارنىڭ سانى بارغانسېرى ئازايدى. داستانچى بىلەن ئاڭلىغۇچىنىڭ مۇناسىۋىتى ناھايىتى چوڭ، ئاڭلىغۇچى ئازلىغان ئىكەن، تەبىئىيكى تىرىكچىلىك دەسمايىسى بولغان كەسپىنى ئۆزگەرتىشكە، بازار ئېھتىياجىغا ماسلاشتۇرۇشقا مەجبۇر بولىدۇ. نۆۋەتتە خوتەن، لوپنۇر، قومۇل رايونلىرىدا يېشى چوڭراق داستانچىلاردىن باشقا داستان ئىجادچىلىرى، تارقاتقۇچىلىرى ۋە ۋارىسلىرى قالمىدى. ياش، ئوتتۇرا ياش داستان ئېيتقۇچىلار، ئۆگەنگۈچىلەر كەسىپ ئۆزگەرتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇر ئاغزاكى داستان ئىجادىيىتى ۋە تارقىتىلىشى ئىلگىرى كۆرۈلمىگەن كرىزىسقا ۋە خىرىسقا دۇچ كەلدى. ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىنى قۇتقۇزۇش، داستانچىلىق پائالىيىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش — بىز بىر ئەۋلاد كىشىلىرىنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مۇھىم بىر بۇرچى ۋە ۋەزىپىسى بولۇپ قالدى. دۆلىتىمىز ب د ت مائارىپ، پەن - تېخنىكا تارمىقىنىڭ ئاغزاكى ۋە غەيرىي ماددىي مەدەنىيەتنى يىغىش، ساقلاش، قوغداش ۋە راۋاجلاندۇرۇش چاقىرىقىغا پائال ئاۋاز قوشۇپ، نۇرغۇن مەدەنىيەت مىراسلىرىنى بۇ قوغداش تۈرىگە تىزىملاتتى. 2005 - يىل تەستىقلانغان ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىمۇ بۇنىڭ جۈملىسىدىندۇر. شۇڭا بىز پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، ئۇيغۇر داستانچىلىقىمىزنى ب د ت ۋە دۆلىتىمىزنىڭ مەدەنىي مىراس قوغداش تۈرىگە كىرگۈزۈشىمىز، ئۇيغۇر داستانچىلىق پائالىيىتىنى قوغدىشىمىز كېرەك.

ئومۇمەن، ئۇيغۇر داستانچىلىقى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مۇھىم ئاغزاكى مەدەنىيەت مىراسى، ھازىر پەقەت شىنجاڭنىڭ خوتەن، قومۇل قاتارلىق قىسمەن رايونلىرىدا ئاغزاكى داستانلار ساقلانماقتا. غەربنىڭ ئاغزاكى ئەنئەنە نەزەرىيىسى، ئاغزاكى ماھارەت نەزەرىيىسى ۋە تارقىتىش نەزەرىيىسى قاتارلىق يېڭى تەتقىقات نەزەرىيىلىرىنىڭ نۇقتىسىدا تۇرۇپ قارىغاندا ئاغزاكى ھالەتتىكى داستانلارنىڭ تەتقىقات قىممىتى مۇقىملاشقان، تۇراقلاشقان ۋە ئەدىبلەر ئىش قوشقان داستانلاردىن نەچچە ھەسسە يۇقىرى بولىدۇ. نەشر قىلىنغان يازما ئېغىز ئەدەبىيات ئەسەرلىرى، جۈملىدىن، داستانلارنى پەقەت يازما ئەدەبىياتنىڭ ئۇسۇلى بىلەن تەتقىق قىلىش مۇمكىن. چۈنكى بۇرۇنقى يىغىش، توپلاش ۋە رەتلەش خىزمىتىمىزدە نۇرغۇن ئىلمىي بولمىغان نۇقتىلار ھازىر ئىسپاتلانماقتا. شۇڭا ئاغزاكى داستانلارنى، داستانچىلارنى ۋە داستانچىلىق پائالىيىتىنى ساقلاش ۋە قوغداش — ئۇيغۇر ئاغزاكى ۋە غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى يىغىش، ساقلاش، قوغداش ۋە راۋاجلاندۇرۇش خىزمىتىدىكى مۇھىم بىر ئەھمىيەتلىك ئەمگەك. شۇڭا، ھۆكۈمەت تارماقلىرى، مەدەنىيەت ئورۇنلىرى ۋە شەخسلەر تەڭ تەدبىر تۈزۈپ، كۈچ چىقىرىپ، ئەجدادىمىزدىن ۋارىسلىق قىلىنىپ كەلگەن بۇ مەدەنىي مىراسنى قوغدىشىمىز ۋە راۋاجلاندۇرۇشىمىز زۆرۈر.

(ئاپتور: غەربىي شىمال مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ دوتسېنتى، ئەدەبىيات پەنلىرى دوكتورى)

## بىلدۈرگۈ

«مىراس» ژۇرنىلىنىڭ توپ تارقىتىش ئىشلىرىنى ئۈرۈمچى ئىزچىلار كىتابخانىسى بېجىرىدۇ. جايلاردىكى شەخسىي كىتابخانىلار ۋە ئوقۇرمەنلەرنىڭ ۋاقىپ بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

ئۈرۈمچى ئىزچىلار كىتابخانىسىنىڭ ئادرېسى:
ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى 100 - نومۇر
(ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتىنىڭ ئۇدۇلىدا)
پوچتا نومۇرى: 830001
تېلېفون نومۇرى: 2850601 - 0991

**«مىراس» ژۇرنىلى نەشرىياتى**

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



# ئەنئەنىۋى كىيىمىز پەرىجە ھەققىدە

**تۇرسۇن بەكرى**

دىيارىمىزدا كىيىنىش - ياسىنىش ئادەتلىرىنىڭ شەكىللىنىش تارىخى ئۇزاق زامانلارغا تۇتىشىدۇ. چەرچەن زاغۇنلۇق قەبرىستانلىقىدىن قېزىۋېلىنغان بۇنىڭدىن 3000 يىللار بۇرۇنقى دەۋرگە تەۋە دەپ قارىلىۋاتقان خىلمۇ خىل كىيىم - كېچەكلەر (تون، كۆڭلەك، يوپكا، ئىشتان، ئۆتۈك، ھەر خىل رەڭدىكى شارپا، ياغلىق، گۈللۈك بەلباغ، قولقاپ، ھەر خىل باش كىيىم نۇسخىلىرى) تۈرلىرىنىڭ كۆپلۈكى، شەكلىنىڭ لايىھىسىنىڭ ئۆزگىچىلىكى، تىكىلىشىنىڭ سىپتىلىكى، رەڭگىنىڭ خىلمۇخىللىقى بىلەن ئالاھىدە خاراكتېرلىنىدۇ. دىيارىمىز خەلقى جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ھەرقايسى باسقۇچلىرىدا ئۆزىگە خاس كىيىنىش - ياسىنىش ئادەتلىرىنى يېتىلدۈرگەن بولۇپ، كىيىم - كېچەك، ياسىنىش ئادەتلىرى ئىچىدە كىرىيە، چەرچەن ئاياللىرىنىڭ پەرىجىسى ئەجدادلىرىمىزنىڭ قەدىمكى دەۋرلەردىن تاھازىرغىچە ئىزچىل داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئەنئەنىۋى كىيىم - كېچىكى بولۇپ، قويۇق سەنئەت تۈسىنى ئالغان مىللىي تەۋەررۇكىمىزدۇر.

پەرىجە — ئادەتتە ئاياللار ئۇزۇن كىيىملىرى ئىچىدىكى ئايالچە تون بولۇپ، ئاساسەن قارا رەڭلىك خاڭدەن، تاۋار، دۇخاۋا، دۇردۇن، مەخمەل قاتارلىق رەختلەردىن تىكىلىدۇ. دىيارىمىزدىن تېپىلىۋاتقان ئەڭ بۇرۇنقى يۇڭ توقۇلما كىيىملىرىنىڭ شەكلىدىن ھەممىسى



دېگەندەك ياقىسىز، ياكى ياقىلىق، ئالدى ئوچۇق تون شەكىللىك بولۇپ، بەزىلىرىنىڭ ئالدى پەشلىرىگە رەڭلىك يۇڭ يىپتىن ئۈچبۇلۇڭ شەكلىدە (ھەرە چىشى شەكلىدە) كەشتە ئىشلەنگەن. ئىككى كۆكرىكىگە ئۈچ دانىدىن ئۈچ-بۇلۇڭ شەكىللىك جىيەك تۇتۇلغان. دىيارىمىز ئاياللىرى ھازىرغىچە كىيىۋاتقان پەرىجە قەدىمكى يۇڭ توقۇلما كە-يىملىرىمىزنىڭ داۋامى ۋە راۋاجى بولۇپ، ئالدى ئوچۇق تىكىلىدۇ. تۈگمە بېكىتىلمەيدۇ. شەكلى باشقا رايونلاردى-كى ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ تون كىيىم شەكلىگە ئومۇمىي جە-ھەتتىن ئوخشايدۇ. ئەمما كېرىيە، چەرچەن ئاياللىرىنىڭ پەرىجىسىنىڭ كۆكرەك، پەش ئېتەكلىرىگە چۈشۈرۈلگەن شەكىللەرنىڭ رەڭگى (چەش رەڭلىك)، كىيىم تېگىنىڭ قارا بولۇشى قاتارلىقلار مۇئەييەن مەزمۇنغا ئىگە.

پەرىجە ھەققىدە ئىلگىرى نۇرغۇن تەتقىقات، چۈ-شەندۈرۈش، تونۇشتۇرۇشلار ئېلىپ بېرىلدى ۋە ئېلىپ بېرىلىۋاتىدۇ ھەمدە بۇ قېتىم ئۇ ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ساقلاپ قېلىشقا تېگىشلىك غەيرىي مەدەنىيەت مىراسى تۈرى قىلىپ بېكىتىلدى.

ئەجدادلىرىمىز ئەڭ بۇرۇنقى دەۋرلەردە ئالەمنى «كۆك»، «يەر - سۇ» دەپ ئىككىگە ئايرىغان. ئۇلار «ئاسمان»نىڭ رەڭگىنى «ئاق»، يەر - سۇنىڭ رەڭگىنى «قارا» دەپ سۈپەتلىگەن. كېيىنكى دەۋرلەردە «ئاسمان» چۈشەنچىسىنى ئۆز پېتى ساقلاپ، يەر، سۇ چۈشەنچىسىنى ئىككىگە ئايرىپ «سۇ» ۋە «بوز يەر» دەپ ئاتىغان. «ئاسمان» نىڭ رەڭگىنى «ئاق»، «يەر» ۋە «سۇ»نىڭ رەڭگىنى «ئاق - قارا» دەپ سۈپەتلىگەن. كېيىنكى دەۋرلەردە يۇقىرىقى مەنتىقە بويىچە يەنىمۇ ئىل-گىرىلىگەن ھالدا دۇنيانى ئۈچكە بۆلگەن يەنى ئۈستۈنكى دۇنيانى «ئاق» يەنى يورۇقلۇق ئېلى، ئاستىنقى دۇنيانى «قارا» يەنى قاراڭغۇلۇق ئېلى، بۇ ئىككى دۇنيا ئارىلىقى-دىكى ئوتتۇرا دۇنيانى «ئاق - قارا» يەنى ئىنسانلار ئاپە-رىدە بولىدىغان جاي ياكى تۇرىدىغان يەر يۈزى دەيدى-غان ئالەم توغرىسىدىكى ئۈچلۈك مەنتىقە كېلىپ چىققان. ئەجدادلىرىمىزدا خېلى بىر مەزگىل بۇ خىل ئۈچلۈك مەن-تىقىسى داۋاملاشقان. دۇنيا توغرىسىدىكى چۈشەنچىلىرىدە تاق سان «ئۈچ»نى ئۇلۇغلاش ئادىتى شەكىللەنگەن.

دىيارىمىز ئاياللىرىنىڭ پەرىجىسى مۇراسىم كىيىمى قاتارىدا كىيىلىپ كېلىنىۋاتىدۇ. پەرىجە كىيگەن ھەر قانداق ئايال پەرىجە كىيىپ بېشىغا ئاق ياغلىق سېلىشى، ئاق ياغلىق ئۈستىگە كىچىك تەلپەك كىيىشى لازىم. بېشىغا سالغان ئاق ياغلىق بىلەن قارا پەرىجە ئۆزئارا ماسلىشىپ ئاياللىرىمىزنى تېخىمۇ جەزبىدار، ئۆز قىلىپ كۆرسىتىدۇ. پەرىجە ئەجدادلىرىمىزنىڭ قەدىمكى تەبىئەت ئېتىقادچىلىقى-نىڭ «ئۈچلۈك» مەنتىقىسىگە ماس ھالدا (ئاق ياغلىق يو-رۇقلۇق - كۆككە، پەرىجىنىڭ قارا رەڭگى يەر ۋە سۇغا بەلگە قىلىنغان ھالدا) لايىھىلەنگەن بولۇپ، بىزگە ئەج-دادلىرىمىزنىڭ ئىپتىدائىي ئالەم قارىشى ھەققىدە ئۇچۇر بېرىدۇ. مۇنداقچە ئېيتقاندا ئەجدادلىرىمىزدا مۇقىملاشقان «ئۈچلۈك قارىشى» بويىچە يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا



ئاق ياغلىق ــ ئۈستۈنكى ئالەم (يورۇقلۇق ئېلى)، قارا رەڭلىك پەرىجە ــ ئوتتۇرا ئالەم (قاراڭغۇلۇق ئېلى)، بۇ ئىككى دۇنيا ئارىلىقىدىكى ئوتتۇرا دۇنيا ــ ئىنسانلار ئاپىرىدە بولىدىغان جاي ياكى ياشايدىغان ماكان، دېگەن ئالەم قارىشىغا تولىمۇ ماس كېلىدۇ.

ئادەتتە پەرىجىنىڭ ئوڭ، سول كۆكرىكىگە ئايرىم - ئايرىم يەتتە ياكى توققۇز تالدىن ئۆزئارا ئۇدۇل قىلىپ چەش رەڭلىك (يېشىل رەڭلىك) ئاي شەكىللىك (مېنىڭچە يوپۇرماق شەكىللىك) جىيەك تۇتۇلىدۇ ھەمدە پەرىجىنىڭ ئالدى گىرۋىكى ۋە ئېتەكلىرىگە 2 ـ 3 سانتىمېتىر كەڭلىكتە چەش رەڭلىك گىرۋەك تۇتۇلىدۇ.

ئەجدادلىرىمىز دۇنيادىكى باشقا مىللەتلەرگە ئوخشاشلا ئەڭ دەسلەپكى دەۋرلەردە تەبىئەت ئېتىقادچىلىقى دەۋرلىرىنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن. تەبىئەتتىكى ئۆزىگە تەسىرى كۈچلۈك بولغان كۈن، ئاي، يۇلتۇز، تۇپراق، تاغ، دەريا، دەل ـ دەرەخ، ئوت ـ چۆپ، گۈل گىياھ... قاتارلىقلارغا ئېتىقاد قىلغان. بۇنىڭ ئىچىدە دەرەخ ئېتىقادچىلىقى ئەجدادلىرىمىز ئارىسىدا خېلى ئۇزاق بىر مەزگىل ئاساسىي ئورۇندا تۇرۇپ كەلگەن. دەل ـ دەرەخلەر قەدىمكى ئەجدادلىرىمىز ئۈچۈن يىرتقۇچ ھايۋانلاردىن مۇداپىئەلىنىشنىڭ ھامىيسى، تۇرار جاي بولۇپ پاناھلىنىدىغان ماكان ۋە ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرىنى ياسايدىغان ماتېرىيال، ئوزۇق ـ تۈلۈك ئالىدىغان سىرلىق شەپقەتچى بولۇپ تۇيۇلغاچقا، تەبىئەت ئېتىقادچىلىقىنىڭ ئىچىدە گەۋدىلىك ئورۇندا تۇرغان. مۇناسىۋەتلىك تارىخىي ماتېرىياللاردا ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئىپتىدائىي ئېتىقادلىرى ئىچىدە دەرەخ ئېتىقادى ھەققىدىكى بىر قىسىم ئەھۋاللىرى ئەپسانە، رىۋايەت تەرىقىسىدە دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن. دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن تارىخىي داستانىمىز «ئوغۇزنامە»دە: ئوغۇزخاننىڭ كۆلنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۆسكەن بىر تۈپ دەرەخنىڭ كاۋىكىدا ئولتۇرغان ئىنتايىن ساھىبجامال، كۆزى ئاسماندەك كۆك، چېچى ئېقىن سۇدەك، چىشلىرى ئۈنچىدەك بىر گۈزەل قىزغا نىكاھلانغانلىقى ھىكايە قىلىنغان.

دېمەك، «ئادەم دەرەختىن تۇغۇلدۇ» دەيدىغان قاراش قەدىمكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ تەبىئەت ئېتىقادچىلىقى قارىشىنىڭ بىرى ئىدى. ئۇلار ئەر ـ ئاياللارنىڭ قوشۇلۇشى ۋە بالىلارنىڭ تۇغۇلۇشى توغرىسىدىكى سەۋەب ـ نەتىجە مۇناسىۋەتنى چۈشىنىپ يېتەلمىگەچكە، دەل ـ دەرەخلەرمۇ ئادەملەرگە ئوخشاش ھاياتىي كۈچكە ئىگە دەپ قاراپ ئادەمنىڭ تۇغۇلۇشىنى دەل ـ دەرەخلەرگە باغلاپ ئۇنى مەبۇدلاشقان ئانىلارغا ئوخشاتقان. تەتقىقاتچى ئابلىمىت روزىنىڭ «ئۇيغۇر تەسۋىرىي سەنئىتىنىڭ مەزمۇنى ۋە ئالاھىدىلىكى توغرىسىدا» دېگەن ئىلمىي ماقالىسىنىڭ «باغۇ بوستان»، «دەرەخ قىز» ناملىق تارماق ماۋزۇلىرىدا: «ئۇيغۇرلار شامان دىنىغا ئېتىقاد قىلغان مەزگىللەردە دەل ـ دەرەخلەر قەدىرلىك ھېسابلىناتتى» دەپ يازىدۇ. ئەپسانە، رىۋايەتلەردىكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ دەرەخ ئېتىقادچىلىقىدىكى «دەرەخنى ئادەملەرگە ئوخشاش ھاياتىي كۈچكە ئىگە» دەپ تەرىپلىشى، ئانىلارنى پۈتكۈل مەۋجۇداتلار ئىچىدىكى كۆپىيىش مەبۇدى قىلىپ، ئانىلارنىڭ پەرزەنت تۇغۇشىنى دەرەخكە باغلاپ، دەرەخلەرنىڭ كۆكلەپ مېۋە بېرىشىنى ئانىغا ئوخشىتىپ تەسۋىرلىشى ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئەڭ قەدىمكى تەبىئەت قاراشلىرى ئىدى. دىيارىمىز ئاياللىرىنىڭ پەرىجىنىڭ كۆكرەك قىسمىغا چۈشۈرۈلگەن چەش (يېشىل) رەڭلىك يوپۇرماق شەكلى ۋە ياقا پەشلىرىدىكى چەش (يېشىل) جىيەكلەر دەل زامانىمىزغىچە يېتىپ كەلگەن ئىپتىدائىي دەرەخ ئېتىقادچىلىقى قارىشىنىڭ تىپىك نامايەندىسى دېيىشكە بولىدۇ. پەرىجە تىكىنىڭ خاس قارا رەڭدە بولۇشى، ئەجدادلىرىمىزنىڭ «قارا» رەڭنى ئۇلۇغلاش ئەقىدىسىدىن كەلگەن بولۇپ، قارا رەڭ قەدىمكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئالەم قارىشى بويىچە ئىنسانلار ئاپىرىدە بولىدىغان، ياشايدىغان زېمىننى يەنى تۇپراقنى بىلدۈرىدۇ. بىزدە تۇغۇلغان زېمىنىمىزنى «ئانا تۇپراق» دەپ ئاتاش ھازىرغىچە مەۋجۇت. دېمەك،





پەرىجە تېگىنىڭ قارا بولۇشى «ئانا تۇپراق»نى بىلدۈرسە، ئوڭ سول كۆكرەك قىسىملىرىدىكى چەش (يېشىل) رەڭلىك يوپۇرماق شەكىللىرى، پەش ـ ئېتەكلىرىدىكى چەش (يېشىل) رەڭلىك جىيەكلەر بىزگە تۇپراقتىن پەيدا بولغان بىر تۈپ باراقسان دەرەخ ئارىسىدىن (ئوتتۇرىسىدىن) بېشىغا ئاق ياغلىق سالغان جاھانغا يورۇقلۇق ئاتا قىلغۇچى «ئانا»نىڭ كېلىشكەن سىماسىنى ئەسلىتىدۇ. مۇنداقچە ئېيتقاندا، پەرىجىنىڭ پەش ـ ئېتەكلىرىگە تۇتۇلغان چەش (يېشىل) رەڭلىك جىيەكنى پەرىجىنىڭ ياقىسىغا قارىتىپ يىملەشتۈرگەندە، بىر تۈپ يېشىل غولنى ھاسىل قىلسا، ئوڭ سول كۆكرەك قىسمىغا يەتتە ياكى توققۇز تالدىن قىلىپ چۈشۈرۈلگەن يېشىل يوپۇرماق شەكلى بىلەن قوشۇلۇپ، باراقسان يوپۇرماق چىقارغان بىر تۈپ دەرەخ شەكلىنى ھاسىل قىلىدۇ ۋە ياكى پەرىجە بىزگە ياپيېشىل ئۆسكەن بىر تۈپ دەرەخنى ئەسلەتسە، پەرىجە كىيگەن ئايال ئاشۇ دەرەخنىڭ دەل ئوتتۇرىسىدىن (ياقىسىدىن) ئۆسۈپ چىققان «بوستان چاچلىق دەرەخ قىز» ياكى «دەرەخ ئايال» بولۇپ كۆرۈنىدۇ.

پەرىجىنىڭ ئوڭ سول كۆكرىكىگە چۈشۈرۈلگەن يەتتە ياكى توققۇز تال يوپۇرماق شەكلى ئەجدادلىرىمىزدىكى خاسىيەتلىك سان ئەقىدىسىنىڭ ئىپادىلىنىشى بولۇپ، ئەڭ قەدىمكى ئەنئەنىۋى مۇقەددەس سانلار ئەقىدىسىنىڭ ئىزناسىدۇر. قەدىمكى ئىپتىدائىي جەمئىيەتتە بۇ سانلار ئىنسان تەپەككۇرىدىكى مەۋھۇم ھادىسىلەرنىڭ كونكرېت بەلگىسى بولۇش رولىنى ئوينىغان بولۇپ، مۇئەييەن مەنىگە ئىگە ئىدى. شۇڭلاشقا بۇ سانلار بارغانسېرى قېلىپلىشىپ، خەلقىمىزنىڭ پىسخىك ئېتىقادىدا، ئېتنىك تۇرمۇش ئادەتلىرىدە، ھاكىمىيەت تۈزۈلمىلىرىدە، ئىگىلىك قاراشلىرىدا ۋە ئاغزاكى ئىجادىيەتلىرىدە ئۆز ئەكسىنى تېپىپ روشەن خاسلىققا ئىگە بىر خىل مەدەنىيەت ھادىسىسى بولۇپ شەكىللەنگەن.

پەرىجە ـــ خەلقىمىز ئارىسىدا ئەسىرلەردىن بۇيان تاھازىرغىچە ساقلىنىپ كېلىۋاتقان ئىپتىدائىي ئانىغا چوقۇنۇش (ئانىمىزملىق) ئېتىقادى ئاساسىدىكى ئۆزگىچە رايون ئالاھىدىلىكىگە، روشەن خاسلىققا ئىگە بەدىئىي سەنئەت مىراسى. ئۇ ئانىمىزملىق دەۋرلىرىدە ئىلاھىي ئانىلارغا سىمۋول بولغان دەرەخ ئېتىقادىچىلىقىغا (دەرەخ شەكلىگە) تەقلىد قىلىپ لايىھىلەنگەن ھەم بۈگۈنگىچە ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئەڭ قەدىمكى ئالەم قارىشى بولغان «ئۈچ دۇنيا» مەنتىقىسىمۇ سىڭدۈرۈۋېتىلگەن. دىيارىمىزدا ساقلىنىپ قالغان ئەنئەنىۋى كىيىمىمىز پەرىجىنى ھەر خىل دەۋرلەردە، ھەر خىل دىن ۋە ئېقىملارنىڭ ئۆتكەللىرىدىن ئوڭۇشلۇق ئۆتۈپ ۋە ئۇنىڭغا ماسلىشىپ، ئەمما ئەسلىدىكى مەنبەسىنى تولۇق ساقلاپ، تا ھازىرغىچە ئىزچىل داۋاملىشىپ كەلگەن بۈگۈنكى پارلاق مەدەنىيىتىمىزدىكى ئېسىل كىيىم ـ كېچەك سەنئىتىنىڭ ئۆزگىچە نامايەندىسى ئەكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇ.

**پايدىلانغان ماتېرىياللار:**


(1) ھاجى ئىمىن تۇرسۇن ئەپەندىنىڭ «قەدىمكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى» ناملىق كىتابى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2000 ـ يىل ئۇيغۇرچە نەشرى.

(2) «قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي داستانى ـ ئوغۇزنامە» مىللەتلەر نەشرىياتى 1980 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى.

(3) ئابلىمىت روزى «يەنە ئۇيغۇر تەسۋىر سەنئىتىنىڭ مەزمۇنى ۋە ئالاھىدىلىكى توغرىسىدا» شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى 1987 ـ يىللىق 2 ـ سان.

(4) ئابدۇكېرىم رەھمان «يىپەك يولىدىكى ئەپسانە ۋە رىۋايەتلەر» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1985 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى.

(5) باتۇر روزى «ئوغۇزنامە»دىكى شامان دىنى ئېتىقادى ھەققىدە دەسلەپكى ئىزدىنىش» شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى 1989 ـ يىل 2 ـ سان.


(ئاپتور: چەرچەن ناھىيە مەدەنىيەت ئىدارىسىدە)

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



# قىزلار تەربىيىسى

تىرىكچىلىك قىلىشنى بىلىش ساغلاملىق ئۈچۈن چەكسىز كېرەكلىكتۇر. «ھەرقاچان تۆت كېسەللىكنىڭ ئۈچى ئىككىنچى دورىغا موھتاج بولماي، ھەممىسى تىرىكچىلىكنى بىلىش بىلەن تۈزۈلۈر» دېگەن ئادەم ناھايىتى چىن سۆزلىگەندۇر. ھەركىم ئۆزىنى بىلىشى، تەبىئەتكە قاراپ، ئۆزىنىڭ قانداق شەكىلدە تىرىكچىلىك قىلىشنى تەجرىبە قىلىپ، شۇ شەكىلدە تىرىكچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىشى كېرەك. «خەيرۇل ئۇمۇر ئەۋسەتۇھا (ھەممە ئىشنىڭ ئوتتۇرىچىسى ياخشى)» دېيىلگىنىدەك، يەنى ھەركىم ئۈچۈن ئوتتۇرىچە تىرىكلىك خەيرلىكتۇركى، بۇ مەلۇم گۆش، سۇ، تۇخۇمغا ئوخشاش ھايۋان گۆشلىرى ۋە ئاشلىقلار بىلەن رىزىقلانماقتۇر. پەقەت گۆش ياكى ئاشلىق بىلەنلا تىرىكچىلىك قىلىش سالامەتلىك ئۈچۈن زىيانلىقتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن گۆش بىلەن ئاشلىقنى بىرگە يېيىش كېرەك. تاماقلىنىش ئېنىق سائەتلەردە بولۇپ، ئىككى قېتىملىق تاماقلىنىشنىڭ ئارىلىقى تۆت سائەتتىن كەم بولماسلىقى كېرەك. كەچلىك تاماقلىنىش يېتىشتىن ئۈچ - تۆت سائەت ئىلگىرى بولۇشى كېرەك. تاماقلىنىۋاتقان ۋاقىتتا چاي ئىچمەكچى بولسىڭىز، قويۇق تائاملارنى يېگەن ۋاقىتتا ئىچىش كېرەك. تاماقلىنىۋاتقان ۋاقىتتا بىر نەچچە قېتىم چاي ئىچىلسە، ناھايىتى پايدىلىق، تاماقنى ئاستا، ئوبدان چايناپ يېمەكنى ئادەت قىلىش كېرەك. ئالدىراپ تاماق يېيىش ئادەمنى تاماق سىڭمەيدىغان كېسەللىكلەرگە گىرىپتار قىلىدۇ. تاماقنىڭ مىقدارى ئۆزىنىڭ ئىشلىشىگە، نېمە ئىش بىلەن شۇغۇللىنىشىغا كۆرە بولۇشى كېرەك. كۆپرەك ئىشلىسە كۆپرەك يېيىشى كېرەك. خوتۇنلارنىڭ تەن بىلەن ھەم ئەقىل بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلىرى ئەرلەردىن ئازراقتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن يەڭگىلرەك تاماقلىنىشى لازىم. تاماقنى يەپ بولا - بولمايلا بىر ئىش بىلەن مەشغۇل بولۇشتىن، ئۆز ئىشىغا تۇتۇش قىلىشتىن ساقلىنىش كېرەك. ئەگەر گېزىت ئوقۇشقا ئوخشاش يەڭگىل ئىش بىلەن شۇغۇللانسا زەرەرى بولماس. تۇخۇملارنىڭ بۇزۇلمىغانلىقىنى بىلىش ئۈچۈن نۇرغا، يورۇققا تۇتۇپ قارىلىدۇ. تۇخۇملار قانچە يورۇق، يالتىراق بولسا، شۇ قەدەر يېڭى، قانچە خىرە بولسا شۇ قەدەر كونا بولىدۇ. ئەگەر تۇخۇم يېڭى بولسا،

توپتوغرا سۇنىڭ تېگىگە چۈشىدۇ، بىر كۈن ئىلگىرىكى بولسا ئەڭ تېگىگە چۈشەلمەيدۇ، ئەگەر ئۈچ كۈنلۈك بولسا، سۇنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۈزۈپ يۈرىدۇ. دېمەك، تۇخۇم قانچە كونا بولسا، شۇنچە سۇنىڭ يۈزىگە لەيلەپ چىقىدۇ.

## قىيام ۋە مېۋە قىيامىنى تەييارلاش

چىچەن خوتۇنلار ھەر يىلى مېۋە پىشقان ۋاقىتتا قىيام ۋە مېۋە قىياملىرىغا ئوخشاش شېرىنلىكلەرنى پىشۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ھەر تۈرلۈكىنى ئۆيىدە ھەر ۋاقىت تەييار بولۇشقا تىرىشىدۇ. ياخشى قايناتىلغان قىيام ئۇزاق ۋاقىتقىچە بۇزۇلماي تۇرىدۇ، ئۇزاق ساقلاش ئۈچۈن ئۇلارنى مۇۋاپىق قايناتىپ، شېكەر قوشماسلىق كېرەك. ئەگەر شېكەر قوشۇلسا، ئۇزاق قايناتىشقا توغرا كېلىدۇ، بۇنىڭ بىلەن قىيامنىڭ مىقدارى ئازىيىپ كېتىدۇ ۋە قايناۋەرگەنلىكتىن مېۋىنىڭ تەمى يوقاپ كېتىدۇ. قىيام قايناپ تۇرغاندا كۆپۈكلىرىنى سۈزگۈچ بىلەن ئېلىپ تۇرۇشى ۋە كوردنىڭ تېگىگە يېپىشىپ قالماسلىقى ئۈچۈن بىردەم ـ بىردەم قوچۇپ تۇرۇشى كېرەك. مېۋە قىيامى پىشقاندا بىر تامچىسىنى سۇغا سالغاندا ئېرىمەيدۇ ياكى قىيام تۇتسا ئېقىپ كەتمەيدۇ. قىيام پىشۇرۇشنى سۆزلەشتىن ئىلگىرى شېكەر پىشۇرۇشنى بىلدۈرۈش پايدىلىقتۇر. چۈنكى قىيامنىڭ ياخشى پىششى شېكەرنىڭ قىيام بولۇپ پىششى بىلەن بولىدۇ، بەش ئىستاكان شېكەرگە بىر ئىستاكان سۇ قۇيۇلسا مۇۋاپىق بولىدۇ. شېكەر بىلەن سۇ 30 مىنۇت قايناتىلىدۇ، مۇۋاپىق قاينىغىنىنى بىلىش ئۈچۈن ئەينەككە تېمىتىپ كۆرۈلىدۇ، تامچىلار تامغان پېتىچە تۇرسا، قايناپ قىيام ھالەتكە كەلگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

كىچىك ئالمىلار پۈتۈن ھالەتتە سېلىنىدۇ. يۇمشىغاندىن كېيىن سوغۇق سۇ بىلەن يۇيۇپ، سۈيىنى ساقىتىپ، بىر ھەسسە مېۋە، يېرىم ھەسسە شېكەر ھېسابىدا شېكەر سۈيى قايناتىپ، ئۈستىگە مېۋە ياكى ئالمىنى سېلىپ، مۇۋاپىق قايناتىلىدۇ، ئۈستىگە بىرئاز لىمون سۈيى قۇيۇپ قاچىلارغا ئۇسۇپ، سوۋۇغاندىن كېيىن ئاغزى ھىم ئېتىلىدۇ. يۇمشاق مېۋە (قۇلۇپنىكقا ئوخشاش مېۋىلەر)نى ئەزمەستىن، پاكىز تازىلىغاندىن كېيىن، بۇ مېۋىلەرگە نىسبەتەن بىر يېرىم مىقداردىكى شېكەر سېلىپ قايناتىلىدۇ، مېۋىلەرگە شېكەر سىڭگىنىچە قايناتىپ، سوۋۇشتىن ئىلگىرى قاچىلارغا قۇيۇپ، سوۋۇغاندا ئاغزى ھىم ئېتىلىدۇ. ئالۇچىلارنى پاكىز تازىلىغاندىن كېيىن، ساپىقى ئورنىدىن يىڭنە بىلەن ئۇرۇق ئېلىۋېتىلىدۇ. ئالۇچىغا زەرەر يەتكۈزمەستىن يىڭنە كىرگەن جايىدىن چىقىرىلىدۇ. ئۇرۇقى بىلەن پىشۇرۇلسىمۇ بولىدۇ. ئالۇچىغا نىسبەتەن بىر يېرىم مىقداردىكى شېكەر كورىغا سېلىنىپ، ئۈستىگە ئالۇچا ئۇرۇقىنى ئالغاندا چىققان سۈيى سۈزۈپ قۇيۇلىدۇ. ئاندىن ئۈستىگە ئالۇچىنىمۇ سېلىپ، كۈچلۈك ئوتتا قايناتىلىدۇ. كورددىكى ئالۇچا قايناپ كۆپۈكلەنگەندە، ئوتنى پەسەيتىپ كۆپۈكى ئېلىنىدۇ، يېتەرلىك قاينىغىنى مەلۇم بولغاندا، كورىنى ئوتتىن ئېلىپ، شۇ پېتىچە ئېلىپ ئاغزى بېكىتىلىدۇ.

ئالما بىلەن نەشپۈتنىڭ ئېسىلى، تازا ھەم ئەڭ كىچىكلىرىنى تاللىغاندىن كېيىن، پوستلىرىنى سۈرتۈپ، توغراپ، ئىچىدىكى ئۇرۇقلىرىنى ئېلىپ، قايسى بىرىنىڭ قىيامى پىشۇرۇلسا، ئاشۇنى قايناق سۇغا سېلىپ، قانچە يۇمشاق بولۇشنى خالىسا، شۇنچە يۇمشىتىش كېرەك.

## قول ھۈنەرلىرى

ياش قىزلارغا تەربىيە بەرگەن ۋاقىتتا ھەممىسى ئۆگىنىلىپ، ئۆگىنىشكە يارىماي قالغىنى بولسا قول ھۈنەرلىرى پەندۇر. باشقا ھۈنەرلەر بۇ پەننىڭ ئورنىنى باسالمايدىغانلىقتىن، خانىم قىزلار بۇ پەننى ئۆگىنىشكە تىرىشىشلىرى لازىمدۇر. قول ئىشلىرىغا ئۇستا بولغان خوتۇن قولىدا ھۈنىرى بارلىقى سەۋەبلىك ئەدەپ ئىپپەت ئىچىدە تىرىكچىلىك قىلالار. باي ئائىلە خانىملىرى قول ھۈنىرى ئارقىسىدا ۋاقىتنى خۇش ئۆتكۈزەلەيدۇ ھەمدە موھتاجلارغا ياردەمدە بولۇر. يىڭنە توغرا ۋە چىن دوست بولۇپ، كۆپىنچە ۋاقىتتا ئۆي خەلقىنىڭ ياردەمچىسى ۋە ئەڭ قىممەتلىك قوراللىرىدىن بىرىدۇر. ئۇ يالغۇز ۋاقىتلاردا ھەمراھ بولۇپ، غەم ـ قايغۇسى يوقتۇر، ياخشى ئىشلارنى مەيدانغا چىقىرۇر، كېرەك بولغاندا پېقىرلىق ۋە موھتاجلىققا قارشى كۆرۈشتۇر. قول ھۈنەرلىرىنى كىچىكىدىن باشلاپ تەرتىپى بىلەن ئۆگىنىش كېرەك. ئالدى بىلەن يىپ ئىگىرىشتىن، چوڭ ـ كۆك سېلىشتىن ۋە قۇراق تىكىشتىن، ياماشتىن باشلاپ، بۇلارنىڭ ھەر بىرىنى ئۇستا تىككۈچى بولۇپ ئۆگەنگەندىن كېيىن سۆكۈلگەن جايلارنى تىكىپ، ياماق ياماپ، كىيىملەرنىڭ بۆلەكلىرىنى كۆكلەش، باستۇرۇش، تۈگمە قاداش ياكى ئىلمە

uyghurkitap.com



تۈگمە تىكىشنى ئۆگىنىپ، ئاخىر ئۇششاق ـ تۈششەك كەيىملەر بىلەن پايپاقنى ياماشنى بىلىشتۇر.

تىكىش ئىشلىرىنى تولۇق ئۆگىنىپ بولغاندا، ئۇنىڭغا ئۇلاپلا نەقىش ئىشلىرىنى ئۆگىنىڭ. ياز، قىش كۆڭلەكلىرىنى تۈزىتىپ، سۆكۈك، يىرتىقنى تىكىپ، ياماپ، پايپاق بىلەن پايپاق يىرتىقنى ياماپ، ئائىلە، ئانىسىغا قانچىلىك پۇل تېجەپ بەرگەنلىكىنى ئويلاپ كۆرۈڭ. ياش خانىم قىزلار، قول ھۈنەرلىرىنىڭ ھەر بىرىنى ئۆگىنىپ قويۇڭ. ئۇلار سىزنى ھەم سۆلەتلىك قىلىدۇ، ھەم مەنپەئەتلەندۈرىدۇ. ئۆمرى ئۆتۈپ، قېرىلىققا قەدەم قويغان ھەر بىر خوتۇن يىگىنلىرىنى ماختاپ، «يىگىنەم» ساڭا بولغان مۇھەببىتىم نىممىتىڭگە شۇكۇرۇمنى، ساڭا بولغان تەشەككۈرۈمنى سۆزلىمەسلىكىم مۇمكىن ئەمەس. كىيگەن كۆڭلەكلىرىمگە، رومالىمنىڭ بىزەكلىرىگە، دېرىزىدىكى ئاق گەزلىمىدىن تىكىلگەن پەردىلەرگە ۋە باشقا نەرسىلەرگە قارايمەندە، پۈتۈن جاندۇقلىرىمنىڭ سېنىڭ ياردىمىڭ ئاستىدا بولغانلىقىنى كۆرىمەن. كىيىم تىكىش، كۆرپە قاپلاش توغرىسىدا ماڭا ياردەمدە بولغان ۋە كىچىككىنە قىزىمنىڭ ناھايىتى ماختىنىپ قونچىقىغا كىيگۈزگەن ئەتلەس كۆڭلىكىنىڭ تۈرلۈك بۆلەكلىرىنى بىر يەرگە كەلتۈرۈپ بىرىكتۈرگەنمۇ سەندۇرسەن.

يىگىنەم! سېنىڭ ھەققىڭدە ھازىرغا قەدەر ماختىغانلىرىم ناھايىتى ئاز، سېنىڭ بولسا دوستلىرىم ئالدىدا قەدرىڭ ناھايىتى بەلەندۇر. سەن بىر مەردۇ ـ مەردانەسەن، نېمەت بەرگۈچى قورالسەنكى، سېنىڭ ياردىمىڭ بىلەن بىچارىلەر قورساق تويغۇزار، سېنىڭ ياردىمىڭ بىلەن نەچچىلىگەن غەم ـ قايغۇلار يوقىلۇر. سېنىڭ بىر كۈن قوللاردا ھازىر بولۇشۇڭ نەقەدەر پايدا ۋە ئەزگۈلۈكلەرنى چاقىرىپ، تارتىپ كېلىدىغانلىقىنى بىلەمسەن، يىگىنەم؟ كىشىلەرنىڭ پېقىرلىقلىرىنى ۋە موھتاجلىقلىرىنى تۈگىتىشىڭنى، بوش ۋاقىتلىرىنى ھۇزۇرلۇق ئۆتكۈزۈشنى ۋە ئىنسانىيەتكە قىلغان خىزمەتلىرىڭنى ساناپ بولغىلى بولۇرمۇ؟ ئەگەر قۇربىڭ يەتسە ئىدى، بېشىڭدىن ئۆتكەن كەچمىشلىرىڭنى بىرمۇبىر يازار ئىدىڭ، سېنىڭ بۇ ھالىڭنى بىلگەن يازغۇچىلار بولسا ئىدى، ئۇلار ئۇچۇن نەقەدەر تەسىرلىك، پايدىلىق ۋەقەلەرنىڭ ئورنىنى ئالغان بولاتتىڭ.»

بىر يىگىنىنىڭ بۇنىڭغا جاۋابەن ئېيتقان سۆزلىرى مۇنداق: «ئەي، ياش خانىم! سەن مېنى بىرىنچى قېتىم نازۇك ۋە يۇمشاق قوللىرىڭغا ئالدىڭ ئەمەسمۇ؟ شۇنداق بولغانىكەن، مېنىڭ سۆزلىرىمنى دىققەت قىلىپ ئاڭلا! بۇ دۇنيادا ئادەملەر تىرىشىشى كېرەكتۇر. تىرىشمىغانلار ھېچقاچان ئادەملەر قاتارىدا سانالمايدىغانلىقىنى بىر قېتىم كۆز ئالدىڭغا كەلتۈر. ئىلگىرى نە ھالدا بولغىنىمنى ۋە ھازىر نە ھالغا كەلگىنىمنى كۆر ـ دە، بۇنىڭ بىر تىرىشىش ۋە ئىشلەش بىلەن بولغانلىقىنى چۈشەن! مەن دەسلەپ يارىتىلغان ۋاقتىمدا تۇپراقلار ئارىسىدا كۆمۈلگەن خام ئەشيا ۋە پىششىقلانمىغان مەدەن خورۇجى ئىدىم. بىردىنبىر ئىشى مەدەن قېزىپ چىقىرىش بولۇپ، ئاتلىرىمۇ مەدەنچى دېيىلگەن ئادەملەر مەن تۇرغان ئورۇنغا قەدەر كىرىپ، مېنى تۇپراقتىن چىقىرىشتى، تازىلىدى ۋە مەندىن تۆمۈر ياساشتى. ئاتىنىڭ ياردىمى بىلەن، تۈرلۈك ئىشلارنىڭ ۋاستىسى بىلەن مېنى تۆمۈر ھالىمدىن بىر پولات سىمغا ئايلاندۇرۇشتى. ئاخىر يەنە بىر ئەۋلاد كىشىلەر بۇ پولات سىمنى بۆلەكلەرگە بۆلۈپ، بىر بېشىمنى ئىنچىكە قىلىپ، يەنە بىر بېشىمنى سەل ياپىلاقلاپ تېشىشتى. شۇنىڭ بىلەن پولات سىمدىن يىگنىگە ئايلاندىم. جۇلا بېرىپ يالتىراتقاندىن كېيىن ۋەزىپەمنى بېجىرىش ئۈچۈن قولدىن قولغا ئۆتتۈشكە باشلىدىم. ئەمدى ئويلاپ كۆرگىن، ئايىمقىز! ئەگەر تىرىشىش نەتىجىسىز بولۇپ، مەن بولمىغان بولسام، ئۇستۇڭدىكى ئاشۇ كىيىمنى قانداق تىكىشەر ئىدى، چۈنكى ئۇنىڭ تۈرلۈك ـ تۈمەن پارچىلىرىنى بىر ـ بىرىگە قوشۇپ بىرىكتۈرگەن مەن.»

### قول ئىشلىرى ئۈچۈن كېرەك بولغان نەرسىلەر

قول ئىشلىرىغا ئۇستا خوتۇننىڭ كېرەك نەرسىلىرى، قوراللىرى تەييار بولۇشى لازىم. قوراللار قانچە ياخشى بولسا، ئىشمۇ شۇ قەدەر ياخشى بولىدۇ؛ نەقەدەر كەم، ناچار بولسا، ئىشمۇ شۇ قەدەر ناچار بولۇپ چىقىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن قول ئىشلىرىغا ئۇستا بولۇشنى ئويلىغان ياش قىزلارنىڭ قوللىرىدا مۇكەممەل ۋە جاھازلىق بىر قۇتىچە بولۇشى كېرەك. تىكىپ تۇرغان رەختلىرىنىڭ قېلىن ياكى نېپىزلىقىغا قاراپ يىپ ۋە يىگنىنى تاللاشنى بىلىشى لازىم. ئەكسىچە، ئۇزاق مۇشەققەتلەر چېكىش بىلەن ۋاقىتنى ئۆتكۈزگەندە، ئىشمۇ ناچار بولۇپ چىقىدۇ. مۇ-

كەممەل ۋە جاھازىلىق قۇتىچە دېگىنىمنى ئۇستى دۇخاۋا بىلەن زىنىنەتلەنگەن، ئىچى قىممەتلىك، نەپىس نەرسىلەر بىلەن تولغان قۇتىچە دەپ چۈشەنمەڭ، ئادەتتىكىدەك بىر قەغەز قۇتىچە بولسىمۇ بۇ ئىشقا يارايدۇ. پىچىپ - تىكىش ئۈچۈن ھەممە نەرسىلەر، يەنە يازىدىغان نەرسىلەر بولسا، بۇ ۋاقىتتا ئۇ قۇتىچە جاھازىلىق ۋە مۇكەممەل قۇتىچە بولىدۇ. ئالدى بىلەن ئۇزۇن - قىسقىلىقتا، ئىنچىكىلىكتە تۈرلۈك - تۈمەن يىڭنىلەر بولۇشى كېرەك. ياخشى پولاتتىن ياسالغان يىڭنىلەر سۇنۇپ كەتمەس، ئېگىلمەس، قانچىلىك كۆپ ئىشلىتىلسىمۇ ئۇچى تومىلىشىپ قالماس. يىڭنە فابرىكىلاردا نومۇر بىلەن ياسىلىپ، قەغەزلەرگە ئورۇلۇر. چوڭ يىڭنىلەر كىچىك نومۇرلۇق، كىچىك يىڭنىلەر چوڭ نومۇرلۇق بولۇر. ھەر خىل يىڭنىلەر 12 رەقەمگە بۆلۈنىدۇ. يىڭنىنى قىلىنىۋاتقان ئىشقا قاراپ تۇتۇش كېرەك. يىڭنىگە ئۆتكۈزۈلگەن يىپ ناھايىتى ئۇزۇن ياكى ناھايىتى قىسقا بولماسلىقى، قورقۇنچلۇق قازاغا سەۋەب بولماسلىقى ئۈچۈن يىڭنىنى ئېغىزغا سېلىش، شىشىگە تىقىپ كۆرۈشنىڭ يارىمايدىغانلىقىنى ھۆرمەتلىك ئوقۇغۇچى، خانىملارمۇ بىلىدۇ. يىڭنىلەر تۈتۈلمىغاندا يىڭنە قۇتىسىغا سېلىپ قويۇش ياكى كېرەك ۋاقىتتا تېزرەك ئېلىش ئاسان بولارلىق قىلىپ قېلىن رەختكە قاداپ قويۇش كېرەك. قۇتىچىدە بارماقلارغا ناھايىتى ماس كەلگەن بىر نەچچە ئويماقمۇ بولۇشى كېرەك. چاك ۋە نەقىش نەمۇنىلىرى، ئەندىزىلەر، تۈرلۈك ئىنچىكە ۋە يوغانلىقتىكى يىپلار، نەقىشلەر ئۈچۈن تۈرلۈك رەڭدىكى يىپەك، يۇڭ يىپلار كېرەك. بۇلاردىن تاشقىرى قۇتىچىدا قايچا، قەلەمتۇراش، لىنتا، بىگىز، يىڭنە سانجىپ قويىدىغان ياستۇقچە ۋە تۈگمىلەر بولۇشى كېرەك.

ئىلگىرىكى زامانلاردا قول ھۈنەرلىرىنى بىلمىگەن قىزلارنىڭ قەدىر - قىممىتى بولمىغانلىقتىن ۋە بۇنداق قىزغا ھېچكىم قىزىقمىغانلىقتىن، ھەر بىر قىز كىچىك ۋاقتىدىلا ئۇلارنى ئۆگىنىشكە ئادەتتىن تاشقىرى تىرىشقان. بۇ ھۈنەر كونا زامان تەربىيىسىدىن قالغان بولۇپ، ھازىرمۇ بۇ ھۈنەرلەردىن تولۇق بىلىملىك خانىملارنىڭ بارلىقى بەلىنمەكتە. شۇ ۋاقىتقىچە ياش قىزلارنى قول ھۈنەرلىرى ئۆگىنىشكە قىزىقتۇرۇش كېرەكلىكىنى، قول ئىشلىرى قىزلارنى ئۇيات بولۇش بالاسىدىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن تامامەن پايدىلىق يول ئىكەنلىكىنى دەۋا قىلىپ كەلگەن. بارلىق خوتۇنلار ئۈچۈن ئىشنى ياخشى كۆرۈشتىن كېرەكلىك ھېچنەرسە يوقتۇر، ئىش كۆڭۈلنى ئاچار. ئۇ كۆڭۈلدىكى بەختسىزلىك ۋە قايغۇلارنى ئويلاپ ئولتۇرۇشقا ئىمكان بەرمەس، ھەتتا ۋاقىتنى خۇشلۇق بىلەن ئۆتكۈزەر. ھۈنەرسىزلىك ئادەمنى پېقىرلىققا، موھتاجلىققا چۈشۈرىدۇ ۋە نۇرغۇن غەم - قايغۇلارغا گىرىپتار قىلىدۇ، ھەتتا ئۆمۈرنى خانىۋەيرانچىلىققا دۇچار قىلىدۇ. ھۈنەرسىز قىزلارنىڭ كېيىن جاپا تارتىپ قالماسلىقى ئۈچۈن، قىزلارنى كىچىكىدىن باشلاپ ھەر تۈرلۈك ئىشلارنى قىلىشقا ئادەتلەندۈرۈش كېرەك. ئۆيدە ئولتۇرۇشنى بىلمىگەن، ئۆي ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىشتىن ۋە قول ھۈنەرلىرىگە ئوخشاش بىر نەچچە كۆڭۈللۈك ئىشلاردىن لەززەت ئالمىغان بىر خوتۇن قانداق ئىشلىيەلەيدۇ؟ كىرلەرنى ئانىسىنىڭ ئۆزى يۇيسا ياكى قىزى يۇيۇۋاتقاندا ئالدىدا قاراپ تۇرسا، ھېچقانداق قىيىنچىلىقى، تەشۋىشى بولمىغان بىر ئىشتۇر. بۇنىڭ بىلەن كىرنى يۇيغان ۋاقىتتا يىرتىپ قويۇشتىن ساقلانغان بولىدۇ. قىزلارمۇ ئېرىنمەي كىچىك ۋە نازۇك نەرسىلەر يۇيۇلغان ۋە دەزماللانغان ۋاقىتتا قاراپ تۇرسا ياكى قارىشىپ بەرسە، ئاز ۋاقىت ئىچىدىلا ئۇ ئىشلارنى ئۆگىنىپ، ئانىلىرىغا ئوخشاش ئۇستا بولۇپ قالىدۇ. كىرلەرنى يۇيۇشقا بېرىش ئۈچۈن ھازىرلانغان ۋاقىتتا بىرمۇبىر توغرا ساناپ، دەپتەرگە يېزىپ قويۇش كېرەك. چۈنكى ئۇنتۇلۇشى ياكى يېڭىلىشىش سەۋەبلىك كىرلار يۇيۇلۇپ قۇرۇتۇلغاندىن كېيىن ئۆي بېشى خوتۇنغا تاپشۇرۇلغاندا كۆڭۈلسىز ئۇرۇش - تالاشلار چىقىدۇ. قانداق كىر بولسا بولسۇن، تۈزىتىدىغان، ياماشقا تېگىشلىك نەرسىلەر كۆزگە چېلىقسا، تەقلەپ قويغىچە قاراپ، تەكشۈرۈپ، تۈزىتىپ، ياماپ قويۇش كېرەك. تۈزىتىش مۇمكىن بولغان نەرسىنى تۈزىتىشنى كېچىكتۈرۈش، ئىككىنچى قېتىم يۇيغاندا نەرسىنى كېيىشكە يارىمايدىغان قىلىش دېمەكتۇر. كۆپلىگەن ئائىلە ئەزالىرى بولىدۇكى، كىر يۇيۇلۇپ قۇرۇتۇلغاندىن كېيىن كىرلەرنى دەزماللاپ، ھەر بىرىنى ئۆز ئورنىغا جايلاپ تەخلەپ قويىدۇ. كېيىنرەك كىر جاۋەنلىرىنى ئېچىپ كۆرۈپ، ئۆزلىرىنىڭ ئىشلىرىدىن مەمنۇن بولۇپ ماختىنىدۇكى، بۇنداق ئىشلاردىن قانچىلىك ماختانسا ئۇلارنىڭ ھەققى باردۇر. چۈنكى

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



تۆرلۈك ئۆي ئەشيالىرىنىڭ ھەر بىرىنىڭ ئۆز ئورنىغا قويۇلغىنىنى كۆرۈشتەك كۆڭۈلگە خۇش كېلىدىغان ھېچنەرسە تېپىلماس. بۇ چاغدا ئۆي ئىگىسى خوتۇن كىرلەرنى قويغان ئورنىدىن بىر نەرسە ئالماقچى بولغان ۋاقىتتا كىرلەرنى ئاستىنى ئۈستىگە كەلتۈرمەستىن، جاپا تارتمايلا تېپىپ ئالۇر. يەنە يىغى يۇيۇلغان كىيىملەرنىڭ ھازىر ئىشلىتىلمەيدىغانلىرىنى ھازىر ئىشلىتىلىدىغانلىرىنىڭ ئاستىغا قويۇپ تەخلەشكە ئادەتلىنىش كېرەك. يۇيۇشقا بېرىلگەن ۋاقىتتا بىرىنىڭ ئۈستىگە بىرى ئېتىلىپ، ئارىلاش بولۇپ كەتمىسۇن. كىرلەر خىلى بىلەن ئاجرىتىلىپ، ئىلگىرى ۋە ئاخىر يۇيۇلىدىغانلىرىنى تەرتىپى بىلەن بىرىنىڭ ئارقىسىدىن بىرىنى يۇيۇش ياكى يۇيدۇرۇشقا بېرىش كېرەك.

ئۆتكەن زاماندا ئۆي ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ تۇرغان خوتۇنلار ئۆيلىرىدە كىرلەرنى قويۇش ئۈچۈن بىر جاۋەن ھازىرلاپ، ناھايىتى كۆپ كىرلەر، يۈزدىن ئارتۇق چايشاپلارنى تەييارلاشقا تىرىشار ئىدى. بۇ كېرەكلىك رەختلەرنىڭ ھازىر ئەرزانلىقىدا، قاچان ئالماقچى بولساڭ داستىخان، كۆڭلەك - ئىشتان، چايشاپ تەييارلاش مۇمكىن بولغانلىقىدىندۇر. بارا - بارا بۇ ئادەت يويوقلىشقا يۈزلەندى. ھەر يىلى بۇ نەرسىلەرنى ھاجەتتىن ئارتۇق تەييارلاپ، بىر يولىلا كۆپ پۇل خەجلەپ، ئۆيىنى كىر بىلەن تولدۇرۇشتىن پايدا يوقتۇر. ئۆي ئىشلىرىنى ئۈستىگە ئالغۇچىلار كىرلەرنى ھەر ۋاقىت تەييار قىلىپ، ياخشى ساقلاپ، ئورنى بىلەن تۇتسۇن. ياخشى يۇيۇلمىغان كىرلار كۆزگە ناھايىتى خۇنۇك كۆرۈنگىنىدەك، بۇنداق كىيىملەرنى ئادەم ئۈچىسىغا ئارتقىسىمۇ كەلمەيدۇ. ئەرلەر ياخشى يۇيۇلمىغان، ياخشى دەزماللانمىغان كىيىمنى كۆرسە جەھلى چىقىدۇ. كېرەكسىز ئۇسۇل بىلەن يۇيۇلغان كىرلار تېز چىرىپ، تۈتۈپ بولمايدىغان بىر ھالغا كېلىدۇ. نۇرغۇن كىر يۇيغۇچى خوتۇنلار كۆپىنچە كىرلەرنى تولغاپ سىققان ۋاقىتتا پەرۋاسىزلىقلىرىدىن يىرتىپ قويىدۇ. سۇغا خلورغا ئوخشاش كىيىمنى چىرىتىدىغان نەرسە سېلىپ قويىدۇ.

شۇڭلىقتا كۆرە ئۆي ئىشلىرىغا قارىغۇچى خوتۇن بۇنداق بىر نەچچە تۈرلۈك ئىشلاردىن ساقلىنىشى ۋە چىن كۆڭلىدىن تىرىشىپ كىيىمنى پاكىز يۇيۇشى كېرەك.

رومال، قول ياغلىق، داكىدىن قىلىنغان نەرسىلەر، يەڭلىكلەر، ياقىلىقلار، پەردىلەرگە ئوخشاش سىپۋەتنى ئۈستى ئوچۇق ئۈچ ياقلىق بىر كورسى ئۈستىگە قويۇلدۇ. ئاستىغا داس قويۇلۇپ، ئۈستىگە بوز قاپقا ئوخشاش رەخت يېپىلىپ، بۇ رەختنىڭ ئۈستىگە كىيىملەرنىڭ ھەر بىرىگە يېتەرلىك چامدا پاراشوك ئېلىپ سېلىنىدۇ. ئاندىن رەختنى سىپۋەتنىڭ ئاغزىغا باغلاپ، ئۈستىدىن ئاستا - ئاستا ئىسسىق سۇ قويۇلىدۇ. بۇ سۇ كىيىملەرنىڭ ئارىسىدىن ئۆتۈپ، تۆشۈكلەردىن داسقا ئېقىپ چۈشىدۇ. بۇ ئاققان سۇنى ئېلىپ ئىسسىتىپ، پاراشوكنىڭ ئۈستىگە يەنە قويۇلىدۇ. بىر نەچچە قېتىم شۇنداق قىلىنىپ، پاراشوكلۇق شۇ كىيىملەرنىڭ ئارىسىدىن ئۆتە - ئۆتە كىر تامامەن ئاقىرىپ داغلىرى كېتىدۇ.

سوپۇنلۇق سۇ قىلىنغان ياكى كىرلەرنى يۇيۇشنى باشلاشتىن ئىلگىرى نېپىز - قېلىنلىق، يىرىكلىك، كىچىكلىك، ئاقلىق، رەڭلىكلىك، مەينەتلىك جەھەتتىن كىرلەرنى بىر نەچچە تۈرگە ئاجرىتىش، ئاندىن ئىش باشلاش ۋە ھەر بىر تۈرى ئايرىم - ئايرىم يۇيۇلۇشى كېرەك. ئەگەر ئاجراتماي، ئۇدۇل كەلگەن ھامان ئارىلاشتۇرۇپ، قايىنتىلىپ يۇيۇلسا، ناھايىتى كىر بولغانلىرىنىڭ كىرلىرى تازىراق كىيىملەرگە ئۆتۈپ، ئۇلارنىڭ ئىلگىرىكىدىنمۇ كىر بولۇپ قېلىشىغا سەۋەب بولىدۇ.

## سوپۇن بىلەن كىر يۇيۇش

كىرلەر بىر نەچچە تۈرگە بۆلۈنىدۇ. كىر يۇيۇشتىن ئىلگىرى بىر جاۋۇرغا يېرىمىدىن كۆپرەك قايناق سۇ قويۇپ، ئۈستى يېپىپ قويۇلىدۇ. كىرلەرنى ئاز - ئازدىن ئاستى - ئۈستىگە سوپۇن سۈرتۈپ، كىر ۋە داغلىرى كەتكىچە يۇيۇپ سىققاندىن كېيىن، بايىقى جاۋۇردىكى قايناق سۇغا سېلىنىدۇ. ئاندىن ئىككى - ئۈچ قەۋەتلىك بۆز بىلەن جاۋۇر ئاغزى بېكىتىلىپ قويۇلىدۇ. ئەتىسى جاۋۇردىن كىرلەر بىر - بىرلەپ ئېلىنىپ، چايقىغاندىن كېيىن يەنە سوپۇن سۈرتۈپ يۇيۇلىدۇ. ئاندىن كىر قاينىتىدىغان قازانغا يېرىم قىلىپ سۇ قۇيۇپ، كىر يۇيغاندىن قالغان سوپۇن پارچىلىرىنى توغراپ، كىچىككىنە بىر قاچىدا ئېرىتىپ قازانغا سېلىنىدۇ. سۇيى كۆپۈكلەنگەندىن كېيىن بايەقى كىرلەرنى سېلىپ 20 مىنۇت قاينىتىلىدۇ. ئاندىن بىر - بىرىدىن قازاندىن ئېلىپ، يەنە سوپۇن بىلەن يۇيۇپ چايقاپ، ياخشى سىقىپ، سىلكىشكە بولىدىغانلىرىنى

سىلكىپ، غىجىملىرىنى تۈزلەپ، شاماللىق ياكى قۇياش نۇرى چۈشۈپ تۇرىدىغان يەرگە يېيىلىدۇ. مانا شۇ رەۋىشتە يۇيۇلغان كىرلەر ناھايىتى پاكىز ۋە ئاق بولىدۇ.

رەڭلىك كىرلەر ئاق كىرلەردەك يۇيۇلسىمۇ، بۇلارنى ئىسسىق سۇ بىلەن يۇيۇش، قايناتماسلىق كېرەك. رەڭگى چىقىپ تۇرغان چىت ياكى يۇڭ كىيىملەرنى سۇدا ئۇزاق تۇرغۇزماي، سوغۇق سۇدا سوپۇن بىلەن تېز - تېز يۇيۇپ چايقاش كېرەك. ئىككى خىل كىرنى بىر ۋاقىتتا يۇيۇشقا بولمايدۇ. ئايرىم - ئايرىم سېلىپ چايقاش كېرەك. رەڭگى چىقىپ تۇرغان نەرسىلەرنى بىر ئۇچۇم تۇز سېلىنغان سۇغا پاتۇرۇپ، ئاندىن چايقاش كېرەك. رەڭلىك پايپاقلار يۇيۇلغاندا سىركە ئارىلاشتۇرۇلغان سۇغا سېلىپ چايقىلىدۇ. كىرنى سىلكىشكىمۇ ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. كىرنى ئىككى قەۋەت بۆزگە ئوراپ يانجىپ، كىچىك - كىچىك تۈگۈنلەر ياساپ، كىرلەرنى سىلكىپ بولغاندىن كېيىن قۇرۇتۇش كېرەك. سىلكىنگەن كىرلار تېزدىن ئارغامچىغا ئېلىپ قۇرۇتۇلىدۇ. جاۋۇرغا سېلىنغاندىن كېيىن ئېلىنماي ئۇزاق تۇرسا ياكى ياخشى پاتماي تۇرسا، كىردە يال - يول سىزىقلار ھاسىل بولۇپ، خۇنۇك قىلىپ قويىدۇ، كىرنى سىلكىشتىن ئىلگىرى تەييارلانغان سۇغا بىر پارچە لاتا پاتۇرۇپ كۆرۈش لازىم.

**يىپ ياكى يۇڭدىن توقۇلغان گەزلىمىلەرنى يۇيۇش**

گەزلىمىلەرنى سوپۇن سېلىنغان، ئىسسىق سۇدا ئۈستىگە سوپۇن سۈرتۈلۈپ، قىلدىن ياسالغان چوتكىلار بىلەن ناھايىتى تۈجۈپىلەپ چوتكىلىنىدۇ. ئەگەر بەك كىر بولسا، بىرئاز سودا سېلىنىدۇ. گەزلىمىلەر پاكىز سۇدا ھۆل قىلىنسا قېتىپ قالىدۇ، يۇمشاقلىقىنى ساقلاش ئۈچۈن سوپۇن قوشۇلغان سۇدا يۇيۇش كېرەك.

گەزلىمىلەر ئۇن بىلەنمۇ يۇيۇلىدۇ. گەزلىمىلەرنى ئۇن بىلەن يۇيماقچى بولسا، ئۈچ قوشۇق ئۇن ئىككى لىتىر سوپۇن قوشۇلغان سۇغا ئارىلاشتۇرۇپ قاينىتىلىدۇ. بۇنىڭ يېرىمى ئىسسىق ھالىتىدە گەزمالغا پۈتۈنلەي سىڭىپ كەتكۈچە قول بىلەن ئىشقىلاپ سۈرتۈلىدۇ. قالغان يېرىمىغا قايناق سۇ قوشۇلۇپ گەزلىمە چايقىلىدۇ، ئاندىن سوپۇن سۈرتۈلۈپ، چوتكىلاپ يۇيۇپ، يېيىپ قۇرۇتۇلىدۇ.

گەزلىمىنى تۈگىنەك (ياڭيۇ) بىلەن يۇيماقچى بولسا، بىرئاز تۈگىنەكنى ئاخلاپ، ئۇششاق توغرىغاندىن كېيىن، ئۇنى ئازراق سوپۇن قوشۇلغان سۇ بىلەن ئېزىپ، قاتتىقراق خېمىر ياسىلىدۇ. بۇ خېمىر سوپۇن ئورنىدا ئىشلىتىلىدۇ. گەزمالنى ئىسسىق سۇغا سېلىپ، تۈگىنەك سوپۇنى سۈرتۈپ، چوتكا بىلەن چوتكىلاپ يۇيۇلىدۇ، ئاندىن ئالدى بىلەن ئىسسىق سۇدا، ئاندىن سوغۇق سۇدا چايقىلىپ قۇرۇتۇلىدۇ. باشقا يۇڭ رەختلەرمۇ شۇ ئۇسۇلدا يۇيۇلسا يۇمشاق بولۇپ، ئىلگىرىكى تۈسىنى يوقاتمايدۇ.

**داغلارنى چىقىرىش**

دۇنيادا تازىلىقتەك ئادەمگە خۇش كېلىدىغان نەرسە يوقتۇر. پاسكىنىلىق بىلەن مەشھۇر بولغان كىشىلەر تەڭتۇشلىرى ئالدىدا قەدىرلىك، ئېتىۋارلىق بولمايدۇ. تازىلىقنىڭ ئەڭ چوڭ دۈشمىنى داغدۇر. ماي، چاڭ - توزان، لاي ئىزلىرى كۆرۈنگەن ئەڭ ياخشى، ئەڭ چىرايلىق كىيىملەرمۇ ھېچقاچان كۆزگە چىرايلىق كۆرۈنمەيدۇ. ھالبۇكى، پاكىز كىيىملەرنى كۆرۈپ كۆز تويماس. شۇنىڭ ئۈچۈن ئادەم كىيگەن كىيىملەرگە داغ چۈشۈرمەسلىككە كۆپرەك دىققەت قىلىشى كېرەك. ئەگەر بۇنىڭدىن ساقلانماي داغ قىلغان بولسا، شۇ ھامان داغنى يوقىتىشقا ھەردكەت قىلىشى لازىم. تۈرلۈك داغلارنى يوقىتىش ئۈچۈن چارىلەر باردۇر. كىيىمىڭىزگە ياغ تامغان بولسا، داغ ئۈستىگە بۇلۇت (داكا) ياكى قەغەز قويۇلۇپ، ئۈستىدىن قىزىغان دەزمال يەڭگىللىكىنە سۈرتۈلىدۇ، داكا ياكى قەغەز ئېلىنغاندىن كېيىن داغنىڭ يوقالغىنى كۆرۈنۈر. ئەگەر بىر قېتىمدا كەتمىسە، بۇ ئىش ئىككى - ئۈچ قېتىم قايتىلىنىدۇ. بۇنداق داغنى يوقىتىش ئۈچۈن يەنە بېنزىنمۇ ئىشلىتىلىدۇ، بېنزىن ماي تەگكەن يەرگە بىر پارچە بۆز بىلەن سۈرتۈلىدۇ...

قاراماي داغلىرى. ئالدى بىلەن بۇ داغلارنىڭ رەختكە سىڭگەن قىسمى قايچا بىلەن قىرىلىپ، قالغىنىغا سېرىقماي ياكى دەرەخ مېيى سۈرتۈلىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن سوپۇن بىلەن يۇيۇلسا، داغ ئاسانلا چىقىپ كېتىدۇ. سىياھقا ئوخشاش نەرسىلەر تېگىپ بولغان داغلار كىسلاتا تۇزى بىلەن يوقىتىلىدۇ. داغ بولغان ئورۇننى قول بىلەن مىجىقلاپ تۇتۇپ تۇرۇپ، ئۈستىگە بىرئاز تويۇنغان كىسلاتا تۇزى سېپىلىدۇ، ئاندىن قايناق سۇ ھورىغا تۇتۇپ

تۇرۇلىدۇ، هوردا كىسلاتالىق تۇز ئېرىپ، داغنى يوقىتىدۇ، داغ يوقىلا ـ يوقالمايلا، كىسلاتالىق تۇز سىپىلگەن يەرنى سوغۇق سۇ بىلەن يۇيۇۋېتىش كېرەك.

مېۋە داغلىرى. مېۋە داغلىرى گۈڭگۈرت بىلەن يوق قىلىنىدۇ، لېكىن گۈڭگۈرتنىڭ رەخت رەڭگىگە تەسىر قىلماسلىقى ئۈچۈن مۇنداق قىلىنىدۇ: داغ تەگكەن يەرنى تۇتۇپ تۇرۇپ، بىر قاچىدا ئازراق ئالتۇنگۈگۈرتنى ياندۇرۇلۇپ، ئىسىغا داغلىق جاي تۇتۇلىدۇ. داغ يوقىلا ـ يوقالمايلا، داغ ئورنى ناھايىتى كۆپ سۇ بىلەن يۇيۇلىدۇ. جەۋەل سۈيى (خلورلۇق ئېرىتمە)مۇ كىيىملەردىكى داغنى چىقىرىشقا ئىشلىتىلىدۇ. كىيىملەرنىڭ داغلىق يەرلىرى خلورلۇق سۇغا سېلىپ قويۇلىدۇ. ئالتە مىنۇتتىن كېيىن ئۇستىگە سۇ قۇيۇپ يۇيۇلىدۇ. ئالتە مىنۇتتىن ئارتۇق قويۇش ھاجەت ئەمەس. ئۆي ئىشلىرى قولىغا تاپشۇرۇلغان خوتۇن بالىلاردىن يوشۇرۇپ بىر قاچا جەۋەل سۈيى، يەنە بىر كىچىك قاچىغا كىسلاتالىق تۇز، يەنە بىر قاچىغا بېنزىن ئېلىپ قويۇشى كېرەك.

سىركە، لىمون سۈيى داغلىرى. بۇنداق داغلار رەختنىڭ سۈپىتىنى ئۆزگەرتىۋېتىدۇ. بۇنداق داغلار سوپۇنلۇق سۇ بىلەن يۇيۇلسا ياكى كۆپرەك سۇ قۇيۇلغان ئىسپىرت بىلەن تازىلانسا، ئاسانلا ئىلگىرىكى ھالىتىگە قايتىدۇ. قېنىق رەڭلىك مۇۋۇتلاردىكى ماي داغلىرى ئىسپىرت قوشۇلغان سۇ ياكى ئىسپىرتنىڭ ئۆزى بىلەن يوقىتىلىدۇ.

## دەزماللاش ۋە كراخماللاش

كىرلەر يىغىشتۇرۇلغاندىن كېيىن ئۇلارنى ئېلىپ نەم ھالىتىدە ياكى كراخمالغا پاتۇرۇپ دەزمال سېلىنىدۇ. دەزماللىغۇچ خوتۇننىڭ ئىشى پەقەت كىيىملەرنى دەزماللاشلا ئەمەستۇر، كىيىملەرنى پارقىرىتىش ۋە تۈزەشتۈرۈش كېرەك بولغانلىقى ئۈچۈن كراخمال تەييارلاشنىمۇ بىلىشى كېرەك. شۇنىڭ ئۈچۈن دەزماللاشنى كراخمالنى ئېرىتىپ، قويۇق ـ سۇيۇقنى بىلگەندىن كېيىن، كىيىمنى پاتۇرۇپ دەزماللىغان ۋاقىتتا بىر چېتى يالتىراق، بىر چېتى يۇمشاق ياكى بىر چېتى ناھايىتى سىلىق، يەنە بىر چېتى غىجىم بولۇشقا ھېچ ئورۇن قالدۇرماي، ھەممە يېرىنى بىر خىل قىلىپ، دەزماللاشنى بىلىشتىن ئىبارەت بىر نازۇك پەندۇر. ئەمدى كراخمالنى قانداق تەييارلاش كېرەكلىكىنى ئېيتىش قىزلار ئۈچۈن چوڭ پايدا بولىدىغانلىقىنى، تۆۋەندە يېزىلغان بىر نەچچە يولنى بىلىش ئۈچۈن تېرىشىپ ئوقۇشلىرىنى ئۈمىد قىلىمەن. كراخماللانغان كىيىملەر دەزماللانغان ۋاقىتتا ئۇلاردا ھېچقانداق غىجىم قالدۇرماي دەزماللاش كېرەك، ئەگەر غىجىملار قالسا، يېڭىدىن كراخمالغا سېلىپ، ئىشقا يېڭىدىن تۇتۇنۇش كېرەك.

ئادەتتىكى كراخمال. بىر قاچىغا ئىككى ياكى ئۈچ قوشۇق كراخمال ۋە ئازراق سوغۇق سۇ قۇيۇلۇپ، ياخشى ئېزىلىدۇ. ئاندىن ئۇنى خالتىغا سېلىپ، ئۇستىگە كراخماللاشقا يېتەرلىك سۇ قۇيۇلىدۇ.

قاينىتىلغان كراخمال. بۇ كراخمالمۇ خۇددى يۇقىرىدىكىدەك تەييارلىنىدۇ. كراخمال ياخشى ئېزىلىپ ۋايىغا يەتكەندە، ئۇستىگە ئاستا ـ ئاستا قايناق سۇ قۇيۇلىدۇ. ياغاچ قوشۇق بىلەن قوچۇپ سۇس ئوتتا 20 مىنۇتچە قاينىتىلىدۇ. كراخمال قايناپ ۋايىغا يەتكەندە، ياخشى قوچۇلۇپ، داكىدىن سۈزۈلۈپ، كۆك بوياق بىلەن رەڭ بېرىلىدۇ.

بورىلىق (ناتىرىي بور تۇزى) كراخمال. كراخماللانغان كىيىملەرنى يالتىراق قىلىش ئۈچۈن كراخمالنى قايناتقان ۋاقىتتا، كراخمالنىڭ سەككىزدىن بىرى قەدەر بورا تاش قوشۇلىدۇ. داكا، پەردىگە ئوخشاش كراخمالغا بۆكتۈرۈلگەن نېپىز نەرسىلەرنىڭ ھەر بىرى دەزماللىنىشتىن ئىلگىرى بىرمۇبىر قول بىلەن غىجىملىرى يوقىتىلىدۇ. شۇنداق قىلىنغاندا دەزماللانغان ۋاقىتتا ئۇستىگە كراخمال يېپىشىپ قالمايدۇ ھەم ناھايىتى يالتىراق بولىدۇ.

كراخماللانغان بۇيۇملارنى قاتتىق بولسۇن دېسە، ئۇنى بىر كۈن ئىلگىرى قاينىتىلغان كراخمالغا، ئىككىنچى كۈنى چارەك سائەت ئىلگىرى قاينىتىلمىغان كراخمالغا بۆكتۈرۈلىدۇ. كراخماللىنىدىغان بۇيۇم قانچىلىك نېپىز بولسا، كراخمال شۇنچىلىك قويۇق ۋە قانچىلىك قېلىن بولسا، شۇنچىلىك سۇيۇق قىلىپ تەييارلىنىدۇ. ئاياللارنىڭ يوپكىلىرى، كۆڭلەكلىرى، كارىۋات ياپقۇچلىرى ۋە باشقا كۆڭلەكلەرنىڭ ياقا، يەڭلىرى قاينىتىلمە-

غان كراخمال بىلەن، داكا، پەردىگە ئوخشاش نېپىز بۇيۇملار قاينىتىلغان كراخمال بىلەن كراخماللىنىدۇ. دەزماللىنىدىغان كىيىملەر دەزمال قىزىغۇچە سېۋەتلەرگە ياخشىلاپ تەييارلاپ قويۇلىدۇ. دەزماللاشقا باشلىغان ۋاقىتتا بىر يولى دەزماللىنىدىغان نەرسىلەرنىڭ ئۈستىلىگە بىرئاز سۇ پۈركۈپ نەملىنىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۈستىدىن غىجىملەرنى يوق قىلىش ئۈچۈن چەتلىرىدىن تارتىپ تۈزىتىلىپ، ئىككى ياكى تۆت پۈكلەپ دەزماللىنىدۇ. بۇ ۋاقىتتا كىيىملەر تۈر - تۈرى بىلەن ئايرىتىپ قويۇلسا، ناھايىتى ئاسان دەزماللىنىپ، ئىش تېز تۈگەيدۇ. بۇ ئارىدا كراخماللانغان كىيىملەر دەزماللانغۇچە بىر قۇرۇق چايشاپقا تۈگۈپ قويۇلىدۇ. دەزماللاشنى باشلاشتىن ئىلگىرى ھەر ۋاقىت دەزمالنى سۈرتۈپ تازىلاش كېرەك. دەزمالنىڭ تېگى مومluق بىر لاتا بىلەن ئېرتىلىدۇ. موم شامى بولسا تېخىمۇ ياخشى، دەزمال سالغۇچى خوتۇن كىچىكرەك كىيىملەرنى دەزمال قىزىشقا باشلىغاندا، چوڭراق كىيىملەرنى دەزمال ناھايىتى قىزىغان ۋاقىتتا دەزماللىشى كېرەك. ئۈستىدە دەزماللىنىدىغان تاختا كەڭ ۋە چوڭراق بولۇشى كېرەك. تاختاي ئۈستىگە ئىككى ياكى ئۈچ قەۋەت قىلىنغان يۇڭ ئەديال، شالرومالغا ئوخشاش نەرسىلەر، ئۇنىڭ ئۈستىگە يۇمشاق چايشاپ (رومال) يېپىش كېرەك. تاختاي بولمىغاندا بۇ يايمىنى پولغا يېپىپ دەزماللانسىمۇ بولىدۇ. كىيىملەر دەزماللىنىپ بولۇنغاندا، تۈر - تۈرى بىلەن تەخلىنىدۇ. بۇ تەخلەش توغرىسىدىمۇ تۈرلۈك ئۇسۇللار بار. ناھايىتى چوڭ قىلىپ تەخلەنسە، جاۋەنلەرگە، ساندۇقلارغا جايلاشتۇرغان ۋاقىتتا قىيىنچىلىق تۇغۇلىدۇ. كىيىم پۈكلىنىپ، مايماق - سايماق بولۇپ قالىدۇ، ئەگەر ناھايىتى كىچىك قىلىپ تەخلەنسە، تەكشى جايلاپ بولغىلى بولمايدۇ، شۇڭا ئەھۋالغا قاراپ مۇۋاپىق تەخلەپ قويۇش كېرەك.

## ئۆي ۋە خانىلار

بىر ياش قىزنىڭ خانىسىغا كىرىلسە، ئۇنىڭ كەلگۈسىدە قانداق خوتۇن بولىدىغانلىقى تېزلا مەلۇم بولىدۇ. چۈنكى خانىدىكى پاكىزلىق ياكى تەرتىپسىزلىكتىن ئۇ قىزنىڭ كەلگۈسىدە بىر ئۆينىڭ قىممەتلىك خوتۇنى بولۇش - بولماسلىقى سىنىلىدۇ، ئەمدى بىز بۇ خانىغا كىرىپ، كۆڭلىمىزگە كەلگەن نەرسىلەردىن قىسقىچە مەلۇمات بېرىمىز.

بىر قاراشتا بۇ خانە ئۇنىڭغا كىرگەنلەرنىڭ ئادەتتىن تاشقىرى ياقتۇرۇپ قېلىشىغا ۋە خۇشۋاقت بولۇشىغا سەۋەب بولۇپ، ئىچىدە تۇرغۇچىنىڭ كۆركەم تەبىئەت ئىگىسى ۋە كۆپ مېھنەت قىلىشنى سۆيگۈچى قىز ئىكەنلىكىگە شۇبھە قالدۇرماس. بىر ياقتا قارىدەك ئاپئاق كارىۋات كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدۇكى، چايشىپى بولسا ناھايىتى تەكشى - سىلىق قىلىپ يېپىپ قويۇلغان. ياستۇقلار تىزىلىپ ئورنىغا ياراشتۇرۇپ تىزىپ قويۇلغان، بۇ ئۇسۇلدا تۈزىتىلگەن كارىۋاتنىڭ چاڭ بولماسلىقى ئۈچۈن قارىدەك ئاپئاق داكا بىلەن يېپىلىپ، تامامەن چىرايلىق بولۇپ تۇرىدۇ. كارىۋاتنىڭ بېشىغا بىر جايىناماز ئېسىپ قويۇلغان. بىرئاز چەترەكتە ئىشكاپ ۋە جاۋەن كۆرۈنىدۇ. بىرى، كىر كىيىملەرنى، يەنە بىرى، پاكىز كىيىملەرنى قويۇش ئۈچۈن بولۇپ، جاۋەن ئۈستى مۇزىكىلىق سائەت، ئىككى شامدان، بىر تۇخۇم شەكلىدىكى ئەينەك ۋە ئىككى دانە گۈل سېلىنغان گۈلدانلار بىلەن بېزەلگەن. دېرىزە ئالدىدا بىر يېزىق ئۈستىلى، تامغا بىر كىتاب ئىشكاپى يۆلەپ قويۇلغان. يېزىق ئۈستىلدە قولىيازما سېلىنغان قۇتا قويۇلغان. كىتاب ئىشكاپىنىڭ ئىچىدە ئۇنىڭغا تەقدىم قىلىنغان كىتابلار بىلەن قائىدە - يوسۇن، ئەخلاق توغرىسىدا 30 دىن ئارتۇق چىرايلىق تىزىپ قويۇلغان كىتابلار كۆزگە تاشلىنىدۇ. بۇلاردىن باشقا يەنە كرېسلو ۋە ئۈچ ئورۇندۇق بولۇپ، بۇ ئۆيدە بار نەرسىلەر شۇلاردۇر. كۆرۈپ تۇرۇپسىزكى، بۇ خانىدە زىننەتلىك ھېچنەرسە، تەكەللۇپلۇق ھېچقانداق بىر جازا يوق. شۇنداق بولسىمۇ، ئۇنى كۆرگەنلەر گۈزەللىكىگە، پاكىزلىقىغا ھەيران قالىدۇ. ئىچىگە كىرگەن ئادەم نەقەدەر ساپ ۋە يېڭى ھاۋادىن نەپەس ئالىدۇ، ئۇ يەردىن ھەرگىز چىققۇسى كەلمەيدۇ. بۇ يەردىكى كىشىنى شادلاندۇرىدىغان، خۇشاللاندۇرىدىغان نەرسىلەر بولسا، ئۇ يەردىكى تەرتىپ، چەكسىز پاكلىق، قىزنىڭ قانداق يىغىشتۇرۇش، قانداق تازىلاش كېرەكلىكىنى بىلدۈرۈپ تۇرغان كۆركەم تەبىئىتىدۇر. ئۆي تۇتقۇچى

خوتۇن ئۆزى ياشاپ تۇرغان ئۆينىڭ ئىچىگىلا ياخشى قارىماستىن، مۇمكىنقەدەر ھەممە يەرگە ياخشى قاراپ، ياخشى تۇتۇشى لازىمدۇر. بۇنى بېجىرىش ئۈچۈن زادىلا ھۇرۇنلۇق قىلماسلىقى كېرەك. بىر قانچە چىرايلىق ۋە قىممەتلىك ئۆي جابدۇقلىرى ئېلىشقا قىزىقىشنىڭ ئورنىغا تازىلىقنى كۆزىتىش شەرتى بىلەن يېڭىمۇ، كونىمۇ، قانداق بولسا بولسۇن، پايدىلىق ۋە چىداملىق بولغان نەرسىلەرنى تاللاپ، ئۆيدە ھازىر قىلىشى زۆرۈردۇر. بىر خانىنى زىننەتلەش ۋە كۆركەم كۆرسىتىش ئۈچۈن ناھايىتى ئاز نەرسە لازىمدۇر. ئالدى بىلەن تاملارنى پاكىز قىلىپ تۇتۇش ياكى ئەرزان، چىرايلىق قەغەز بىلەن قاپلاش كېرەك. تۇتۇلۇپ، يالتىراقلىقى ئۆچكەن نەرسىلەرنى يالتىرىتىش ئۈچۈن بىرئاز لاك ئېلىپ سۈرتۈش، پاكىز پەردىلەر بىلەن دېرىزىلەرنىڭ چىرايىنى ئېچىش، دېرىزە ئەينەكلىرى ۋە ئەتراپىنىڭ، چاڭ ـ توزان بولغان ھەر بىر نەرسىنىڭ، پوللارنى، ئىشىكلەرنى ھەر ۋاقىت يۇيۇپ، ناھايىتى پاكىز تۇتۇشى لازىمدۇر. ئۆي ئىچىدىكى نەرسىلەرنىڭ ھەر بىرى مۇشۇنداق زىننەتلىنىپ، ھەرقاچان پاكىز تۇتۇلسا، خاھى سالامەتلىكنى ساقلاش جەھەتتىن بولسۇن، خاھى تەبىئەتكە خۇش كېلىش جەھەتتىن بولسۇن ئۆي ئىگىسى بولغان خوتۇنغا نىسبەتەن ناھايىتى چوڭ ئۇتۇقتۇر.

ئورۇن جاھازلىرى، تۇرلۇك شەكىلدە ۋە تۇرلۇك باھادا بولغان كارىۋاتلارنى تۇتۇش ھازىر ھەركىمنىڭ كۆڭلىگە ماقۇل كېلىدۇ. چۈنكى بۇلارنىڭ سۇپىغا ئوخشاش مۇقىم بىر ئۆيگە قويۇلماسلىقى، ئاسانلا قۇراشتۇرۇپ، ئاسانلا چۇۋۇغىلى بولىدىغانلىقى ئۈچۈن خانىدا ئاز ئورۇننى ئىگىلىمىكى، ئازغىنە مېھنەت بىلەن تازىلاشقا بولىدىغانلىقى قاتارلىق جەھەتلەردىن پايدىلىرى كۆپتۇر. كارىۋاتتا يېتىش ئۈچۈن كېرەك بولغان نەرسىلەر ـ بىر تۆشەك، يوتقان ۋە بىر يۇڭ ياستۇق؛ يەرگە سېلىنسا بىر يۇڭ تۆشەك، ئىككى يوتقان، بىر ياستۇق كېرەك بولىدۇ. بەزى كىشىلەر تۆشەك ئىچىگە تۆگە قۇش پېيىنى قوشۇپ سالىدۇ. قۇش پەيلىرى تۆشەكتە يىغىلىپ قالغاندىمۇ سالامەتلىككە زىيانلىق بولماس. ئەگەر ھەممىسى قۇش پەيلىرىدىن تىكىلگەن تۆشەك ئۈستىدە يېتىلسا ياكى قۇش پېيىدىن قىلىنغان ياستۇق ئۈستىدە يېتىلسا، سالامەتلىك قائىدىلىرىگە خىلاپلىق قىلىنغان بولۇپ، زىيىنى تېزلا سېزىلىدۇ. تۆشەكلەرنىڭ ئۈستىگە يېپىش ئۈچۈن ئىككى ياكى ئۈچ چايشاپ، ۋاقتىغا قاراپ بىر ياكى ئىككى يۇڭ ياكى ماۋۇتتىن كۆرپە بىر ئورۇننىڭ جاھازلىرىدۇر. بۇنىڭدىن تاشقىرى ئورۇن تەكشى بولۇپ، باش ئاستى بىرئاز بەلەنرەك بولۇشى كېرەك. قاتتىق ئورۇن يۇمشاق ئورۇندىن پايدىلىق بولۇر. كىچىك باللارنىڭ قىشتا بىر يۆگەك بىلەن بىر كۆرپە، ياز كۈنى يۆگەكتە يېتىشى سالامەتلىككە مۇۋاپىقتۇر. ئەتىگەندە ئۇيقۇدىن تۇرغاندا، ئەدىيال، كۆرپىلەرنى قېقىپ، بىرئاز شامالداتقاندىن كېيىن جايىغا يىغىلىدۇ. ئەگەر شامالداتماي، ھەممىسىنى بىر كارىۋاتقا تەقلەپ، كەچقۇرۇن يەنە شۇلار سېلىپ يېتىلسا، سالامەتلىككە ناھايىتى زىيانلىق بولىدۇ. ئەگەر سالامەت ۋاقىتتا ئورۇننىڭ سالامەتلىككە مۇۋاپىق بولمىغان ھالەتتە سېلىنىشى تىنچسىزلىقلارنى، كېسەللىكلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشقا سەۋەبچى بولسا، ئەجەبا ئېغىر ئاغرىقلار بىلەن راھەتسىز بولغانلارنىڭ ھالى قانداق بولىدۇ. داۋالغۇچى تېۋىپ كېسەل ياتقان خانىنىڭ ھاۋاسىنى مۇمكىنقەدەر ياخشى، يېڭى بولۇشىنى دەۋەت قىلىدۇ. كېسەللىكلەرنىڭ سوزۇلۇپ كېتىشىگە ۋە باشقىلارغا يۇقۇشىغا كارىۋاتنىڭ ۋە ئورۇن ـ جاينىڭ ساغلاملىقىنى ساقلاشقا خىلاپ ھالەتتە بولغانلىقىدىن باشقا سەۋەب يوقتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن كېسەللىكتىن تۈزۈلۈشكە باشلىغان ئادەملەر ئورۇن ـ جايىنى يا پۈتۈنلەي ئالماشتۇرۇشى ياكى تازىلىشى كېرەكتۇر. تۆشەكلەرنى، كۆرپىلەرنى تازا، پاكىز تۇتۇش لازىمدۇر. كەم دېگەندە ھەر يىلى بىر قېتىم ئىچىدىكى يۇڭ، پەيلىرى ئېلىنىپ تىتىلىدۇ، ئەستەرلىرى يۇيۇلىدۇ. يۇڭنىڭ چىقىرىلىپ تىتىلىشى ئائىلە ئەزالىرى ئارىسىدا قىلىنىشى مۇمكىن بولسىمۇ، تەدبىرلىك ئۆي خوتۇنى تۆشەك، كۆرپە ۋە ياستۇقلارنى تازىلىشى كېرەك بولغان ۋاقىتتا ئىشچىنى ئۆز ئۆيىگە چاقىرىپ، كۆز ئالدىدا ئىشلىتىلىدۇ. يەنە ئېيتىمەنكى، ئورۇن ـ جاي ئەشيالىرىدىن بولغان ھەر بىر نەرسە ئادەتتىن تاشقىرى پاكىز تۇتۇلۇشى لازىم. ئەگەر ئورۇندا زىيانلىق نەرسىلەر كۆرۈنۈشكە باشلىسا،

ئۇ زىيانلىق نەرسىلەرنى يوشۇرۇنغان يەرلىرىدىن يوقىتىش توغرىسىدا زادىلا ھۇرۇنلۇق قىلماسلىق لازىم. ئېرىنمەي يوقىتىشقا تىرىشىش ئۇلاردىن قۇتۇلۇشقا كۇپايە قىلۇر. بۇلارنى يوقىتىش ئۈچۈن بىرىنچى قېتىمدا تامدىكى ياغاچلارنىڭ يېرىقلىرىغا، تۆشەكلەرنىڭ چاكلىرىغا، پەردىلەرنىڭ پۈكۈلگەن جايلىرىغا، كارىۋاتنىڭ ئارىلىرىغا، پول تاختايلىرىنىڭ يېرىقلىرىغا بۇنداق نەرسىلەرنى يوقىتىدىغان دورىلار سېپىلىدۇ.

## مېھمانخانا

مېھمانخانا مېھمانلار ئۈچۈن تەييارلاپ قويۇلغان خانىدۇر. خانە ھەركىمنىڭ بايلىقى، ئورنىغا ماس ھالدا جاھازىلانغان ۋە كۆركەم شەكىلدە زىننەتلەنگەن بولۇشى كېرەك. ئوتتۇراھال چوڭلۇقتىكى بىر مېھمانخانىنىڭ جاھازىلىرى كىچىكرەك دىۋان، ئالتە تەرەپلىك يۇمشاق كۇرسى، تۆت ئورۇندۇق، يۇملاق ئۈستەل، بىر جاۋەن ۋە بىر پىئانىنودىن ئىبارەتتۇر. يۇملاق ئۈستەل خانىنىڭ ئوتتۇرىسىغا قويۇلۇپ، ئۈستىگە بىر داستىخان سېلىنىدۇ. خانىدە رەسىملىك ئالبۇم، گېزىت، كىتاب بولىدۇ. پىئانىنونى ئۆي ئىگىسى خانىم چېلىشنى بىلمىسىمۇ، ئۇ خانىگە گۈزەللىك بەرگۈچى، پايدىلىق نەرسىلەردىن بىرىدۇر. ياز كۈنلىرىدە دەرۋازىلارغا داكا پەردىلەرنى تارتىپ، قىشتا قېلىن رەختتىن تىكىلگەن پەردىلەر تارتىلىدۇ. جاۋەن ئىككى دېرىزە ئارىسىغا قويۇلۇپ، ئۈستىگە ياخشى بىر ئەينەك قويۇلىدۇ. پولغا بىر گىلەم سېلىش كېرەك. ئۆينى چىرايلىق ۋە خۇش كۆرسەتكۈسى كەلگەن خوتۇن مېھمانخانا بىلەن تاماقلىنىپ تۇرغان خانىنى چىرايلىق گۈللەر بىلەن بېزەيدۇ. قىش كۈنلىرى بولسا ئورنىغا قىشتا كۆكىرىپ تۇرغان گۈللەر ياكى ياسالما گۈللەر بىلەن قويىدۇ. ئۆيگە كەچرەك مېھمان كېلىشىنى بىلگەن خوتۇن كەچلىك تاماق تەييارلاش ئۈچۈن كېرەكلىك نەرسىلەرنى، مېھمانخانىغا كېرەكلىك نەرسىلەرنى ھازىرلىتىدۇ. مېھماننى ياخشى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن ھەر بىر نەرسىنى، مېھمان بولۇپ كەلگەن قېرىنداشلار، ئەزىز دوستلار ئۈچۈن ئالاھىدە بىر خانىنى تەييارلاپ قويۇش لازىمدۇر. مېھمانلارنى ئادەتتىن تاشقىرى ئىززەت ـ ھۆرمەت قىلىش ئۈچۈن ئادەتتىن تاشقىرى تىرىشىش كېرەك. مېھمانلار كىشى ئۆيىدە ئىكەنلىكىنى كۆڭۈللىرىگە كەلتۈرمەي، گويا ئۆز ئۆيلىرىدە ئولتۇرغاندەك بولۇشلىرى ئۈچۈن خانىدە ھېچنەرسە كەم بولماسلىقى كېرەك. مېھمانلار ئولتۇرىدىغان خانىدە يەنە چاي قۇيۇلغان چەينەك، يېنىدا بىر چىنە، خەت يېزىش ئۈچۈن كېرەكلىك نەرسىلەر، لامپا بىلەن قول شامدىنى ھەمدە بىر قاپ سەرەڭگە بولۇشى كېرەك. خانىنىڭ مۇناسىپ بىر ئورنىدا كىيىم ئېلىش ئۈچۈن ئاسقۇچ، پەرداز ئۈستىلى، يۈز يۇيۇش ئۈچۈن بىر ئاپتۇۋا سۇ، سوپۇن تەييار تۇرسا ياخشىدۇر. قىش بولسا، خانە ياخشى ئىسسىتىلىپ، ئىس تەگمەسلىكى ئۈچۈن مۇۋاپىق ئامال قوللىنىلغان بولۇشى لازىم.

مېھمانلار كارىۋات ياكى پولغا سېلىنغان ئورۇندا ئۇخلىشى ۋە تىنچ بولۇشى ئۈچۈن ھەر بىر كېرەكلىك نەرسە تەييار تۇرسۇن. مېھمانلار تامامەن راھەت ھالدا ئۇخلاشسۇن.

ئۆزبېكچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: ۋەلى كۆكئالىپ

## ماقالە قوبۇل قىلىش توغرىسىدىكى بىلدۈرگۈ

ژۇرنىلىمىز نەشر قىلىنىپ بۈگۈنگە قەدەر ئوقۇرمەنلەر، ئاپتورلار ۋە ھەرقايسى ساھەدىكى قېرىنداشلىرىمىزنىڭ قوللاپ قۇۋۋەتلىشىگە ئېرىشىپ كەلدى. ژۇرنىلىمىز بۇ يىلدىن باشلاپ ئۇنۋان ئالماقچى بولغان قېرىنداشلىرىمىزغا قولايلىق يارىتىپ بېرىش ئۈچۈن ئەدەبىيات ـ سەنئەت ساھەسىدىكى، مەكتەپلەردىكى ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ ۋە تەتقىقات خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنىڭ ماقالىلىرىنى قوبۇل قىلىدۇ.

سەمىڭىزدە بولسۇن، «مىراس»تا ئېلان قىلىنغان ماقالىڭىز ئۇنۋان باھالاش ھەيئىتى تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنىدۇ. شۇڭا بىز بىلەن ئالاقىلاشقايسىز.

ھۆرمەت بىلەن: «مىراس» ژۇرنىلى نەشرىياتى

تېلېفون نومۇرى: 0991 ـ 4554017

uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

# كاۋاب ۋە ئۇنىڭ تۈرلىرى



ئوبۇلھاشىم ئەخەت ئىبقىن

ئۇيغۇر كاۋاپچىلىقى ئۇزاق تارىخقا ئىگە يېمەك ـ ئىچمەك ئالاھىدە تۈرلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ۋە ئىچكى ئۆلكىلەردىمۇ كەڭ ئومۇملاشقان. ئۇ بۈگۈنگە كەلگەندە تېخىمۇ گۈللەپ، جاھان يېمەك ـ ئىچمەك مەدەنىيىتىدە ئۆزگىچە يېڭى مۆجىزىلەرنى ياراتتى. كاۋاپتىن ئىبارەت بۇ يېمەكلىك ئىنسانلارنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ۋە راۋاجلىنىپ تەرەققىي قىلىشىنىڭمۇ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى.

يېقىنقى زامان تارىخىدا ئارخېئولوگلار شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا تارقالغان يىراق قەدىمكى دەۋر مەدەنىيەت خارابىلىرى ۋە مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قېزىپ چىقىپ، نۇرغۇن قىممەتلىك بايلىق مەنبەلىرىنى تاپتى. شىنجاڭدا مىلادىدىن بۇرۇنقى 3 ـ ئەسىردىلا ئاھالىلەر ئولتۇراقلىشىشقا باشلاپ، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىقتىسادى مۇكەممەللىشىپ تارىم تېرىم تېرىقچىلىق مەدەنىيىتى بىلەن يايلاق مەدەنىيىتى شەكىللەنگەن، بولۇپمۇ شىنجاڭدا ياشىغان ئەجدادلىرىمىز ناھايىتى بۇرۇنلا ئوۋ غەنىيمەتلىرى ۋە گۆشنى پىشۇرۇپ يېيىشنىڭ قانۇنىيىتىنى تونۇپ يەتكەن.

شۇنىڭ بىلەن بىرگە گۆشنى كاۋاپ قىلىپ پىشۇرۇپ يېيىش ئىنسانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى تەرەققىياتىنىڭ مۇئەييەن مەھسۇلى، يېمەك ـ ئىچمەك مەدەنىيىتىنىڭ مەنبەسى، مەزمۇن ۋە پائالىيەت شەكلى.

ئارخېئولوگىيىلىك مەلۇماتلارنىڭ ئىسپاتلىشىچە، ئەجدادلىرىمىز تەييار «تەبىئىي» نەرسىلەرنى ئىستېمال قىلىشتىن چارۋىچىلىق ھاياتىغا مۇناسىۋەتلىك گۆش، ياغ، سۈت، قىمىز، قېتىق، قايماق، قۇرۇت، ھېسىپ قاتارلىقلارنى ئۆز ئالاھىدىلىكى بويىچە ئىستېمال قىلىشقا يۈزلەنگەن. ئىنسانلارنىڭ پىششىق ئوزۇقلۇق تەييارلاشتىكى قەدىمكى ئۇسۇلى خام گۆشنى (ئەتنى) قىزىتىلغان تاشنىڭ ئۈستىگە قويۇپ قاقلاشتىن ئىبارەت بولۇپ، ئوۋچىلىق دەۋرىدە گۆشنى تاشنىڭ ئۈستىگە قاقلاپ پىشۇرۇپ يەيدىغان بولغان. دەۋرنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، زىخلىق كاۋاپ بارلىققا كەلگەن. ئارخېئولوگلار 20 يىل ئىلگىرى چەرچەن ناھىيىسى تەۋەسىدىكى زاغۇنلۇق قەبرىستانلىقىدىن 3000 يىللار بۇرۇنقى دەۋرگە مەنسۇپ يۇلغۇن ياغىچىدا ياسالغان زىخقا ئۆتكۈزۈلگەن پاقلان گۆشىدىن قىلىنغان كاۋاپنى تاپتى.

كاۋاپ ــ ئۇيغۇر خەلقى ئەڭ ياقتۇرۇپ ۋە ئوتقا قاقلاپ پىشۇرىدىغان، مەززىلىك، يۇمشاق، تەمى ئۆزگىچە، تەنگە قۇۋۋەت بېغىشلايدىغان، پۈتكۈل ئىقلىمغا داڭقى تارالغان ئەنئەنىۋى يېمەكلىك. ئېلىمىز تارىخنامىلە-

رىدە يېزىلىشىچە ئەقىل ـ پاراسەتلىك ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى دەسلەپتە ئوۋ غەنىيمەتلىرىنى ئوتقا تاشلاش ياكى قىزىق تاشقا چاپلاش، قىزىق قۇمغا، قوقاسقا كۆمۈش، كۆك چۆپقا ئۆتكۈزۈپ ئوتقا قاقلاپ پىشۇرۇپ يېيىشنى ئۆگەنگەن. كېيىن يۇلغۇن تېلغا ئۆتكۈزۈپ دورا ـ دەرمەكلەرنى نېپىز سېپىپ پىشۇرۇپ يەيدىغان ئادەتنى يېتىلدۈرگەن. ئوۋچىلىقتىن چارۋىچىلىققا، دېھقانچىلىققا ئۆتكەندىن كېيىن كاۋاپنىڭ تۈرى، تەمنى تەدرىجى ياخشىلاپ جاھان يېمەك ـ ئىچمەك مەدەنىيىتىگە مۇھىم يېمەكلىك نامى بىلەن تونۇتقان. ئۇيغۇر كاۋاپلىرىنىڭ تۈرى كۆپ بولۇپ ئاساسلىقى پۈتۈن كالا كاۋىپى، پۈتۈن تۆگە كاۋىپى، پۈتۈن قوي، پۈتۈن ئوغلاق كاۋىپى، تونۇر كاۋىپى، ئاسما كاۋاپ، جاڭگال كاۋاپ، توغرامچە كاۋاپ، قوۋۇرغا كاۋاپ، سوقما كاۋاپ، دۇملىمە كاۋاپ، قىيما كاۋاپ، قورۇما كاۋاپ، شىرى كاۋاپ، سىڭىر كاۋاپ، بۆرەك كاۋىپى، يۈرەك كاۋىپى، جىگەر كاۋىپى، ئۆچەي ـ پوستۇما كاۋىپى، تال كاۋىپى، توخۇ، ئۆردەك، بېلىق، كەپتەر ـ باچكا كاۋاپلىرى، قۇشقاچ، بۆدۇنە، توشقان كاۋىپى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

كاۋاپنىڭ مەززىلىك، تەملىك بولۇش دەرىجىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن كاۋاپقا تۈرى، ئالاھىدىلىكى بويىچە بەلگىلىك مىقداردا تۇخۇم، ئاق ئۇن، قوناق ئۇنى، سوقۇلغان زىرە، قارىمۇچ تالقىنى، ئادەتتىكى سۇ يېغى، پىياز قاتارلىق تەييارلانغان تەم تەڭشىگۈچلەر ئاساسىي خۇرۇچ قىلىنىدۇ.

تۇخۇم، ئاق ئۇن، قوناق ئۇنى — تونۇر كاۋىپى، توغرامچە زىخ كاۋاپلارغا سېپىلىدۇ، سۇ يېغى تاۋا كاۋاپ، قورۇما كاۋاپلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

كاۋاپ تونۇرىنىڭ چوڭقۇرلۇقى ئادەتتە 80 سانتىمېتىردىن بىر مېتىرغىچە، كەڭلىكى 65 ـ 70 سانتىمېتىر ئەتراپىدا بولىدۇ، بۇنداق تونۇردا پۈتۈن قوي، پۈتۈن ئوغلاق گۆشلىرىنى بەخىرامان دۇملەپ پىشۇرغىلى، ياقما كاۋاپ، ئاسما كاۋاپ، تىكلىمە كاۋاپلارنىمۇ ۋايىغا يەتكۈزۈپ پىشۇرغىلى بولىدۇ. تونۇر ئاساسلىقى شور، سېغىز، چىيۇن قاتارلىقلاردىن تاشقى، ئىچكى كۆرۈنۈشى كۆركەم، مەزمۇت گۈمبەز شەكىللىك ياسىلىدۇ، تونۇر ئاغزىنىڭ ئاسان بۇزۇلۇپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ئۆلچەملىك چىيۇن چەمبىرەك بىر قەۋەت قېلىن شور لاي ئارىسغا ئېلىنىدۇ.

كاۋاپدان مەخسۇس زىخ كاۋاپلارنى پىشۇرىدىغان مۇھىم سايمان بولۇپ، يۇقىرى تېمپېراتۇرىغا بەرداشلىق بېرەلەيدىغان، سۈپىتى ئەڭ ياخشى، قېلىن تۈنىكە ماتېرىياللاردىن ياسىلىدۇ. كاۋاپدان ئادەتتە چوڭ ـ كىچىك دەرىجىسى بويىچە ئىككى قەۋەتلىك تۆت ۋە ئالتە پۇتلۇق قۇرۇلما گەۋدىلەردىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئوتخانا، چوغدان، كۈلدان، چاي قاينىتىش ئوچىقى قاتارلىق بۆلەكلەرگە ئايرىلىدۇ.

## پۈتۈن كالا، پۈتۈن تۆگە كاۋاپلارنى پىشۇرۇش ئۇسۇلى

چوڭ چارۋىلارنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ، تەملىك، مەززىلىك پىشۇرۇش يۇقىرى تېخنىكا تەلەپ قىلىدىغان ئىش. ئۇيغۇر يېمەك ـ ئىچمەك مەدەنىيىتى تارىختا قوي ـ ئولاغلارنى پۈتۈن پىشۇرۇش خېلى بۇرۇن ئومۇملاشقان ھۈنەر ـ كەسىپ بولسىمۇ، كالا، تۆگىلەرنى پۈتۈن پىشۇرۇش ئادەمنى ھاڭ ـ تاڭ قالدۇرىدىغان يېڭى مۆجىزە. قەشقەر «ئالتۇن دەۋر» ئاشپەز تەربىيىلەش مەركىزىنىڭ كامالەتكە يەتكەن ئاشپەز تەربىيىچىسى تۇرسۇنجان ياسىن كالا، تۆگىنى پۈتۈن كاۋاپ قىلىپ پىشۇرۇپ ئۇيغۇر كاۋاپچىلىقىنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسىنى ياراتتى. يوپۇرغا «داۋاكۆل قۇملۇق سەيلە ـ ساياھەت مەنزىرە رايونى»دىكى تۇرسۇنجان جالال ئوغلاق كاۋىپىنى تەملىك پىشۇرۇپ، دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىن كەلگەن ساياھەتچىلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلدى.

پۈتۈن چارۋىلارنى پۈتۈن پېتى كاۋاپ قىلىپ پىشۇرۇشتا كالا، تۆگىلەرنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكى، ئۆلچىمى بويىچە ئالاھىدە تونۇر راسلىنىدۇ. تونۇر ئوتۇن بىلەن ئەڭ يۇقىرى گرادۇستا قىزىتىلىپ، كالا، تۆگىلەرنىڭ ئىچ ـ باغرى پاكىز ئېلىۋېتىلىپ، تۈرلۈك دورا ـ دەرمەكلەر يېپىشتۇرۇلغاندىن كېيىن، تۆمۈر جازىغا ئېلىنىپ تونۇرغا سېلىنىپ مەھكەم دۇملىنىدۇ ھەم ئىككى ـ ئۈچ سائەتكىچە تونۇرنىڭ ئاغزى ئېچىلمايدۇ، بەلگىلەنگەن ۋاقىت توشقاندىن كېيىن، تونۇر ئاغزى ئېچىلىپ، پاكىز لۆڭگە بىلەن ئوت ئۈستى تەرەپتىن ياكى ئاستى ھاۋا تەڭشىگۈچ تەرەپتىن يېنىك يەلپۈنىدۇ، بۇنداق قىلغاندا ئوت تەكشى يېنىپ، گۆش رەڭلىك ۋە ئوبدان قىزىرىپ پىشىدۇ.

ئۇيغۇر كاۋاپچىلىقى ئۇزاق يىللىق يېمەك ـ ئىچمەك

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



تارىخى مابەينىدە كۈنسايىن تەرەققىي قىلىپ كۆلگە (قوقاسقا) سېلىپ پىشۇرۇشتىن پاكىز، چىرايلىق پىشۇرۇشقا قاراپ يۈزلەندى. كاۋاپچىلىق تېخنىكىسىمۇ بارغانسېرى سەرخىللاشتى. ئۇيغۇر كاۋاپچىلىقىدا ئوتۇن ۋە ئوتۇن كۆمۈرى كاۋاپچىلىقنىڭ ئاساسىي يېقىلغۇسى قىلىنىدۇ. زىخ ئەڭ سۈپەتلىك مىس، تۆچ، پولات سىمدىن ياسىلىدۇ. زىخلارنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئادەتتە تەخمىنەن 30، 40 سانتىمېتىر ئەتراپىدا بولىدۇ، بەزى ئالاھىدە كاۋاپلارنىڭ 50، 55 سانتىمېتىردىنمۇ ئاشىدۇ.

## ئوغلاق گۆشى كاۋاپلىرى

ئوغلاق گۆشى كاۋاپلىرى يۇمشاق ۋە مەززىلىك بولۇپ، تونۇر ۋە جازا تونۇرلاردا پۈتۈن ۋە پارچە - پارچە ئېسىلىپ پىشۇرۇلىدۇ، يېڭى قىرقىلمىغان ئوغلاق گۆشىنى تونۇر كاۋىپى قىلىپ پىشۇرۇپ يەپ بەرسە، تەنگە كۈچ - قۇۋۋەت ئاتا قىلىدۇ.

مەسىلەن، يوپۇرغا ناھىيىسىنىڭ داۋاكۆل سەيلە - ساياھەت مەنزىرە رايونى، مارالبېشى، پەيزاۋات قاتارلىق جايلارغا بارغان ھەرقانداق بىر ساياھەتچى مەززىلىك ئوغلاق گۆشى كاۋاپلىرىنى تېتىپ باقالايدۇ، بۇ خىل كاۋاپلار ئۈرۈمچى سودا يەرمەنكىسىدە كۆپ قېتىم يۇقىرى شان - شەرەپكە ئېرىشتى.

## قوي گۆشى كاۋاپلىرى

قوي گۆشىدىن ئاساسلىقى تونۇر كاۋاپلىرى، توغرامچە كاۋاپ، قوۋۇرغا كاۋاپ، قازان كاۋاپلىرى پىشۇرۇلىدۇ، قوي گۆشىدىن پىشۇرۇلغان تونۇر كاۋىپى ئادەتتە تونۇرنى ۋاستە قىلىپ پۈتۈن ۋە پارچە پىشۇرۇلىدۇ، چوڭ - كىچىك توي، مەشرەپ ۋە ھەر خىل پائالىيەت مەزگىللىرىدە داستىخانلارغا قويۇلىدۇ، تونۇر كاۋىپى پىشۇرۇش ئۇسۇلىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن، تىكلىمە كاۋاپ، ئاسما كاۋاپ ۋە ياقما كاۋاپلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**تىكلىمە كاۋاپ:** گۆشكە ئۆتكۈزۈلگەن زىخ تونۇر گەۋدىسىگە تىرەپ قويۇپ پىشۇرۇلىدۇ. تىكلىمە كاۋاپ يەنە پۈتۈن تىكلىمە كاۋاپ، پارچە تىكلىمە كاۋاپ دەپ ئىككى تۈرگە ئايرىلىدۇ. پۈتۈن تىكلىمە كاۋاپتا گۆشلەر پارچىلانماي پۈتۈن ھالەتتە تونۇرغا سېلىپ پىشۇرۇلىدۇ، گۆش يۈزىگە تۇز، شىرە سۈركىلىدۇ ۋە تونۇردا مۇۋاپىق ۋاقىت دۇملەپ پىشۇرۇلىدۇ، پىشقان كاۋاپنىڭ رەڭگى سېرىق، سىرتقى قەۋىتى چۇرۇك، ئىچى يۇمشاق، مەززىلىك بولىدۇ.

پارچە تىكلىمە كاۋاپتا قوي، ئوغلاقلارنىڭ لوق گۆشلىرى بارماق شەكلىدە ياپىلاق قىلىنىپ مەلۇم ۋاقىت شىرىگە چىلانغاندىن كېيىن ئۈچ تال گۆش، بىر تال ياغ بويىچە زىخقا ئۆتكۈزۈلۈپ تونۇر دىۋارىغا تىكلەپ پىشۇرۇلىدۇ، بۇ سامسا ياكى ئاق نان تونۇرىدا پىشۇرۇلىدۇ.

**ئاسما كاۋاپ:** گۆش پۈتۈن پېتى تاپانلىق زىخ قارماقلارغا ئىلىنىپ تونۇرغا سېلىنىپ 80 مىنۇتتىن 90 مىنۇتقىچە دۇملەپ پىشۇرۇلىدۇ.

**ياقما كاۋاپ:** بۇ خىل كاۋاپ قىزىتىلغان تونۇر دىۋارىغا نان ياققانغا ئوخشاش يېقىپ پىشۇرۇلىدىغان كاۋاپ بولۇپ، قوي، ئوغلاق گۆشلىرى ئىشلىتىلىدۇ، گۆش يۈزىگە تۇز بىلەن سوقۇلغان دورا - دەرمەكلەر سېپىلىدۇ ۋە تونۇرغا 20 مىنۇت دۇملەپ پىشۇرۇلىدۇ.

**زىخ كاۋاپ:** گۆش توغرامچىلارغا تۇخۇم، ئاق ئۇن، تۇز قاتارلىقلار تېمىتىپ ئارىلاشتۇرۇلىدۇ، ئاندىن گۆش توغرامچىلىرى زىخقا ئۆتكۈزۈلۈپ كاۋاپدان ئۈستىگە رەتلىك تىزىلىپ، جىگدە، ئۆرۈك، تېرەك ئوتۇنلىرىنىڭ ئوتىغا قاقلاپ پىشۇرۇلىدۇ.

زىخ كاۋاپنىڭ تۈرى بىر قەدەر كۆپ بولۇپ، ئاساسلىقى قىيما كاۋاپ، جىگەر كاۋاپ، ئۈچەي كاۋاپ، پوستۇما كاۋاپ، بۆرەك كاۋاپ، يۈرەك كاۋاپ، تال كاۋاپلاردىن ئىبارەت.

## ئۇچار قۇش كاۋاپلىرى

كەپتەر، ئاق قۇشقاچ، بۆدۈنە، ئۇلاي قاتارلىق ئەتىۋارلىق ئۇچار قۇشلارنىڭ دورىلىق قىممىتى ئىنتايىن يۇقىرى بولۇپ، ئەجدادلىرىمىز ئەينى ۋاقىتتا باھى كۈچەيتىش، مېڭىنى قۇۋۋەتلەشتە تېبابەتلىك رولىنىڭ ئىنتايىن يۇقىرىلىقىنى تونۇپ يەتكەن. شۇڭا بۇنداق ئۇچار قۇشلارنى شارائىت يار بەرگەن ئەھۋال ئاستىدا پات - پات ئىستېمال قىلىپ بەرگەننىڭ پايدىسى زور، بۇ خىل ئۇچار قۇشلارنى زىخ ياكى قوقاسقا قاقلاپ پىشۇرۇپ يېسە مەززىلىك ۋە ئۈنۈمى بولىدۇ.

## توخۇ، ئۆردەك، توشقان كاۋاپلىرى

ئۆي قۇشلىرىدىن توخۇ، ئۆردەك، توشقان گۆشلىرىمۇ ئاق مۇچ، زىرە قاتارلىقلار نېپىز سېپىلىپ، تونۇر كاۋىپى، تاۋا كاۋىپى قىلىنىپ پىشۇرۇلىدۇ، ئۇ ھەممىدىن

ئارتۇق سېمىزلىك كېسەلگە گىرىپتار بولغان كىشىلەرنىڭ ئورۇقلىشىغا ياردەم بېرىدىغان ئالاھىدە دورا.

## بېلىق كاۋاپلىرى

ھازىر سۇ مەھسۇلاتلىرىدىن بېلىق كاۋاپلىرىمۇ بازار ئىگىلەشتە مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. بېلىقنى قازان كاۋىپى ۋە زىخ كاۋىپى قىلىپ يېيىشمۇ بولىدۇ، بېلىق كاۋاپلىرىغا زىرە قاتارلىق دورا - دەرمەك سېپىلسا تېخىمۇ خۇش پۇراق، مەززىلىك بولىدۇ.

## تاۋا كاۋاپلىرى

تاۋا كاۋاپ — ياغنى ۋاستە قىلىپ تاۋىدا پىشۇرۇلىدىغان كاۋاپ بولۇپ، چوڭ - كىچىك چارۋا گۆشى ۋە بېلىق گۆشىنىمۇ پىشۇرۇپ يېيىشكە بولىدۇ.

## كۆممە كاۋاپ

كۆممە كاۋاپ قوقاس ياكى گۈلخانغا كۆمۈپ پىشۇرۇلىدۇ، بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ قەدىمكى كاۋاپ تۈرلىرىنىڭ بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. كۆممە كاۋاپ قىلىشتا قوي ياكى ئوغلاق قېرىنىنىڭ باش تەرىپىدىن كىچىك تۆشۈك ئېچىپ تۈۋت يۈزى سىرتىغا ئۆرۈلۈپ، پاكىز يۇيۇلۇپ ئىچىگە ئۆرۈلىدۇ، قوي ياكى ئوغلاق گۆشى ئىككى سەر چوڭلۇقتا توغرىلىپ، تۇز، زىرە، كاۋاۋىچىن تالقىنى، توغرالغان سامساق ۋە پىياز ئارىلاشتۇرۇلۇپ، قېرىن ئىچىگە سېلىنىدۇ ۋە قېرىن ئاغزى مەھكەم بوغۇلىدۇ، ئاندىن گۈلخان، قوقاسلارغا كۆمۈلۈپ، ئىككى - ئۈچ سائەتكىچە دۈملەپ قويۇلىدۇ، كۆممە كاۋاپ يۇمشاق، تەملىك بولۇپ شورپىسى ئىستېمال قىلىنىدۇ، ئەمما قېرىنىنىڭ ئۆزى ئىستېمال قىلىنمايدۇ.

## قورۇما كاۋاپ

قورۇما كاۋاپ قازاندا ئۇلۇغ ئوت ھارارىتىدە تېز قورۇپ ئېلىنىدىغان كاۋاپ. قويننىڭ لوق گۆشى بارماق چوڭلۇقتا ياپىلاق توغرىلىپ، چىلانغان پۇرچاق ئۇنى، تۇخۇم، زىرە، تۇز ۋە چانالغان پىياز ئارىلاشمىسىغا چىلانغاندىن كېيىن قىزىتىلغان ياغ يۇقى قازانغا پىياز، قىزىل مۇچ سېلىنىپ، تېز قورۇلۇپ ئارقىدىنلا گۆش قورۇلىدۇ، بۇنداق كاۋاپنىڭ رەڭگى سېرىق، گۆشى يۇمشاق، زىرە ھىدى كۈچلۈك بولىدۇ.

## قاقلىما كاۋاپ

بىۋاستە چوغقا تاشلاش ياكى مەلۇم ۋاستىلەر ياردىمىدە چوغقا قاقلاش ئۇسۇلى ئارقىلىق پىشۇرۇلىدۇ، چارۋامال گۆشى، كەپتەر، قوشقار، جىگدىچى، بۆدۈنە گۆشلىرىنى قاقلىما كاۋاپ قىلىشقا بولىدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا توخۇ، ئۆردەك گۆشلىرىنىمۇ قاقلىما كاۋاپ قىلىپ يېيىشكە بولىدۇ.

## داغلىما كاۋاپ

گۆش ياغدا پىشۇرۇپ تەييارلىنىدۇ، ئاق قۇشقاچ گۆشى ئاساسىي ماتېرىيال قىلىنىدۇ، بۇنداق كاۋاپ كۆز ياكى قىش پەسىللىرىدە كۆپرەك ئىستېمال قىلىنىدۇ.

پايدىلانغان ماتېرىياللار:

1. «مەھمۇد قەشقىرى» قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1985 - يىلى 2 - ئاي نەشرى.

2. «تۈركىي تىللار دىۋانى»دىكى ئەدەبىي مىراسلار، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1998 - يىلى 4 - نەشرى.

3. ئۇيغۇر قول ھۈنەرۋەنچىلىكى قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 2002 - يىلى 10 - ئاي نەشرى.

4. ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەد ئىمىن ھېكمەتلىرى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2000 - يىلى 7 - ئاي نەشرى.

(ئاپتور: قەشقەر پوچتا رايون مەركىزى ئىدارىسىدا)

## بىلدۈرگۈ

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەنلەر:

تەھرىراتىمىز «مىراس» ژۇرنىلىنىڭ 2003 - يىللىق سانلىرىدىن 2008 - يىللىق سانلىرىغىچە توپلام قىلىپ ئىشلىدۇق.

سېتىۋالغۇچىلارنىڭ بىز بىلەن ئالاقىلىشىشىنى قىزغىن قارشى ئالىمىز، يەككە باھاسى 35 يۈەن.

ئالاقىلاشقۇچى: خۇرسەنئاي مەمتىمىن Tel: (0991) 4554017

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



# «يامان بولسۇ»لاردىن تۇغۇلغان ئويلار

ئەركىن سابىر

(بېشى ئالدىنقى ساندا)

38. بېزەپ گەپلەرنى ئېغىزدىن چىقارسا

كوممۇنا ۋاقتىدا ئەزالار ئاغرىق - سىلاقلارنى دوختۇرغا ئاپىرىش ئۇچۇن ئەترەتنىڭ ھارۋىسىنى ئىشلىتەتتى. بىر ئەتىيازلىقى ئەترەت باشلىقى سۇلايمان مەمۇر بىلەن ھەبىبۇل ياغاچچى ھارۋا تالىشىپ جېدەللىشىپ قالدى.

— يىل بويى كوممۇناغا ئىشلەيمىز، — دېدى ھەبىبۇل ياغاچچى، — ئەل ئۆمرۈمدە بىرىنچى قېتىم ھارۋا سورىشىم. ئايالىم ئۆيدە ئاغرىپ ئىنجىقلاپ ياتىدۇ، ئەھۋالى ئېغىر، شەھەرگە - چوڭ دوختۇرخانىغا ئاپارمىسام بولمايدۇ...

— دېدىمغۇ ھارۋا يوق دەپ، — دېدى سۇلايمان مەمۇر، — ئاۋۇ غول ئېرىقنىڭ باش تەرىپىنى يار ئېلىپ كېتىپتۇ، ۋاقتىدا ئەتمىسەك ئەتىيازلىق سۇغىرىش، ئۇسا قىلىش ئىشلىرىغا تەسىر يېتىدۇ، شۇڭا ھەممە ھارۋىغا شاخ - پاخال بېسىپ شۇ ياققا ماڭدۇرماقچى.

— سەككىز - ئون ھارۋىنىڭ ھەممىسى ماڭامدۇ؟ ئەگەر مېنىڭ ئورنۇمدا بىرەر تۇغقىنىڭ بولغان بولسا ئۇنداق دېمەس بولغىيتىڭ !

— تۇغقىنىم بولسىمۇ شۇ گەپ، ھەرقانداق ئەھۋالدا شەخسىي مەنپەئەت كوللېكتىپ مەنپەئەتكە بويسۇنۇشى كېرەك.

— بۇ يەردە شەخسىي مەنپەئەت دېگەن گەپ يوق، بىر ئادەم ئاغرىپ ئۆلەي دەۋاتسا نېمە ئۇ ئۇ - بۇ مەنپەئەت دېگەنىڭ ؟!

— نېمە دېسەڭمۇ دېگىن، ھارۋا بەرمەيمەن.

— بەرمىسەڭ ئاناڭغا ئاپىرىپ بەر!

— ئانامنى چىشلەپ تارتما، بولمىسا ئاۋۇ ئاغرىق خوتۇنۇڭنى...

ئىككىلەن ئاخىرىغا بارغاندا سەت گەپلەر بىلەن تىللىشىشقا باشلىدى، ئۇلارنىڭ ئېغىزىدىن چىققان گەپلەرگە ئادەم چىداپ تۇرغىلى بولمايتتى. كىشىلەر ئۇلارنى ئاجراتتى، ھەر ئىككىسىنى ئۆز يولىغا سالدى. لېكىن نۇرغۇن ئادەم ئالدىدا ساقىلىغا ئاق سانجىغان چوپچوڭ ئىككى ئادەم ئاغزىنىڭ بېزەپلىكى بىلەن ئىززەت - ئابرۇيىنى تۆكتى. ئەتراپقا ئولاشقانلار ئىچىدىن بىرەيلەن «بۇنداق تىللاشسا، بېزەپ گەپلەرنى ئېغىزىدىن چىقارسا يامان بولىدۇ، ھەي ئىمانى كامىل ئىنسانلار بۇنى بىلىڭلار!» دەپ ھەممىگە نەسىھەت قىلدى.

— ئادەمنىڭ ئادەملىكى ياخشى خۇلق، شەربەتتەك سۆزكالامى بىلەن، — دېدى دادام بۇ ئىش ھەققىدە چۈشەنچە بېرىپ،

— كىشىلەر ھەرقانچە خاپا بولۇشسىمۇ يامان تىل بىلەن تىللاشماسلىق كېرەك. چۈنكى ئادەم بولغانىكەن ھامان بىر كۈنى سالاملىشىدىغان گەپ. شۇ چاغدا بىر-بىرىگە قايسى يۈزى بىلەن قارىشىدۇ؟!

39. ئاچقۇچنى پىرقىرىتىپ ئوينىسا

بىر كۈنى قاسىمنىڭ ئاپىسى مېنى چاقىرتىپ:

— بالام، بىز دوختۇرخانىغا بېرىپ كېلەيلى دېگەن، ئۆيدە قاسىم يالغۇز قالدى، ئۇنىڭ بىلەن ئۆيگە قارىغاچ ئويناپ تۇرۇڭلار، بولامدۇ؟ — دېدى.

— ماقۇل، — دېدىم مەن. ئۇلار كەتكەندىن كېيىن قاسىم ئىككىمىز ئىشىككە قۇلۇپ سالدۇق-دە، مەھەللىنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى قاقشال بولۇپ كەتكەن باغقا مۆكۈشمەك ئوينىغىلى ماڭدۇق. بۇ كۆز كىرەي دېگەن چاغ بولۇپ، باغ ئىچىنى قاپلاپ كەتكەن قورايلار ئادەم چوڭكۆرگىدەك ئۆسۈپ كەتكەنىدى. بىز مەھەللىدىكى بالىلار بىلەن پات-پاتلا بۇ يەرگە كېلىپ مۆكۈشمەك ياكى سوقۇش ئويۇنى ئويناپتتۇق. بىز باغقا بارغاندا بەك ئەتىگەن بولغاچقا، بالىلارنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ تام ئۈستىگە چىقىپ ئولتۇردۇق. قاسىم بىر ئاز بەڭباشراق بولۇپ، قىلما دېگەن ئىشنى قىلىدىغان خۇيى بار ئىدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ ئىچى پۇشقانمۇ، ئەيتاۋۇر ئاچقۇچنىڭ تۆگىسىنى بارمىقىغا ئۆتكۈزۈۋېلىپ پىرقىرىتىپ ئويناشقا باشلىدى.

— ھاي بالا، — دېدى يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بىر ئادەم، — ئاچقۇچنى پىرقىرىتىپ ئوينىما، يامان بولىدۇ.

— ھە، — دېدى قاسىم، ئەمما ھېلىقى ئادەم كەتكەندىن كېيىن يەنە پىرقىرىتىپ ئوينىدى.

— يامان بولىدىكەن، ئاچقۇچنى پىرقىراتمىساڭچۇ!؟ — دېدىم مەن ئۇنىڭغا.

— ئا، دەۋېرىدۇ، — دېدى قاسىم. ئەمما گېپى ئاياغلاشمايلا، ئاچقۇچ قولدىن چىقىپ كېتىپ، باغ ئىچىدىكى قورايلىققا چۈشۈپ كەتتى.

— خوپ بولدىمۇ؟ — دېدىم ئۇنىڭغا.

— ئىزدىشىپ بەرگىنە، — دېدى ئۇ. بىراق قورايلىق ئىچىدىن شۇنچە ئىزدەپمۇ ئاچقۇچنى تاپالمىدۇق. ئۇ يىغلاشقا باشلىدى، لېكىن يىغلىغان بىلەن نېمە ئامال. كەچتە ئۇ دادىسىدىن تاياق يېگەن ئوخشايدۇ. مەن بۇ ئىشنى دادامغا دېۋىدىم، دادام: «يامان بولىدىغىنى راست» دېدى. دادامنىڭ دېيىشىچە، ئاچقۇچنى پىرقىرىتىپ ئوينىسا قولدىن چىقىپ كېتىپ خەقنىڭ قاپىقىنى يېرىۋېتىشى ياكى يامان ئادەملەرنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالسا ئۆيدىكى پۇل-پېچەك قاتارلىقلارنى ئوغرىلاپ كېتىشى مۇمكىن ئىكەن.

40. قۇشلارنىڭ ئۇۋىسىنى بۇزسا

بىزنىڭ مەھەللىدە سەممەت ئاۋاق دەيدىغان بىر ئادەم بولىدىغان. ئۇنىڭ ئاۋاق ئاتىلىشى بالا چاغلىرىدا جېنى ئىچىگە پاتماي شوخلۇقنى چېكىدىن ئاشۇرۇۋەتكەنلىكىدىن بولغانىكەن. ئۇ دەرەخ ئۇچىغا يامىشىشقا ئامراق بولۇپ، دائىم قۇشقاچلارنىڭ ئۇۋىسىنى بۇزۇپ ئوينايدىكەن. چوڭلار ئۇنىڭغا قۇشلارنىڭ ئۇۋىسىنى چۇۋۇما، يامان بولىدۇ، دېسە زادى ئاڭلىمايدىكەن.

— قۇشلارمۇ ئۇۋىسى بۇزۇۋېتىلسە يىغلايدۇ، قارغايدۇ، — دېدى دادام، — خۇددى ئادەملەرنىڭ ئۆيى ئۆرۈلۈپ چۈشسە تالادا قالغاندەك ئۇلارمۇ تالادا قالىدۇ، ئۇۋىلىرىدا تۇخۇملىرى بولسا يەرگە چۈشۈپ چېقىلىدۇ، بالىلىرى بولسا ئۆلىدۇ. سەممەتنىمۇ ئاشۇ قۇشلارنىڭ زارى تۇتقان گەپ. ئۇ دەرەخ ئۇچىدىن يىقىلغان باھانە بىلەن ئۆمۈرلۈك مېيىپ بولۇپ قالدى. تېنى ئاجىز، قاتتىقراق شامال چىقسا ئۇچۇپ كەتكۈدەك ئاۋاق. بالا دېگەن يامان بولىدۇ، دېگەن ئىشنى قىلماسلىقى كېرەك.

دادامنىڭ شۇ چاغدا دېگەن گېپى ھازىرمۇ ئېسىمدىن چىقمايدۇ. قۇشلارنىڭ ئادەملەرگە نېمە زىيىنى؟ ھېچ بولمىسا ئادەملەرگە زىيانداش ھاشاراتلارنى يوقىتىشىپ بېرىدۇ. شۇنداق تۇرۇپ ئۇلارنى ئامان قويمىساق، زىيانداش ھاشاراتلار بۇ دۇنيانى قاپلاپ كەتمەمدۇ!؟ زىيانداش ھاشاراتلار كۆپىيىپ كەتسە مېۋە-چېۋە، ئاشلىقنى قىرىۋەتمەمدۇ، ئۇ چاغدا ئادەملەر نېمە يەيدۇ؟ بۇ «يامان بولىدۇ»نىڭ يامان يېرى شۇ يەردە بولسا كېرەك. سەممەت ئاۋاقنىڭ دەرەختىن يىقىلىپ ئۆمۈرلۈك ئاۋاق بولۇپ قېلىشى يالغۇز قۇشلارنىڭ زارىغا قالماي، ئادەملەرنىڭمۇ قارغىشىغا كەتكەنمىكىن. دادام دائىم «قىلما دېگەن ئىشنى قىلماسلىق، قىل دېگەن ئىشنى قىلىش كېرەك، بولمىسا ئادەم ئۆمۈرلۈك پۇشايمانغا قالىدۇ» دەيتتى. بۇ ئاقىلانە گەپنىڭ مەنىسىنى مەن كېيىن چۈشەندىم.

41. دائىم يالغان سۆزلىسە

دۇنيادا بىرەر قېتىممۇ يالغان سۆزلىمەيدىغان ئادەم بولمىسا كېرەك، ئەمما يامىنى دائىم يالغان سۆزلەشتە، مەن ئۆزۈممۇ كىچىك چېغىمدا يالغان سۆزلەشنىڭ زىيىنىنى كۆرگەن. ئۇ چاغلاردا ئاپام دائىم تونۇرغا نان يېقىپ بولۇپ، «بالام، تونۇردىكى ئوتنى سۇ چېچىپ ئۆچۈرۈۋەت» دەيتتى. مەن ماقۇل، دەيتتىمۇ، كۆپىنچە ھاللاردا ئويۇنغا بېرىلىپ، ئۇنتۇپ قالاتتىم. ئاپام سورىسا «ئۆچۈرۈۋەتتىم» دەپ يالغان سۆزلەيتتىم. بىر كۈنى كەچتە بىز

باللار بىلەن مۆكۈشمەك ئوينىدۇق. مەن ئۆزۈمچە مېنى ھېچكىم تاپالمسۇن دەپ، يۈگۈرۈپ كەلگەن پېتى تونۇرغا سەكرەپ چۈشۈپتىمەن. پۇتۇم يالاڭئاياغ ئىدى، لېكىن كىم ئويلىسۇن، تونۇردا تۈنۈگۈنكى قوقاسنىڭ ئوتى تېخى بار ئىكەن، ئىچىگە چۈشۈپلا ئوتقا كېچىۋالدىم، پۇتۇم كۆيۈۋېدى چىرقىراپ كەتتىم، جايىمدا تۇرالماي ھەدەپ سەكرەيتتىم. سەكرىگەنچە پۇتلىرىم كۆيەتتى. بۇ چاغدا ئاپام ـ داداملار قوشنىلار بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇرغىلى ئىشىك ئالدىغا چىقىپ كەتكەنىدى. ئۇلار ئاۋازىمنى ئاڭلاپ يۈگۈرۈپ كىرگىچە ھويلىدا كەتمىنىنى ساپلاۋاتقان تاغام كېلىپ مېنى تونۇردىن تارتىۋالدى. بىراق پۇتلىرىم ئوبدانلا كۆيگەچكە قاتتىق ئېچىشىپ كېتىۋاتاتتى. شۇ كۈنى كېچىچە ئاغرىق ئازابىغا چىدىماي يىغلاپ چىقتىم، دادام بىلەن ئاپام بار ئامالنى قىلىپ باقتى...

— سەن ئۇ كۈنى ئوتنى سۇ چېچىپ ئۆچۈرۈۋەتتىم دېمىگەنمىدىڭ؟ — دېدى ئاپام ئارىدىن بىر نەچچە كۈن ئۆتۈپ.

— يالغان سۆزلىگەنتىم، — دېدىم مەن گۇناھىمنى بويۇنۇمغا ئېلىپ.

— يالغان سۆزلىگەننىڭ جاجىسى! — دېدى ئاپام ئاچچىقلاپ. دادام بولسا، «كىم يالغان سۆزلىسە ئۆزى زىيان تارتىدۇ، يالغانچىنىڭ قۇيرۇقى بىر تۇتام دېگەن گەپ بىكار چىقمىغان» دېدى. شۇنىڭدىن بۇرۇن مومام «يالغان سۆزلىسە يامان بولىدۇ»، دېسە، قانداق يامان بولىدۇ؟ دەپ تۇرۇۋالاتتىم. بۇ قېتىم قانداق يامان بولىدىغىنىنى ئۆز بېشىمدىن كەچۈردۇم. كېيىن مەكتەپكە ئوقۇشقا كىرىپ، دەرسلىكتىكى «بۆرە كەلدى» دېگەن مەسەلنى ئوقۇپ، بۇ «يامان بولىدۇ»نىڭ يەنە بىر تەرىپى خەقنىڭ ئىشەنچىسىدىن ئايرىلىپ قېلىش ئىكەنلىكىنىمۇ بىلدىم. دادام ماڭا:

— يالغان سۆزلەۋېرىپ خەقنى ئۆزۈڭگە ئىشەنمەيدىغان قىلىپ قويساڭ، ئاچتىن ئۆلۈپ كېتىۋاتساڭمۇ، يالغان سۆزلەۋاتىدۇ، دەپ ساڭا بىر بۇردا نانمۇ بەرمەيدۇ، — دېدى.

بۇرۇن بىر يالغانچىنىڭ ئانىسى ئۆلۈپ قالغاندا «ئانام ئۆلۈپ قالدى، ماڭا ئەپچىقىپ كۆمۈشۈپ بېرىڭلار» دېگەندە، ھېچكىم ئۇنىڭغا ئىشەنمىگەن ئىكەن.

42. ئارىدا گەپ توشۇسا

مومام كىچىك ۋاقتىمدا «ئارىدا گەپ توشۇسا بەك يامان بولىدۇ» دەيتتى.

— قانداق يامان بولىدۇ، — دەپ سورايتتىم مەن.

— گەپ توشۇغان ئادەمنىڭ بېشىغا بالا ـ قازا ياغىدۇ، — دېدى بىر كۈنى مومام، — بۇرۇن بىر ئادەم گەپ توشۇغانلىقتىن بىر كېچىدە تىلى تۇتۇلۇپ قالغانىكەن، شۇڭا بالام، ياخشى ئادەم بولاي دېسەڭ، ھەرگىز ئارىدا گەپ توشۇغۇچى بولما، — دەپ چۈشەندۈردى ئارقىدىن. ئۇ چاغدا مومامنىڭ نەسىھىتىگە ھە دەپ قويساممۇ، چوڭ بولغاندىن كېيىن ھەقىقىي مەنىسىنى چۈشەندىم.

كوممۇنا ۋاقتىدا ھەممىمىز ئەترەتنىڭ ئەمگىكىنى قىلاتتۇق. بىر كۈنى بىز ئېتىزدا بۇغداي ئورۇۋاتاتتۇق، بۇ تومۇز كۈنلىرى بولغاچقا، دىمىق بۇغدايلىقتا ئىشلەپ چىلىق ـ چىلىق تەرگە چۆمۈپ كەتكەنىدۇق، نەچچە كۈندىكى ئېغىر ئەمگەكتە بەللىرىمىز پۈكۈلۈشۈپ، ئۆرە بولغىدەك ھالىمىز قالمىغانىدى. چۈش بولاي دېگەندە بىزگە چېلەكتە چاي ئېلىپ كەلگەن ھاپىزجان:

— ئاۋۇ ئېتىزدىكىلەر سىلەرنى چالا ئاكتىپ، شۇ خەق بولمىسا، بىزمۇ دەم ئېلىپ ـ دەم ئېلىپ ئىشلەيتتۇق دەۋاتىدۇ، — دېدى.

— بىز چالا ئاكتىپمىكەنمىز، ئەمىسە ئۇلارچۇ؟ — دېدۇق بىز، — چالا ئاكتىپلىق قىلىپ سەھەردە ئېتىزغا كېلىۋالدۇ، نەچچە كۈن بولدى، كىچىككىنە بىر مەيداننىڭ بۇغدىيىنى ئورۇپ بولالمىدى.

— ئۇلارمۇ سىلەرنى شۇنداق دەۋاتىدۇ، — دېدى ھاپىزجان يەنە. بىزنىڭ بۇ گەپكە قورسىقىمىز كۆپتى ـ دە، ئاچچىقىمىزغا ھاي بېرەلمەي نېرىقى ئېتىزغا باردۇق.

— سىلەر بىزنى چالا ئاكتىپ دەپسىلەر، ئۆزۈڭلارچۇ؟ — دېدى ئارىمىزدىن مامۇت سولخاي.

— ئاۋۋال سىلەر شۇنداق دەپسىلەر، — دېدى ئۇلاردىن بىرى. شۇنىڭ بىلەن بىز گەپ تەگىشىپ قالدۇق. دەل شۇ چاغدا بۇ ماجرا ئۈستىگە كەلگەن ئەترەت باشلىقى بۇ گەپنى سۈرۈشتە قىلدى ۋە ھاپىزجاننى چاقىرتىپ، كاچىتىغا نەچچىنى سالدى. ئەترەت باشلىقى ئاچچىقى يامان ئادەم ئىدى. ئۇ قايناق ئورما ۋاقتىدا گەپ توشۇپ ئارىغا زىددىيەت سالغاننى ئاز دەپ، بىر مۇنچە ئىشقا تەسىر يەتكۈزگىنى ئۈچۈن ھاپىزجاننىڭ كۆتىگە يەنە نەچچىنى تەپتى.

ھاپىزجان شۇ كۈندىن باشلاپ بۇغداي ئورۇشقا سېلىندى. ئارىدا گەپ توشۇغاننىڭ جازاسىنى ئۇ شۇ كۈندىن كېيىن ھارغىچە تارتتى، خەقنىڭ ئالدىدىمۇ باش كۆتۈرەلمەي يۈردى. شۇ چاغدا مومام دېگەن ھېلىقى گەپنى يادىمغا ئېلىپ «ئارىدا گەپ توشۇسا يامان بولىدۇ»نىڭ ھەقىقىي مەنىسىنى چۈشەندىم.

(داۋامى بار)

(ئاپتور: «ئىشچىلار ۋاقت گېزىتى» نىڭ پېنسىيونېرى)




# شۋېتسىيىدىكى تارىخي ماتېرىياللاردا ئۇيغۇر كىيىم ـ كېچەكلىرى توغرىسىدا

زۇلھايات ئۆتكۈر

1890 ـ يىللىرىدىن باشلاپ شۋېت ئېكسپېدىتسىيىچى-لىرى قەدىمي زېمىنىمىزغا كېلىشكە باشلىغان، سۋېن ھېدىن (1865 ـ 1952) ھىمالايا تېغىدىن تۇنجى ئۆتۈپ ئوت-تۇرا ئاسىياغا ئېكسپېدىتسىيە سەپىرىدە بولغان تۇنجى شى-ۋېتسىيىلىك ئېكسپېدىتسىيىچى. ئۇ بىرىنچى قېتىم 1893 ـ ، 1897 ـ يىللىرى تارىم ئويمانلىقى، پامىر ئېگىزلىكى، تەكلى-ماكان چۆللۈكىدە قېدىرىپ تەكشۈرۈشتە بولغان بولۇپ، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئوتتۇرا ئاسىيادا تۆت قېتىم ئېكسپې-دىتسىيىدە بولغان، جۈملىدىن 1927 ـ يىلىدىن 1935 ـ يىلى-غىچە يەنە بىر قېتىم شۋېتسىيە ـ جۇڭگو ئېكسپېدىتسىيە ئۆمكى تەركىبىدە يەنە بىر قېتىم تەكشۈرۈشتە بولغان. ئۇ زېمىنىمىزدا كروران قەدىمىي خارابىسىنى بايقاشقا ئوخشاش تۆھپىلەرنى ياراتقاندىن باشقا يەنە نۇرغۇنلىغان تارىخىي، ئارخېئولوگىيىلىك ۋە ئېتنوگرافىك ماتېرىياللار-نى غەرب ئەللىرىگە ئېلىپ كەلگەن. ئۇنىڭ ئېلىپ كەلگەن يۇرتىمىزغا ئائىت كۈندىلىك خاتىرە، فوتو سۈرەت، ھايۋا-نات ۋە ئۆسۈملۈك ئەۋرىشكىسى قاتارلىقلار ھازىر شۋېت-سىيە ئېتنوگرافىيە مۇزېيى ۋە تەبىئەت تارىخ مۇزېيىدا ساقلانماقتا.

1892 ـ، 1938 ـ يىللىغىچە شۋېت مىسسىيونېرلار

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com





جەمئىيىتىنىڭ تەشكىللىشى بىلەن شۋېت مىسسىيونېرلىرى قەشقەر، يەركەنت ۋە يېڭىسارلاردا مىسسىيونېرلىق پائالىيەتلىرىدە بولغان. ئەينى ۋاقىتتا ئەقىدىسى كۈچلۈك بولغان بۇ مۇسۇلمانلارنى خرىستىيانغا ئايلاندۇرۇش ئانچە ئاسان ئىش ئەمەس ئىدى. شۇنىڭ بىلەن مىسسىيونېرلار داۋالاش، دارىلئېيتام ـ مەكتەپ ئېچىش، قول ھۈنەرۋەنلەرنى تەربىيلەش قاتارلىق تېخنىكىلىق ياردەم ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ ۋە 1912 ـ يىلى قەشقەردە باسما زاۋۇتى قۇرۇپ چىقىدۇ. شۋېتسىيىلىك مەشھۇر دىپلومات، تىلشۇناس ئالىم گۇننار ياررىڭ (1902 ـ 2002) تىل ئۆگىنىش مەقسىتىدە قەشقەرگە كېلىدۇ. ئۇ قەشقەردە مىسسىيونېرلار بازىسىدا تۇرىدۇ ۋە شۇ جەرياندا يەرلىك خەلق ۋە مىسسىيونېرلار ئىئانە قىلغان نۇرغۇن كۆندىلىك خاتىرە، خەت ـ چەك، تارتقان رەسىم، شۇنداقلا قەشقەردىكى مىسسىيون باسما زاۋۇتىدا بېسىلغان تۈرلۈك ئەدەبىي ئەسەرلەر، كالېندار، زىيارەت لېنتىسى، نېگاتىپ، دەرسلىك كىتاب، گېزىت ـ ژۇرنال قاتارلىق ماتېرىياللارنى شۋېتسىيىگە ئېلىپ كېلىپ، بىر قىسمىنى لوند ئۇنىۋېرسىتېتى كۇتۇپخانىسىغا ئىئانە قىلىدۇ. بۇ ساقلانمىلار دۇنيا بويىچە ھازىرغىچە ساقلانغان ئۇيغۇرلارغا ئائىت ئۇچىنچى چوڭ قولىيازما توپلىمى بولۇپ 1100 تېمىدىكى 560 پارچە قولىيازمىدىن تەركىب تاپقان. بۇ خىل بايلىقلار بىزنىڭ 150 يىللىق تارىخي، مەدەنىي مىراسلىرىمىزنى تەتقىق قىلىش، ئىزدىنىشتە ناھايىتى قىممەتلىك ماتېرىيال بولۇپ ساقلانماقتا. قولىيازمىلار پەقەت فىلولوگىيىلىك، تارىخي تەتقىقات قىممىتىگە ئىگە بولۇپلا قالماي يەنە ئۆز دەۋرىدىكى شىنجاڭ جەمئىيىتىنىڭ دىنىي ۋەزىيىتى، تىببىي داۋالاش، قانۇن ـ تۈزۈم، قول ھۈنەرۋەنچىلىك، مىستىسىزم قاتارلىق ۋەزىيىتىنى چۈشىنىش، تەتقىق قىلىشتىمۇ زور قىممەتكە ئىگە.

مەن شۋېتسىيە خانلىق كۇتۇپخانىسى، شۋېتسىيە دۆلەتلىك ئارخىپ، مىسسىيونېرلار چېركاۋى ئارخىپخانىسى، ئېتنوگرافىيە مۇزېيى قاتارلىق ئورۇنلارغا بېرىپ يۇقىرىقى قولىيازما، رەسىملەرنى كۆرۈشكە، ئۇنىئالغۇ لېنتىلىرىنى ئاڭلاش پۇرسىتىگە مۇۋەپپەق بولدۇم. قولىيازمىلارنىڭ بەزىلىرى خوتەن قەغىزىگە، بەزىلىرى رۇس ۋە شۋېت قەغەزلىرىگە يېزىپ قالدۇرۇلغان ئىكەن. ئۇلارنىڭ 75% ى ئۇيغۇر تىلىدا ياكى چاغاتاي تىلىدا يېزىلغان. مەن شۋېتسىيىدە ساقلانغان بىر قىسىم ماتېرىياللارغا ئاساسەن يېقىنقى زامان كىيىم ـ كېچەكلىرى توغرىسىدا ئازراق ئىزدەندىم.

ئۇيغۇرلارنىڭ يۇرۇش ـ تۇرۇشى، كىيىنىشىگە ئېتىبار بېرىشى ۋە قول ھۈنەرۋەنچىلىك، دېھقانچىلىق، ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇللىرىدىكى ئۆزگىرىشلەر مىسسىيونېرلار ۋە ئارخېئولوگلارنىڭ دىققىتىنى تارتقان ۋە بۇ ھەقتە كۆپ خاتىرە قالدۇرۇلغان. ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى مىلادى 2 ـ ئەسىردىن باشلاپلا يۇڭ، يىپەك ۋە ئۆسۈملۈك تالالىرىدىن كىيىم كىيىشنى باشلىغان. بۇ شۇ زاماندىلا ئۇيغۇرلارنىڭ توقۇمىچىلىق، بوياقچىلىق، چارۋىچىلىق ۋە قول ھۈنەرۋەنچىلىكنىڭ تەرەققىي قىلغانلىقىدىن، تارىختا ئۆزگىچە ئۇسلۇب يارىتالىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

ئۇيغۇر كىيىم ـ كېچەكلىرىنىڭ جىنسىي ئايرىملىق،



2009.2

ياش ـ قۇرام، پەسىل ۋە سورۇنغا قاراپ ئايرىلىشى ناھا-يىتى ئېنىق بولۇپ، رەڭ، ماتېرىيال ۋە پاسون جەھەتتىن روشەن پەرققە ئىگە.

### ئاياللار ئېگىنلىرى

ئەينى ۋاقىتتىكى مىسسيونېرلاردىن بىرى بولغان سىگرىد. ھۆگبېرىنىڭ قالدۇرغان كۈندىلىك خاتىرىسىگە ئاساسلانغاندا، ئۇيغۇر ئاياللىرى كىيىم ـ كېچەك ۋە زىبۇ-زىننەتكە ھېرىسمەن بولۇپ، ئۇلار بۇنى ھەتتا ئىجتىمائىي ئورۇننى بەلگىلەشنىڭ ئۆلچىمى دەپ قارىغان. پەقەت كىيىم ـ كېچەك، ياسىنىشتىنلا ئاياللارنىڭ قايسىسىنىڭ خو-جايىن ۋە قايسىسىنىڭ مۇلازىم ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلغى-لى بولىدىغان بولۇپ، مەيلى خوجايىن ئايال ياكى مۇلا-زىملار بولسۇن ھەممىسىنىڭ ئاغزىدىن ئوخشاشلا قوپال تىللارنى ئاڭلىغىلى ۋە بولمىغۇر ئىش ـ ھەرىكەتلەردىن خەۋەر تاپقىلى بولىدۇ. شۇڭا ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە خوجا-يىن بىلەن مالايلار ئوتتۇرىسىدا غەرب ئەللىرىدىكىگە ئوخشىمايدىغان بىر خىل يېقىن، قويۇق مۇناسىۋەت بولۇپ، مالايلار شۇ ئائىلىنىڭ بارلىق پىنھان سىرلىرىنى ساقلىيالايدۇ ۋە ئائىلىدە يۈز بەرگەن بارلىق قوتلۇق ئىشلاردىن، شۇنداقلا جەڭگە ـ جېدەللەردىن خەۋەر تېپىپ تۇرىدۇ.

«كىيىملەرنىڭ بايانى» دېگەن قوليازمىغا ئاساسلان-غاندا باي ئاياللارنىڭ يۇرۇش ـ تۇرۇشى مۇنداق تەس-



ۋىرلەنـــــــىدۇ: ئۇيغۇر ئاياللىرى ئالتۇن ھالقا، ئالتۇن تاج ۋە ئەتلەس كۆڭلەك-نى ئەڭ ياقتۇرى-دۇ. ئۇلار يەنە تاۋار، دۇخاۋا ۋە چەكمەنلەردى-مۇ ئوشۇقىغا كې-لىدىغان كۆڭلەك تىكتۈرۈپ كې-يىشنىـــــى ۋە تورلۇك ماتېرى-ياللاردىن تىكلە-



گەن شالۋار كىيىشنى ياخشى كۆرىدۇ. ئاندىن ئۇلار يەنە كىيىمنىڭ ئۈستىگە ئاق رەڭلىك پەرىجە، يېڭى ئۇزۇن پە-رىجە كىيىدۇ، لېكىن ئۇنىڭ يېڭىنى سالمايدۇ. بېشىغا بولسا لېچەك سالىدۇ. لېكىن خوتەن ۋە يەركەنتتە بولسا پەرىجە ئورىمايدۇ. ئۇلار تۆت چاسا كېلىدىغان ھىندىس-تان داكىسىدىن تاكى تاپىنىغا كەلگىدەك لېچەك ئارتىد-غان بولۇپ، بۇ خىل لېچەك بەھرى دەپ ئاتىلىدۇ. گەردىش دەپ ئاتىلىدىغان يەنە بىر خىل لېچەك بولۇپ، پۈتۈنلەي كەشتە بىلەن تىكىلگەن. ئۇيغۇر ئاياللىرى ياز پەسلىدە تولىسى نەپىس مەشۇت لىباسلاردىن كىيىم كىيسە، قىش پەسلىدە يېنىك كۆرپىلەردىن تىكىلگەن جۇ-ۋىلارنى تىككۈزۈپ، ئىزمە تۈگمىلىرىگە ئۈچ مىسقاللىق تەڭگىنى تۈگمە قىلىپ قاداپ كىيىدۇ.

بۇرۇنقى زاماندا ئۇيغۇر ئاياللىرى پەقەت قىزىل رەڭنىلا ۋەكىل خاراكتېرىگە ئىگە دەپ ئويلايتتى، لېكىن ھازىر ئۇلار رەڭگارەڭ رەڭلەردىن كىيىنىدىغان بولۇپ، رەڭ چەكلىمىسى يوق.

ئۇيغۇر كىيىم ـ كېچەكلىرىدە ياقا كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدىغان بولۇپ، ئادەتتە ئاياللار چوڭراق ياقىنى ياقتۇ-رۇشىدۇ. ئاياللار كەڭرەك شالۋار كىيىدىغان بولۇپ، پاختىلىق شىمنى تار قىلىپ كىيىدۇ ۋە قۇر (بەلۋاغ) بىلەن بېلىگە باغلىۋالىدۇ. ئۇلار يەنە تىزىغا ياكى ئوشۇقىغا كېلى-دىغان تورلۇك رەڭدىكى رەختلەردىن ئۆزئارا ئۇلاپ تې-كىلگەن قۇراق ئىشتانلارنىمۇ كىيىشىدۇ. ئۇيغۇر ئاياللىرى يەنە بۇرۇنقى زامانلاردا بافتۇ دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل چاپان كىيىدىغان بولۇپ، تامامەن يىڭنە ئىلمەدوزلۇق بىلەن مەشۇت يىپتا گۈل تىكىپ تەييارلىناتتى. ئۇلار ھەتتا ئۆتۈكلىرىگە ۋە ساپما كەشلىرىگىمۇ كالاتۇن يىپتا گۈل

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com





چېكىپ كىيىشەتتى. ئۇلار يەنە كىيىملىرىنىڭ ياقا ۋە پەشلىرىگە كۆك پاختا رەختتىن ئەستەرلىك قىلىپ كىيىم كىيىشىدۇ، بۇ، كىيىمنى تېخىمۇ قېلىپقا كىرگۈزۈپ، سىپتا ۋە جۇلالىق كۆرسىتىدۇ.

ئۇيغۇر ئاياللار كىيىم - كېچەكلىرى ئىچىدە ياش قىزلار بىلەن تويى قىلغان جۇۋانلارنىڭ كىيىنىش ئادەتلىرىمۇ روشەن پەرقلىنىدۇ. جۇۋان بولۇش ئۈچۈن ئالاھىدە مېھمان چاقىرىپ، قوي ئۆلتۈرۈپ، يېڭى ئىگىنلەرنى تەييارلاپ، جۇۋان تويى بېرىلىدۇ ۋە جۇۋانچە كۆڭلەك يەنە ئىراقىي كىيىپ، ئۇنىڭ ئۈستىدىن ئۇچ چى ئۇزۇنلۇقتىكى پوتا باغلىۋالىدۇ. جۇۋانچە كىيىملەر ئادەتتە ياندىن تۈگمىلىنىدىغان بولۇپ، نەشپۈت شەكىللىك يوغان تۈگمىلەر بېكىتىلگەن. تۈگمىلەر ئالتۇنغا بەش دانە قىزىل ياقۇت ئولتۇرغۇزۇپ، چۆرىسىگە يېشىل ياقۇتتىن زىننەت بېرىلگەن شەكىلدە ياسالغان.

يۇقىرىقى بايانلاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئۇيغۇر ئاياللىرى ئەزەلدىن كىيىملىكنىڭ ماتېرىيالىغا ۋە تۈرمۇشقا قۇلايلىق، سورۇنغا ماس كېلىشكە ئەھمىيەت بېرىپ كەلگەن.

يەنە بىر مىسسىيونېر مارىيا لوۋىسنىڭ 1912 - يىلى 14 - ئاپرېلدا ئائىلىسىگە يازغان بىر پارچە خېتىدە ئۆز ۋاقتىدىكى قەشقەردىكى مىسسىيونېرلار دوختۇرخانىسىغا كېلىپ داۋالانغان ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ پاختا رەخت، قېلىن يىپەك ۋە دۇخاۋىلاردىن ئۇزۇن كۆڭلەك كىيىدىغانلىقى، ئۇلارنىڭ مەرۋايىت، زىرە - ياقۇتلاردىن زىبۇزىننەت تاقايدىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئاياللار كىيىملىرىدىن يەنە نىمچە، خانتازە (خەنزۇ تىلىدىن كىرگەن)، جىلىتكە قاتارلىق كىيىملەرمۇ بار.

**ئەرلەر ئىگىنلىرى**

ئۇيغۇر ئەرلىرى تولىسى خەسىدىن تىكىلگەن كۆڭلەك ۋە تامباللارنى كىيىشنى ياقتۇرىدۇ. ئاساسلىقى كۆل رەڭ، قارا ۋە ئاق رەڭلىك كىيىملەرنى كىيىشىدۇ.

ياز كۈنلىرى كۆڭلەكنىڭ سىرتىغا يەكتەك ياكى كەمزۇل دەپ ئاتىلىدىغان تون كىيىشىدۇ ۋە بەلۋاغ بىلەن تونىنى باغلىۋالىدۇ. بۇ خىل بەلۋاغلار قىزىل، يېشىل، سېرىق، قارا ۋە ئاق رەڭلەردە بولىدۇ. ياشلار قىزىل ۋە بېغىر رەڭگە ئوخشاش ئوچۇق رەڭلەردە، ياشانغانلار تۇتۇقراق رەڭلەردە پوتا باغلايدۇ. ئۈستىگە پاختىسىز يوللۇق يىپەك بەقەسەم چاپان كىيىدۇ. ئەرلەرنىڭ كىيىملىرىدە پەقەت بىرلا ئىزما ۋە بىرلا تۈگمە بولىدۇ. باللار ۋە ياشلار بولسا، كەمزۇل تونىنى كۆپرەك كىيىدۇ، شۇنىڭغا مۇناسىپ ساقال - بۇرۇتى بار كىشىلەر يەكتەك كىيىدۇ. پەقەت يەكتەك ۋە كەمزۇلنىڭلا يانچۇقى بولىدۇ، قالغان كىيىملەرگە يانچۇق سېلىنمايدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ بەلۋاغ باغلاش ئۆرپ - ئادىتى ئارخېئولوگىيىلىك تارىخىي ماتېرىياللاردىمۇ خاتىرىلەنگەن بولۇپ، داڭلىق توقۇلما مۇتەخەسسىسى ۋىۋى سىلۋان (1870 ـ 1961) سېۋېن ھېدىن ۋە برىيمانلار كروران خارابىلىكىدىن تېپىلغان شۋېتسىيىگە ئېلىپ كەلگەن توقۇلما بۇيۇملارغا ئاساسەن يېزىپ چىققان «كروران يۇڭ توقۇلمىلىرى» ناملىق كىتابىدا، يۇڭ يىپ، شويىنا، بوغقۇچ دېگەن سۆزلەرنى كۆپ قېتىم تىلغا ئالغان.

ۋىۋى سىلۋان كروراندىن تېپىلغان مومىيالارنىڭ كىيىم - كېچەكلىرى ئۈستىدە توختىلىپ، ئەينى ۋاقىتتا ئەر - ئاياللار تېرىدىن تىكىلگەن، تىزىغا كېلىدىغان ئالدى ئوچۇق كىيىملەرنى كىيىپ، بەللىرىنى يۇڭ يىپتىن ئېشىلگەن بەلۋاغلار بىلەن باغلىۋالىدىغانلىقىنى، ئاياللارنىڭ تونىنىڭ ئەرلەرگە قارىغاندا كەڭرەك بولىدىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ. ياۋروپادا بولسا، بۇ خىل ئالدى ئوچۇق تونىنى پەقەت بالىلىق ئاياللارلا كىيىدۇ، چۈنكى بۇ ئۇلارنىڭ بالا ئېمىتىشىگە قۇلايلىق ئىدى.

شۋېتسىيىلىك ئارخېئولوگ فولك بېرگمان (Folkc Bergman) (1902 ـ 1946) قۇم دەريا دېلتىسىدىن تېپىلغان قەبرىلەردىكى كىيىم - كېچەكلەرنى مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ: ئالدىدا ئىككى پېشى بار، ئالدى ئوچۇق كىيىم بويالمىغان

ئاق يۇڭ يىپتىن توقۇلغان، يىپىنىڭ كەڭلىكى 2 مىللىمېتىر؛ بەلۋاغ قىزىل رەڭلىك يىپتىن بوش قىلىپ توقۇلغان بولۇپ، يىپىنىڭ كەڭلىكى 4 مىللىمېتىر كېلىدۇ. كىيىملەرنىڭ توقۇلۇش سەنئىتىمۇ ئۇنى ھەيران قالدۇرغان. ئۇ يەنە كىيىملەرنىڭ ناھايىتى سىلىق توقۇلۇشىغا ۋە سۈپىتىنىڭ يۇقىرىلىقىغا قاراپ، تۆگە ياكى باشقا ھايۋانلارنىڭ يۇڭىدىن ئەمەس، قوي يۇڭىدىن توقۇلغىنىنى ئىسپاتلاپ چىققان، شۇنداقلا شۇ خىل قويلارنىڭ ئىرقىنىڭ كاۋكاز - پارس ئىرقىدىكى قويلار ئىكەنلىكىنى قىياس قىلىپ، شۇ تۇپراقتا ياشىغان كىشىلەرنىڭ دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلىقىنى ۋە تۆگە، ئات، ئېشەك قاتارلىق ھايۋانلارنى باقىدىغانلىقىنى، دەريا بويىدا بېلىقچىلىق قىلىدىغانلىقىنى ۋە كۆپ قىسىم كىشىلەرنىڭ قومۇشلۇقتا ياكى تۈزلەڭلىكتە ئوۋچىلىق قىلىدىغانلىقىنىمۇ ئوتتۇرىغا قويغان. دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك يەنە بىر پاكىت شۇكى، يۇڭچىلىق ئۇلارنىڭ ئاساسلىق سودا ئوبيېكتى بولۇپ، ئۇلار ئىچكىرى ئۆلكىلەرنى يۇڭ توقۇمىچىلىق بۇيۇملىرى بىلەن تەمىنلەپ كەلدى.

## باش كىيىملەر

ئۇيغۇرلارنىڭ باش كىيىملىرىدىن تۇماق، كۇلا، دوپپا، پوسما، تەلپەك قاتارلىقلار بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ياشاش مۇھىتى ۋە مىللىي تەركىبلىرىنىڭ ئۆزگىرىپ تۇرۇشىغا ئەگىشىپ قالپاق، سەللە، قۇلاقچا قاتارلىقلارمۇ ئۇچرايدۇ.



مۆتىۋەر كىشىلەر ھىندىستان داكىسىدىن بېشىغا سەللە يۆگەيدۇ، ياشلار بولسا سۆسەر، تۈلكە، كۆرپە ۋە بۇلغۇن تېرىلىرىدىن تۇماق كىيىشىدۇ.

ئەرلەرنىڭ تۇماقلىرى كۆك رەڭلىك يىپەك ياكى پاختا رەختتە تىكىلىدۇ ۋە شەكلى گۈمبەز شەكلىدە بولىدۇ. ئاياللار كەمچەت تۇماق كىيىشنى ياقتۇرىدۇ، ئۇلارنىڭ تۇماقلىرى گۈمبەز شەكلىدە بولۇپ، نىسبەتەن ئېغىر بولىدۇ. ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ دوپپىلىرىمۇ شۇنداق گۈمبەز شەكلىدە بولۇپ، ئادەتتە تاۋار ۋە كىمخاپ دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل پاختا ئارىلاش يىپەك رەختتە تىكىلىدۇ. كېيىنچە ئۇلار سەمەرقەنت دوپپىلىرىنىمۇ ياقتۇرۇپ كىيىدىغان بولۇشۇپ، دوپپىلىرىنى ئالتۇن ئىلغۇچ بىلەن چاچقا قىسىشۋالاتتى.

ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ زىبۇزىننەتكە ئامراقلىقى ۋە ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقىمۇ مىسسىيونېرلارنىڭ خاتىرىسىدە خاتىرىلەنگەن، ئەگەر ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ بىرەرسى يېڭى بىر خىل زىبۇزىننەت تاقىسا، قالغانلىرىمۇ دەرھال شۇنداق زىبۇزىننەتنى ئىزدەپ تاپمىغىچە كۆڭلى ئارام تاپمايدۇ، بۇ خىل ھېرىسمەنلىك شۇ دەرىجىدە كۈچلۈك ئىكەنكى، بەزىدە ئائىلىدە زىددىيەت پەيدا قىلىپ، ئاجرىشىشقا ئېلىپ بارىدۇ دەپ تەسۋىرلىگەن.

ئۇيغۇر ئاياللىرى قۇلاقلىرىغا ئالتۇن ھالقا، باشلىرىغا ئالتۇن تاج، بىلەكلىرىگە ئالتۇن ۋە كۈمۈش بىلەزۈك ھەمدە بارماقلىرىغا قىزىل ۋە يېشىل ياقۇتتىن، زۇمرەت تاشلاردىن ئۈزۈك تاقاشنى ياخشى كۆرىدۇ. لوپنۇر تەۋەسىدىن تېپىلغان قەبرە توغرۇلۇق ماتېرىياللاردىمۇ ئەر جەسەتنىڭ بىلىكىدە يۇڭ يىپقا ئۆتكۈزۈلگەن تاش مۇنچاق بىلەيزۈك، ئايال جەسەتنىڭ بىلىكىدە بولسا، رەڭلىك يىپقا ئۆتكۈزۈلگەن ئۇششاق پەيلەر ۋە تاشلاردىن ياسالغان بىلەزۈك تېپىلغان.

بۇنىڭدىن ئەينى زامانلاردىلا خەلقىمىز ئېستېتىك قاراشقا ئىگە بولۇپ، ئۆز گۈزەللىكلىرىنى نامايان قىلىشنى ۋە جەلپكار بولۇشنى كۆزلىگەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز.

ئۇيغۇر ئاياللىرى ئىچىدە يەنە چاچ ئۆرۈش ئۆرپ-ئادىتى بولۇپ، كىچىك قىزلار ئۈچ تال ياكى بەش تال ئۆرۈمە ئۆرۈيدۇ. بەزىدە ئۇلار قوتازنىڭ قۇيرۇقىدىن ئۆرۈمە ياساپ چاچلىرىغا چاچلىق قىلىپ سېلىۋالىدۇ. ئۇلار بەش تال ئۆرۈمە چاچنى ئۆزئارا چېتىش ئۈچۈن كەھرىۋا ۋە كۈمۈشلەردىن چېتىق ياساپ چاچلىرىغا تاقىۋالىدۇ. بۇ بەش تال چاچنىڭ تومۇقى چوقۇم بىلەكتەك بولۇشى كېرەك ئىدى، شۇ چاغدىلا ئۇلارنىڭ گۈزەللى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



كى نامايان بولىدۇ دەپ قارشلاتتى، نەتىجىدە ئۇلار ناھايىتى ئېغىر بولۇپ چاچلىرىنى كۆتۈرۈشەلمەي سەل كەينىگە داجىيمۇ مېڭىشاتتى.

ۋىۋى سىلۋان (Vivi Sylwan)يەنە قۇم دەريا ۋادىسىدىن تېپىلغان 36 ـ نومۇرلۇق قەبرىدىكى ئايال جەسەتنىڭ باش كىيىملىرى توغرۇلۇق مۇنۇلارنى بايان قىلىدۇ: بۇ جەسەت بېشىغا ئىچ باشلىق ۋە تاش باشلىقتىن ئىبارەت ئىككى باش كىيىم كىيگەن، ئىچ باشلىق كىيىم ساغۇچقا مايىل يۇڭدىن توقۇلغان، ئۇ يۇمىلاق شەكىلدە باشقا چاپلىشىپ تۇرىدىغان ھەم قۇلاقنى يېپىپ تۇرىدىغان بولۇپ، ئېگىزلىكى تەخمىنەن 27cm كېلىدۇ.

تاش باشلىق كىيىممۇ ناھايىتى ئېسىل كىگىز دوپپا بولۇپ، توقۇلۇشى دېگەندەك سىلىق بولمىسىمۇ لېكىن چىڭ ۋە مەزمۇت ئىدى. ئۈستىدە قىزىل رەڭلىك چۇچىسى، بۇلغۇن تېرىسى ۋە ئۈزۈن پەيلەر قاتارلىق زىننەتلىرى بار ئىدى.

ۋېنگرىيىلىك ئارخېئولوگ ئاۋرېل ستەيىن Auerel Stein (1962 ـ 1943) ۋە سۋېن ھېدىنلارنىڭ تەتقىقاتىغا قارىغاندىمۇ خوتەن ۋە چاقىلىق رايونلىرىدا مۇشۇ خىل كىگىز توقۇش تېخنىكىسى مەۋجۇت ئىكەن. مېنىڭچە، ئۇيغۇر دوپپىلىرىنىڭ گۈمبەز شەكلىنى ئېلىشى كېيىنكى ۋاقىتتا قاراخانىلار دەۋرىگە كەلگەندە ئىسلامنىڭ قوبۇل قىلىنىشىغا ئەگىشىپ، مىمارچىلىق، رەسساملىق، نەققاشلىق سەنئەتلىرىگە گۈمبەز ئەقىدىسى سىڭىپ كىرىشى بىلەن تەڭ، كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشىغا ۋە ئېستېتىك قارىشىغا بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىپ تەدرىجىي گۈمبەز شەكلىنى ئالغان بولۇشى مۇمكىن. مەن بۇ قىياسىمنى تۆۋەندىكى يەنە بىر تارىخىي پاكىت ئارقىلىق كۈچەيتمەكچىمەن.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان تارىخىي پاكىتلاردىن يەنە 500 يىل قەدىمىي بولغان، يەنى مىلادىنىڭ 1 ـ ئەسىرلىرىدە مەۋجۇت بولغان تۇرپان سۇ بېشىدىن تېپىلغان قەبرىگە قارىغاندا، ئايال جەسەت ناھايىتى كەڭ قىزىل، سېرىق، قوڭۇر رەڭلىك، توغرىسىغا يوللۇق يۇڭ كىيىم كىيگەن بولۇپ، بېشىغا قارا رەڭلىك، ئۇچلۇق خۇددى مۇچقا ئوخشاش باش كىيىم كىيگەن. بۇ خۇددى خرىستىئانلارنىڭ ئەرۋاھلار بايرىمى رىۋايىتىدىكى سۇپۇرگىگە مىنىپ كېلىدىغان سېھرلىك جادۇگەرنىڭ بېشىدىكى دوپپىسىغا ئوخشايتتى. ئىنگلىز تىلىدىكى سېھر دېگەن



مەنىدىكى Magic دېگەن سۆز پارسچىدىكى پوپ دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان Magus دېگەن سۆزدىن كېلىپ چىققان. سېھرگەرلەر دېگەندە بىز ئادەتتە ئاسترونومىيە، ئاسترولوگىيە، يەنى يۇلتۇزلار تەتقىقاتى، تېببىي بىلىملەرگە ئىگە، روھىي دۇنيا بىلەن ئالاقە قىلالايدىغان ۋە شامال قاتارلىق تەبىئەت ھادىسىلىرىنى كونترول قىلالايدىغان، بېشىغا ئېگىز دوپپا كىيىلىدىغان كىشىلەرنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرىمىز.

ئۇنداقتا تۇرپاندىن تېپىلغان جەسەتلەر بىلەن پارسلارنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتى بارمۇ قانداق؟ دېگەن سوئال تۇغۇلىدۇ.

ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ھازىرقى شىنجاڭ قەدىمدىن تارتىپ ھەر خىل مىللەتلەر ئولتۇراقلاشقان زېمىن ئىدى. قەدىمكى تۈركىي تىل سىستېمىسىدىكى مىللەتلەردىن سىرت يەنە باشقا مىللەتلەرمۇ بۇ زېمىندا ئۇزاق مۇددەت ياشاپ، زېمىنىمىزنىڭ ئىقتىسادىي، مەدەنىي ھاياتىدا مۇھىم رول ئوينىغان.

تارىم ئويمانلىقى بويلىرىدىن تېپىلغان مەڭگۈ تاش يادىكارلىقلىرىدىن قەدىمكى ئىران مىللىتىنىڭ بىر تارمىقى بولغان سوغدىلار يېزىقىدا يېزىلغان بۇددا، مانىي، نېستورىيان يادىكارلىقلىرى تېپىلغان. بۇلاردىن قارىغاندا ئەينى ۋاقىتتا بوستانلىقنىڭ جەنۇبىي تەرىپىدە پۈتۈنلەي سوغدى مىللىتىنىڭ تەسىرى كۈچلۈك ئىدى، ئاقسۇ، كۇچا، تۇرپان قاتارلىق بوستانلىقنىڭ شىمالىدىكى رايونلاردا بولسا مىلادىدىن بۇرۇن 2 ـ ئەسىردە تۈزلەڭلىككە يېتىپ كەلگەن توخارلارنىڭ تەسىرى كۈچلۈك ئىدى. ئاستا ـ ئاستا بۇ خىل مىللەتلەر يەرلىكلىشىپ كەتكەن، شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ مەدەنىيىتىمۇ ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى بولۇپ قالغان.

ئەنە شۇنداق، تارىخىي شارائىت ۋە جۇغراپىيىلىك مۇھىتنىڭ باشقا، مىللىي تەركىبىنىڭ مۇرەككەپلىكمۇ ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ كۆپ مەنبەلىك بولۇشىنى بەلگىلىگەن.

تىلشۇناس پروفېسسور Victor H.Mair ۋىكتور. خ. مائىرنىڭ تەتقىقاتىغا ئاساسلانغاندا گەنسۇ بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ چېگرىسىدىكى دۇنخۇاڭ دېگەن سۆزمۇ پارس تىلىدىن چىققانىكەن. خەنزۇ تىلىدىكى «دۇن» خېتى «ئوت» تەركىبىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىكەن. بۇ پارسلارنىڭ ئوتنى خەۋەر يەتكۈزۈش ئۇچۇن قوللىنىشىدەك ئادىتىدىن كېلىپ چىققانلىقىنى دەلىللىگەن.

يۇقىرىقى پاكىتلارغا ئاساسەن تۇرپاندىن تېپىلغان جەسەتنىڭ بېشىدىكى كونۇس شەكىللىك دوپپىنىڭ سوغدى دىنىنىڭ تەسىرىدىن كېلىپ چىققانلىقىغا ھۆكۈم قىلىشقا بولىدۇ.

## ئاياغ كىيىملىرى

ئۇيغۇر ئاياغ كىيىملىرى ئىچىدە ئۆتۈك، كالاچ، مەسە، سايما كەش قاتارلىقلار بولۇپ، ئۇلار قوي، ئۆچكە ياكى كالا تېرىلىرىدىن تىكىلىدۇ.

ئەرلەرنىڭ ئاياغ كىيىملىرى ئەرەنچە ئاياغ كىيىم دەپ ئاتىلىدۇ، ئاياللارنىڭ ئاياغ كىيىملىرى زەيپانە دەپ ئاتىلىدۇ، بۇ بەلكى ئاياللارنىڭ نازاكىتىنى ئىپادىلەيدىغان تەسۋىرىي سۆز «زىبا» دېگەندىن كېلىپ چىققان بولۇشى مۇمكىن. بالىلارنىڭ ئاياغ كىيىملىرى بولسا باچكىنە دەپ ئاتىلىدۇ.

«موزدۇزلۇق رىسالىسى»دە بايان قىلىنىشىچە، موزدۇزلار ئۆزلىرى ئىشلىتىدىغان خۇرۇملارنى تۆۋەندىكىچە ئاتاپ كەلگەن: قىرىم (ئۆچكە تېرىسى)، بۇزە (ئاشلانغان ئۆچكە تېرىسى)، كۆن(خۇرۇمنىڭ ئومۇمىي ئاتىلىشى)، سايرا (قاسراق تېرە)، بىشو(بىر خىل ئاياغنىڭ ئىچىگە ئىلىنىدىغان خۇرۇم)، چىغرىن (ئىنەك تېرىسى)، ئۇفۇكى (بىر خىل ئالاھىدە خۇرۇم)، بۇلغارى (قىزىل قوڭۇر رەڭلىك خۇرۇم).

بۇ رىسالىدە يەنە بىر ئاياغنىڭ پۈتۈپ چىقىش جەريانى مۇنداق بايان قىلىنغان:

موزدۇز مەسە تىككەن ۋاقىتتا رەختنى ئەندىزىنىڭ تۆپىسىدە قويۇپ تىكىدۇ، يىڭنىنى ساقدوز دەپ ئاتىلىدىغان بىگىزچىنىڭ ياردىمىدە سانجىپ تۇتۇپ، يىپنى تارتىدۇ. ئاندىن گۈلچىك دەپ ئاتىلىدىغان رەڭلىك خۇرۇمنى تىكىدۇ، ئاندىن بىشو دەپ ئاتىلىدىغان رەخت بىلەن ئىچى تەرىپىگە ئەستەر قىلىپ، بەلچىدە ئەستەرنىڭ ئىگىز-پەس يەرلىرىنى تۈزلەيدۇ. ئاندىن قېلىپقا تارتىپ، چەم كېسىپ مىخلاپ، چەمدور دەپ ئاتىلىدىغان دەرەش (بىگىز)بىلەن تىلىپ پاشنىسىغا يەتكەندە، پاشندوز دەپ ئاتىلىدىغان يەنە بىر خىل بىگىز بىلەن تىكىدۇ. رەختنى تىكىدىغان ۋاقىتتا دەزگىر دەپ ئاتىلىدىغان تاسما بىلەن تارتىپ قويىدۇ، ئاندىن ئاياغنىڭ قونچىسىغا ساپ (بىر خىل ياغاچ) چېپىپ، مۇۋادىردون دەيدىغان ياغاچ ئەسۋاب بىلەن سىلىقلاپ، ئۇنى يەنە پالپۇشتەك بىلەن پەردازلاپ تەييار قىلىدۇ.

ئاياغ كىيىملەر توغرىسىدا تارىخىي ماتېرىياللاردىمۇ ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئەقىل-پاراسەتلىك ئىكەنلىكى نامايان قىلىنغان، يەنە شۇ قۇم دەريا ۋادىسىدىن تېپىلغان قەبرىلەر توغرىسىدىكى تەتقىقاتلارغا مۇراجىئەت قىلىدىغان بولساق، قەبرىدىكى ئەر ۋە ئاياللارنىڭ ئاياغلىرى كالا تېرىسىدىن چەم قويۇلۇپ، مېتال يىڭنە ئىشلىتىپ ئۇستىلىق بىلەن تىكىلگەنلىكى بايان قىلىنىدۇ. ئەرەنچە ئاياغ كىيىمنىڭ ئوڭ ۋە سول پەيلىرى ئوخشاش قىلىپ تىكىلگەن، ئاياللارنىڭ ئوڭ ۋە سول پەيلىرى پەرقلىق ئىدى. ئاياغلارنىڭ ئىچىگە قوي تېرىسىدىن ئەستەر سېلىنغان.



## رەختلەرنىڭ ئىشلەپ چىقىرىلىشى ھەققىدە

ئەجدادلىرىمىز تۈرلۈك نەپىس، جۇلالىق، سىپتا رەختلەرنى ئىشلەپ چىقارغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ياپكارلىق، سەرگەزچىلىك ۋە بوياقچىلىق تېخنىكىسى

www.uyghurkitap.com





يۇكسەك راۋاجلانغان. ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا «باپكار، سەرگەزچى ۋە بوياقچىنىڭ باياني»غا قارايدىغان بولساق، ھازىر ئۆزىمىز يوقىتىپ قويغان، شۇنداقلا باشقا مىللەتلەرنىڭ ئۆلگە ئېلىشىغا ئىلھام بولۇپ كەلگەن بىر قىسىم تېخنىكىلارنى بايقايمىز.

رەخت توقۇش ماشىنىسى تەگۋا دەپ ئاتىلىدۇ. قومۇش تىلى يىپلارنى قاتار تىزىپ، ھەر قومۇشنىڭ يىپىنىڭ ئۇچىنى بىر تالدىن ئېلىپ كانارە دېگەن ئۇششاق قوزۇقلارنى قاتار سانجىپ يىپلارنىڭ ئۇچىنى تاجالاپ (ئوگشاپ)، قوزۇقلارغا ئېلىپ بولغاندا يوغان بىر كالالەك يىپ قىلىپ ئۇنى پاتلاپ تارتىدۇ ۋە ئۇن بىلەن پاتلايدۇ. مۇگگۈزدىن ياسالغان بۇ نەرسە موكا دەپ ئاتىلىدۇ. يىپنى قويىدىغان بىر نەيچە بار، بۇ دەفتىن دەپ ئاتىلىدۇ. يەنە بىر يىپ رەختنى باسىدىغان نەيچە پىكا دەپ ئاتىلىدۇ. تەييار بولغان خامنى يۆگەيدىغان ياغاچ تۇرگە دەپ ئاتىلىدۇ. يىپنى كېرىپ بېرىدىغان يەنە بىر خىل ئەسۋاب تىي دەپ ئاتىلىدۇ، دەفتىنى كۆتۈرۈپ تۇرىدىغان جايى گۆلە دەپ ئاتىلىدۇ. يىپنىڭ قىتىنى ئاجرىتىپ بېرىدىغان ئۈچ پارچە ياغاچ ئويناغۇچ دەپ ئاتىلىدۇ.

ئاندىن رەختلەر سەرگەزچىگە ئاپىرىپ بېرىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىشلىتىدىغان ئەسۋابى كۆپ ۋە جامدۇر. خامنى يەنە رەختنى زەمچىگە چىلاپ ئالغاندىن كېيىن كالتەكتە خامنى يۆگەپ چىقىپ خامنىڭ سۈيىنى چىقىرىش ئۈچۈن لازىم قىلىدۇ. ئۇلار تامغا بېسىپ ئاق بىلەن قىزىل رەڭنى، كۆك بىلەن ئاق ياكى يېشىل بىلەن ئاق رەڭلەرنى ھاسىل قىلىدۇ. ئۇلار بۇ خىل تېخنىكا بىلەن شاھتاۋا، چەكمەنلەرنى بېسىپ چىقىرىدۇ. ئۇلار سەرگەزچىلىككە زەمچە، بۇزغۇن (پىستە ياغىچى)، ئۇربدان (روبىيە بويەقى)، بەققەم (برازىلىيە ياغىچى)، ساپ كىسلاتا ۋە سۇرمە قاتارلىق خىميۇى، مىنېرال ۋە تەبىئىي ئەشيالارنى قوللانغان.

ئاخىردا بوياقچىلار ئىشلىتىدىغان ئەسۋابلار سەرگەزچىلەر ئىشلىتىدىغان ئەسۋابلارغا ئاساسەن ئوخشايدىغان بولۇپ، كۆپ، جام، لىكچاپ ۋە شىكەچاپ قاتارلىقلار بار. لېكىن بوياقچىلار بىر خىل ئالاھىدە توم سۆسۈن رەڭنى ئىشلىتىدۇ، سەرگەزچىلەر بولسا يېشىل، قىزىل، زەمبەقىي (گۇلسامساق رەڭگى)، كۆك، سېرىق، قارا، شاپتۇل رەڭ، قوڭۇررەڭ قاتارلىق كۆپ خىل رەڭلەرنى ئىشلىتىدۇ.

ۋثۇى سلۋان كروران خارابەلىرىدىكى توقۇلما بۇيۇملار توغرىسىدا يازغان كىتابىدا يەنە كروران توقۇمىچىلىق ئۇسۇلىنىڭ ناھايىتى ئۆزگىچە بولۇپ، بۇ خىل تېخنىكا ئەينى ۋاقىتتا جۇڭگو ئىچكى ئۆلكىلىرىدىمۇ تېخى تاڭ دەۋرىدىن بۇرۇن بۇ خىل تېخنىكىنىڭ قوللىنىلمىغانلىقى، بىردىنبىر مۇمكىنچىلىك ئوتتۇرا دېڭىزنىڭ شەرقىدىكى دۆلەتلەردە شۇ زاماندا قوللانغان تېخنىكىلار بىلەن ئورتاقلىق بارلىقىنى، شۇڭا بۇ خىل تېخنىكىنىڭ مەلۇم خىل ۋاستىلەر بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ مەركىزىگە يېتىپ كەلگەنلىكىنى قىياس قىلغان. بوياقچىلىق تېخنىكىسىدىمۇ تۇز، كىسلاتا ۋە ئۆسۈملۈكلەر، تۇپراقتىن ئېلىنغان بەزى ماددىلارنى قوللانغانلىقىنى ئىسپاتلىغان.

دېمەك، ئالاھىدە تارىخىي شارائىت، جۇغراپىيىلىك مۇھىت ۋە مىللىي تەركىب قاتارلىق شەرتلەر ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ كۆپ مەنبەلىك بولۇشىنى بەلگىلىگەن. بۇ خىل كۆپ مەنبەلىك خاراكتېر دىنىي ئېتىقاد، ئەخلاقىي چۈشەنچە، تىل ـ يېزىق، ئەدەبىيات ـ سەنئەت، ئۆرپ ـ ئادەت، تۇرمۇش ئۇسۇلى قاتارلىق جەھەتلەردە روشەن ئىپادىلەنگەن. جۇملىدىن، كىيىم ـ كېچەك مەدەنىيىتىمىزمۇ ئىچكى ـ تاشقى جەھەتتە كەڭ قوبۇل قىلىش، ئۆزلۈكسىز يېڭىلىق يارىتىشتىن ئىبارەت خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولۇپ كەلمەكتە.

ئاخىردا مەن، شۇنتىسىدە ساقلانغان يۇرتىمىز توغرىسىدىكى تارىخىي، مەدەنىي مىراسلارنى كۆرۈش پۇرسىتىگە ئىگە بولۇپ، ئۇلارنى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى، تارىخىنى تەتقىق قىلغۇچى، ئىزدەنگۈچى ۋە قىزىققۇچىلارغا يەتكۈزۈش پۇرسىتىگە ئىگە بولغىنىمدىن ئۆزۈمنى چەكسىز بەختلىك ھېس قىلىمەن.



# خۇنخاي مازىرى توغرىسىدا

ئابدۇشۇكۇر ئىمىنجان باھاۋۇدۇن تارىخ

خۇنخاي مازار ئىلىدىكى ئىككى تۆت چوڭ مازار-
نىڭ بىرى بولۇپ، چاپچالدىكى چوڭ بۇغرا يېزىسىنىڭ
دىلموك تېغى باغرىدىكى خۇنخاي مازار غولىغا جايلاش-
قان. غۇلجا شەھىرىگە 67 كىلومېتىر، قازاقىستاننىڭ
غالجات يېزىسىغا تۆت كىلومېتىر كېلىدىغان ئورۇندا يەنى
خۇنخاي غولىنىڭ يۇقىرىسىغا غالجاتتىن چىقىدىغان بودوتە
دېگەن ساي سۈيىنىڭ خۇنخاي سۈيىگە قوشۇلۇش ئېغىزد-
غا توغرا كېلىدۇ. خۇنخاي ئېغىزىدىن 200 مېتىر تۆپىلىكتە
كۆلىمى 1100 مو چامىسىدا تۈزلەڭلىك بولۇپ، ئۇنىڭ 300
مودەك يېرى قەبرىستانلىق، قالغان يېرى خۇنخاي مازار
مەھەللىسى. ئۇ يەردە نۇرغۇن قەبرىلەرنىڭ چېتىدە
ئىككى ھۇجرا، ئۇنىڭ يېنىدا گۈمبەزلىك مازار بار، ئەنە
شۇ گۈمبەزلىك ئۆيگە ئاتاقلىق ئۇيغۇر شائىرى،
مەۋلانە سىراجىدىن يۇسۇپ ئابابەكرى سەككاكى دەپنە
قىلىنغان. بۇ گۈمبەز «ئالتۇنلۇق» دەپ ئاتىلىدۇ. مانا
مۇشۇ ئورۇننى خۇنخاي مازار دەيدۇ.

رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە بۇ ئورۇن چاغاتاي دەۋ-
رىدە تۇرمە ئورنى بولغان ئىكەن، بۇ ئورۇننىڭ ئەسلى
ئاتىلىشى خۇنخار يەنى «قان تۆككۈچى» دېگەنلىك
بولۇپ، كېيىنچە «خۇنخاي» دېگەن ئىسىمغا ئۆزلەشكەن.
يۇسۇپ سەككاكىنىڭ زامانىمىزغىچە يېتىپ كەلگەن «مىفتا-
ھۇل ئۇلوم» (ئىلىملەر ئاچقۇچى) ناملىق يىرىك ئەسىرى
بار.

1911 - يىلى خۇنخاي مازار رېمونت قىلىنىپ، ئالتۇن-
لۇقتىن 500 مېتىردەك يۇقىرىسىنى كولىغاندا ناھايىتى
نۇرغۇن ئادەم ئىسكىلىتلىرى چىققان. بۇنىڭغا قارىغاندا بۇ
ئورۇندا بۇرۇنمۇ نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ ياشىغانلىقى
ئېنىق.

خۇنخاي مازارلىق تارىخچى ئىمىنجان باھاۋۇدۇن
«ئىلى تارىخى» ناملىق ئەسىرىدە «چاغاتاي ئوردىسىنىڭ
ئۆلتۈردىشى (ۋەزىرى) بولغان ئۇلۇغ زات يۇسۇپ سەك-
كاكىنىڭ مازىرى مۇشۇ خۇنخاي مازاردىكى ئالتۇنلۇقتا»
دەپ يازىدۇ.

چاغاتاي سەككاكىنىڭ كاتتا بىلىملىك ئادەم ئىكەنلى-
كىنى ئاڭلاپ، ئۇنى ئوردىسىغا ئەكېلىپ ئۆزىگە ئىلمىي
مەسلىھەتچى قىلىۋالغان. سەككاكىنىڭ چاغاتاي تەرىپىدىن

www.uyghurkitap.com



ئەتۋارلىنىپ ئىشلىتىلگەنلىكى ئوردىدىكى يۇقىرى ـ تۆۋەن مەنسەپدارلارنىڭ ھەسەتخورلۇقىنى قوزغىغان. ئۇلار سەككاكىغا سۇيىقەست قىلىپ، چاغاتايغا چاققانلىقتىن، خاننىڭ گۇمانى كۈچىيىپ، ئۇنى زىندانغا تاشلاتقۇزىدۇ، سەككاكى ئۈچ يىلدىن كېيىن زىنداندا ۋاپات بولۇپ، خۇنخاي مازارغا دەپنە قىلىنغان.

ئوبۇلقاسىم باھادىرخان «شەجەرەئىي تۈرك» ناملىق ئەسىرىنىڭ 5 ـ بابىدا «موللا سەككاكى دېگەن زات ئۇنىڭ (چاغاتاينىڭ) مەسلىھەتچىسى ئىدى»، «چاغاتاي خاننىڭ بىر ۋەزىرى بولۇپ، ئۇ سەككاكىغا دۈشمەن ئىدى. ئۇ بىر كۈنى ۋاقىت تېپىپ سەككاكىنى خانغا يامان كۆرسىتىپ زىندانغا سولاتتى. ئۇ خۇدادىن تەقدىر ئېتىپ، زىنداندا ۋاپات بولدى» دەپ يازىدۇ.

مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر «تارىخىي رەشىدى»دە سەككاكىنى ۋە ئۇنىڭ مازىرىنى تىلغا ئالىدۇ. بىراق بۇ شەھەرلەرنىڭ نامىنى بىلىشكە ئاجىزلىق قىلىمىز. مىفتار «مىفتاھۇل ئۇلوم» (ئىلىملەر ئاچقۇچى)نىڭ مۇئەللىپى مەۋلانە سەككاكىنىڭ مازىرىدا ئېگىز گۈمبەز بار. بۇ مۇشۇ كۆلنىڭ ئايىغىدىن باشلىنىدىغان تېكەس دەرياسىغا جايلاشقان» دېيىلگەن.

خۇنخاي مازاردىكى يۈسۈپ سەككاكىنىڭ گۈمبىزى «ئالتۇنلۇق»نىڭ قاچان ياسالغانلىقى توغرىسىدا ھازىرغىچە يازما خاتىرە ئۇچرىمىدى. لېكىن 1547 ـ يىلى يېزىلغان «تارىخىي رەشىدى»دە گۈمبەزنىڭ تىلغا ئېلىنغانلىقىدىن قارىغاندا گۈمبەزنىڭ 16 ـ ئەسىرلەردە ياسالغانلىقى ئېنىق.

1860 ~ 1869 ـ يىلىغىچە 20 ئۆيلۈكتەك ئۇيغۇر شەيخلەر مازارنى باققان بولۇپ كېيىنچە ئۇلار سىرتلارغا كۆچۈپ كېتىپ، مازار شەيخسىز قالغاندى.

يۇقىرىقى بىر قىسىم پاكىتلاردىن خۇنخاي مازىرى يۈسۈپ سەككاكىنىڭ مازىرى ئىكەنلىكى ئېنىق.

چەنلۇڭنىڭ شىنجاڭنى تىنچلاندۇرۇش قوماندانى ئۇرۇش قىرغىنچىلىقى تۈپەيلىدىن تۇزۇپ كەتكەن يەرلىك ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇپ، مەنچىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ تەمىناتىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن 1762 ـ يىللىرى جەنۇبىي شىنجاڭدىن يۆتكەپ چىققان دېھقانلاردىن خۇنخاي غولى سۈيىگە بىر يۇرت ئورۇنلاشتۇرغان. 1910 ـ يىلى يەتتە سۇ ۋالىيسى ۋەلباي يولداشوف غۇلجىغا كەلگەندە، غۇلجىنىڭ قازىسى مەڭسۇر ئەلەم بىلەن خۇنخاي مازىرىنىڭ خارابلىشىپ كېتىشىدىن ساقلىنىش



ئۇچۇن قەشقەر، خوتەن، تۇرپان، قومۇل، يەتتەسۇ، ئىلى تەۋەسىدىن كېلىدىغان زىيارەتچىلەرنىڭ تۇرالغۇ، تۇرمۇش مەسىلىلىرى ئۇستىدە كېڭىشىپ، بۇ پىكرنى ئەينى يىللاردىكى ئىلى مانجۇ ھاكىمىيىتىنىڭ باشلىقى چەرويگە ئىلتىماس قىلغان. كۆپ تىركىشىشلەر تۈپەيلى ئاخىر ھۆكۈمەت مازارغا چىققۇچىلارنىڭ «سۇ ئېقتمايدۇ، يەر تېرىمايدۇ» دېگەن شەرتلىرىگە قوشۇلىدۇ - دە، مازار قايتىدىن رېمونت قىلىنىدۇ.

1911 - يىل 6 - ئاينىڭ 15 - كۈنى مازارغا زىيارەتكە كەلگۈچىلەر ئۈچۈن سەككاكى قەبرىسىنىڭ تۆۋىنىدىكى بودوتە بىلەن خۇنخاي ئىككىسىنىڭ قوشۇلۇش ساي ئېغىزىغا ياتاق، ئاشخانىلار سېلىنىپ 1912 - يىلى يازدا بۇ مازارغا غۇلجىدىن باھاۋۇدۇن مۇھۇدىن، ئەيتىقۇلھاجى، ئىسلام باقى، نۇراخۇن، مەگسۇر، ھىدايەت، ئانايەت؛ يەركەنتتىن بېشىر ئاخۇن، ئابدۇرېھىم ھاجىم. غالجاتتىن غىياسىدىن ئاخۇن، ھامۇت ئاخۇن، مۇتەللىپ موللا؛ ئاقسۇدىن تاھىر تۆمۈرچىلەر كۆچۈپ كەلگەن، ئۇلارنىڭ كېلىشى بىلەن خۇنخاي مازىرىنىڭ قايتا گۈللىنىشى ئۈچۈن ئاساس سېلىنغان.

ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ بوران - چاپقۇنلىرى، يەتتەسۇدىكى ئۇرۇش ئازابلىرى سەۋەبلىك تۈركۈم - تۈركۈملەپ ئۇيغۇرلار باشپاناھ ئىزدەپ، خۇنخايغا كېلىپ ئورۇنلاشقان، 1937 - يىللىرىغىچە 300 دىن ئوشۇق ئائىلىلىك يېزا بولۇپ، مەكتەپ، مەدرىسلەر، كۇلۇبلار سېلىنىپ، خەلقنىڭ مەنۋىيىتى تېز بېسىشقا باشلايدۇ.

خۇنخاي مازىرىنىڭ ئەينى يىللاردىكى چېگرا ئېغىزى بولۇشتەك ئەۋزەللىكىدە چاررۇسىيە ۋە ئاندىن كېيىنكى بولشۇېكلار دەۋرىدىمۇ تاكى 1947 - يىلىغىچە مال ئالماشتۇرۇش سودىسى يولغا قويۇلۇپ، خەلقنىڭ ئىقتىسادى تۇرمۇشىمۇ ياخشىلىنىدۇ.

خۇنخاي مازىرىنىڭ ئىقتىسادى ۋە مەنۋى ھاياتىنىڭ يۈكسىلىشىگە ئەگىشىپ، ئاشۇ قىسقىغىنا يىللار ئىچىدە خۇنخايدىن ئىمىنجان باھاۋۇدۇندەك تونۇلغان تارىخچى، ئاتاقلىق مۇقامشۇناس، جامائەت ئەربابى ئابۇزەر خەلپەم، خەلق قوشاقچىسى ئاۋسمان، ژۇرنالىست، تەرجىمان ئابدۇرېشىت ئىمىنوفتەك كىشىلەر يېتىشىپ چىققاندى. شۇ يىللاردا غۇلجا ۋە يەتتە سۇدا بېسىمغا ئۇچرىغان داڭلىق ئۇيغۇر زىيالىيلىرى، تاتار زىيالىيلىرى خۇنخايغا چىقىپ پاناھلانغان ۋە ئىلىم تەھسىل قىلغان. غۇلجىدىكى ئاتاقلىق مۇدەررىس، شائىر ناسۇھائىمىن مىسىر ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتكۈزۈپ، ئىلىدا پەننىي مەكتەپ ئېچىپ، جاھالەتكە قارشى چىققانلىقى ئۈچۈن مۇتەئەسسىپلەر «جەدىت» دەپ ھۆكۈمەتكە چاققانلىقتىن شەھەردە تۇرالماي، خۇنخاي مازارغا چىقىپ، ئىمىنجان باھاۋۇدۇن ئۆيىدە پاناھلانغان.

ناسۇھا ئىمىن مازارنى زىيارەت قىلىپ:

خۇنخاي مازارغا مەن زار ئىدىم،
كىم زىيارەت ئەيلىسە مەن يار ئىدىم.
ئەھلى ئۇلۇم، ئەھلى پازىل، ئەھلى ئاشىق،
قىلسا مەۋلانە سۆزىدىن مەن يار ئىدىم.
يۈسۈپ سەككاكى قىزىل گۈل بولسا
مەن گوياكى بۇلبۇل شەيدا ئىدىم.
1340 - يىل بولدى نېسىپ،
تالىبان بىرلەن ئېلىپ مەن بىمار ئىدىم.
قىل دۇئالارنى قوبۇل
مەن ناسۇھا قۇللار ئىچىدە خار ئىدىم.

دەپ ئۇلۇغ زاتقا دۇئا قىلىپ ئۆز ھالىنى ئىزھار قىلغان.

ناسۇھا ئىمىن كېيىن ئۆز دۆلىتىدە تۇرالماي چەتئەلگە كېتىپ، سەرسانلىق، سەرگەردانلىقتا ۋاپات بولغان.

1928 - يىللاردىن كېيىن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تالانتلىق ئالىمى، ئۇيغۇرلارنى ئومۇمىي «ئۇيغۇر» دەپ ئاتاپ، يۇرتنى ئاتاشنى چەكلەشنى تەشەببۇس قىلغۇچى تەشكىلاتچى - «ئۇيغۇر ئوغلى» نەزەر غوجا ئابدۇسەمەتوف قولغا ئېلىنىشتىن بۇرۇن قېچىپ خۇنخاي مازارغا كېلىپ ئىمىنجان باھاۋۇدۇننىڭ ئۆيىدە پاناھلانغان. ئىككى يىلدىن كېيىن ئائىلىسى بىلەن روسىيىدىن يوشۇرۇن كۆچۈپ كەلگەندىن كېيىن جاغىستايغا كەتكەن.

ئەينى يىللاردا خۇنخاي مازار ئىلىم ھەرىكىتى سەنئەت، مەدەنىيەت، ئىقتىسادىي جەھەتلەردە، جۇملىدىن، ھەرقايسى يۇرتلاردىن كېلىپ تۇرىدىغان زىيارەتچىلەر، دەرۋىشلەر، خەتمە مۇلۇك ئۆتكۈزىدىغانلار ۋە تالىپلار بىلەن ئاۋاتلىشىپ قالماستىن سودىگەرلەر، قىرچىلار، روسىيىگە مەخپىي مال ئۆتكۈزىدىغانلار، ئەپيۇن ئەتكەس-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



چىلىكى بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار بىلەنمۇ ئاۋاتلاشقانىدى.

1940 ـ يىللىرى گېرمانىيىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا ھۇجۇم قىلىشى بىلەن شېڭ شىسەينىڭ سوۋېتتىن يۈز ئۆرۈشى تۈپەيلى، بۇ چېگرا ئېغىزىغا جايلاشقان يېزا ئۈنىڭ يەرلىك ھۆكۈمەتكە گۇمانلىق بولۇپ قالغانلىقتىن ساقچىخانا قۇرۇلدى. ساقچىخانا قۇرۇلۇپ تۇركۇملەپ تىنچ ئاھالە تۇرلۇك بەتناملار بىلەن قولغا ئېلىنىدۇ، يېزا ئاھالىسىنىڭ دولايتا، ئاق جارقىلارغا چىقىپ دېھقانچىلىق قىلىش، تاغدىن ياغاچ ئەكېلىشلىرى چەكلىنىدۇ ۋە خەلققە قارىتىلغان سىياسىي بېسىمنىڭ كۈچىيىپ، تۇرمۇش يولى توسۇلۇپ، قىيىنچىلىقتا قالغان ئاھالىلەر تۇرمۇش يولى ئىزدەپ تېكەس، موڭغۇلكۈرە، غۇلجا، جاغىستايلارغا كۆچۈشكە باشلايدۇ.

1943 ـ يىلى 12 ـ ئايدا خۇنخاي مازاردا قالغان 100 دەك ئائىلىنى ئەينى ۋاقىتتىكى ھۆكۈمەت تەرىپىدىن چۈشۈرۈلگەن «يېزىدىن ئۈچ كۈن ئىچىدە كۆچۈپ بولسۇن، چەكلەنگەن مۇددەت ئىچىدە كۆچۈپ بولمىسا، ئائىلە باشلىقلىرى قولغا ئېلىنىپ، مال ـ مۈلكى مۇسادىر قىلىنىدۇ»، دېگەن بۇيرۇققا بىنائەن خۇنخاي خەلقى ئۇزاق يىللاردىن بېرى گۈزەل ئارزۇ ـ ئارمانلار بىلەن يىغقان مال ـ مۈلكى ۋە قورۇ ـ جاي، مەكتەپ، مەدرىس، كۆلۈبلىرىنى تاشلاپ، زېمىستانغا قارىماي كېتىدۇ. ئاۋات ماكان خۇنخاي يېزىسى خارابىلىككە ئايلىنىدۇ.

1945 ـ يىلى خۇنخايلىقلارنىڭ ناھايىتى ئاز قىسمى ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى يارىتىپ بەرگەن ئىمكانىيەتتىن پايدىلىنىپ، خۇنخايغا كۆچۈپ بارغان بولسىمۇ، يەر ۋە سۇنى ئىدارە قىلىش ھوقۇقى ھەل بولمىغاچقا، خۇنخاي يېزىسىنى قايتا قۇرۇش مەقسىتىگە يېتەلمەي، قەدىمكى قۇلايلىق بولغان يېزىلارغا كۆچۈپ كېتىشكە مەجبۇر بولىدۇ.

1990 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ئېلان قىلغان 3 ـ تۈركۈمدىكى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مۇھاپىزەت قىلىنىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورنى قاتارىغا كىرگۈزۈلگەندىن كېيىن «ئالتۇنلۇق» رېمونت قىلىنىپ، شەيخلەر بېكىتىلىپ، سىرتقا ئېچىۋېتىلدى.

شۇنىڭدىن باشلاپ خەلقلەر يۇسۇپ سەككاكى مازىرىنى زىيارەت قىلىپ، بۇ ئۇلۇغ زاتنى ياد ئەتمەكتە.




«فىلىمتوندا ئەكس ئېتىپ تۇرىدىغىنى تولاراق شۇ قەلەم ئىگىلىرىنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتتا ئۆزگىچە نەزەر بىلەن كۆزەتكەن، بىلگەن ھادىسە، ۋەقەلىكلەرنى ھەققانىيەت زېمىنىدا تۇرۇپ ئۆزىگە خاس زېرەكلىك ۋە ماھارەت بىلەن تەھلىل قىلىپ، ھېچنېمىنىڭ چەكلىمىسىگە قارىماي، ئەركىن پىكىر يۈرگۈزۈپ، جەسۇرانە ھالدا ۋىجدانەن ئوتتۇرىغا قويغان يۈرەك سۆزىدۇر. ئىككىنچى تۇرلۇك قىلىپ ئېيتقاندا، فىلىمتون مەنتىقىي تەپەككۇر بىلەن جۇشقۇنلۇق ھاياجانىنىڭ قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان ھەم شېرىن، ھەم چۈچۈك مېۋىدۇر.» مانا بۇ تەرجىمە ئەدەبىياتىمىزنىڭ پېشۋاسى، ئۇستاز تەرجىمان توختى باقى ئارتىشى ئەپەندىنىڭ مەزكۇر ژانىرغا قارىتا ئاقىللارچە تەبىرى. يېقىندا «ئىزچىلار» كىتابخانىسى نەشرگە تەييارلىغان «كۆكۆلدىن كۆكۆلگە يول» ناملىق فىلىمتونلار توپلىمى بۇ مۆھتەرەم قەلەم ساھىبىنىڭ «كەتمەن چاپقان گۇناھمۇ»، «ھەق سۆزلىگەن گۇناھ ئەمەس» (ئىككى قىسىم) قاتارلىق فىلىمتون توپلاملىرىدىن كېيىن خەلقىمىزگە سۇنغان يەنە بىر كۆكۆل سوۋغىسى. ئىشىنىمىزكى مەزكۇر كىتاب ھايات ھەققىدىكى تەپەككۇرىڭىزنى بېيىتىپلا قالماي، يەنە نۇرانە ئەدەبىي تىلىمىزنىڭ ئۆزىگە خاس ئاجايىپ سېھرىي كۈچى بىلەن ئەقلىڭىزنى لال قىلىدۇ.

2009.2

# بۇگۇر خەلقىنىڭ ئۆزگىچە توي ـ تۆكۈن ئادەتلىرى



پەرھات ئەشمە

خەلقىمىز ياراتقان بوستانلىق مەدەنىيىتى مىللىي خاسلىق جەھەتتە بىر ئومۇملۇققا ئىگە بولسىمۇ، لېكىن ھەر قايسى بوستانلىقلارنىڭ رايون ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن مۇئەييەن جەھەتتە ئايرىملىققا ئىگە بولۇشتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە.

بۇگۇر خەلقىمۇ بوستانلىق مەدەنىيىتى يارىتىش جەريانىدا خەلقىمىزنىڭ مىللىي خاسلىقىنى ساقلاپ قالغان ئاساستا ھەم ئۆزىگە خاس بىر قىسىم ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنى ساقلاپ كەلمەكتە، بولۇپمۇ توي ـ تۆكۈن ئۆتكۈزۈش جەھەتتىكى ئادەتلىرىدە ئۆزىگە خاس بولغان ئالاھىدىلىكلىرى، بىر قىسىم قائىدىلىرى بىلەن شىنجاڭنىڭ باشقا جايلىرىدىن ئالاھىدە پەرقلىنىدۇ. مەن بۇ ماقالەمدە توي ـ تۆكۈننىڭ پۈتكۈل جەريانىنى ئەمەس، پەقەت باشقا جايلاردىن پەرقلىنىدىغان تەرىپىنىلا ئوتتۇرىغا قويماقچىمەن.

1. داستىخان تاشلاش: بۇگۇر خەلقى داستىخان تاشلاشنى چوڭ داستىخان تاشلاش، كىچىك داستىخان تاشلاش دەپ ئىككىگە ئايرىيدۇ. كىچىك داستىخان تاشلاش دېگىنى، يىگىتنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئەلچىلەر بىلەن تۇنجى قېتىم قىز تەرەپنىڭكىگە داستىخان ئېلىپ توي قىلىش تەكلىپىنى قويغىلى بېرىشنى كۆرسىتىدۇ. قىز تەرەپ قوشۇلسا يىگىت تەرەپكە مانچە ئۆيگە داستىخان تاشلايسىلەر، دەپ سان بېكىتىپ بەرگەندىن كېيىن يىگىت تەرەپ بېكىتىلگەن سانغا ئاساسەن قىز تەرەپنىڭ يېقىن تۇغقانلىرىغا يەنە داستىخان راسلاپ ئاز بولغاندا 5 ـ 10 غىچە ئۆيگە داستىخان تاشلايدۇ. بۇنى چوڭ داستىخان دەپ ئاتايدۇ. داستىخانغا رەخت (قىممىتى 50 ـ 100 يۈەنگىچە) چاي، ئۇچ نان، قەنت ـ ناۋات... قاتارلىق نەرسىلەر يۆگىلىدۇ. بۇ بەلكى تۇغقانلارنىڭمۇ رازىلىقىنى ئېلىش بولسا كېرەك. چوڭ داستىخان تاشلانغاندا قىزغا بىرەر تال ياغلىق، بىر قۇر كىيىم سوۋغا قىلىنىدۇ. بۇ قىزنىڭ بېشىنى باغلاپ قويۇش دەپ ئاتىلىدۇ. قىز تەرەپ ئىككى داستىخان تاشلىنىپ بولغاندىن كېيىن بارلىق تۇغقانلىرىنى يىغىپ بۇ توينى قىلىش ـ قىلماسلىق توغرىسىدا مەسلىھەت قىلىدۇ، بەزىدە داستىخان تاشلىنىپ بولۇپمۇ يېنىشىپ كېتىدىغان ئەھۋاللار بولىدۇ. مۇنداق چاغدا ئەگەر قىز تەرەپ يېنىۋالغان بولسا بارلىق داستىخاننى ئۆز پېتى قايتۇرۇپ بېرىدۇ، ئەگەر ئوغۇل تەرەپ يېنىۋالسا، داستىخان قايتۇرۇلمايدۇ. بۇنى داستىخان ياندۇرۇش، دەپ ئاتايدۇ.

2. چاي ئىچۈرۈش: داستىخان تاشلىنىپ قىز تەرەپنىڭ تولۇق رازىلىقىنى ئالغاندىن كېيىن يىگىت تەرەپ 1 ـ 2 گىچە قوي گۆشى، بىر قازان پولۇ، نان ۋە باشقا تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى ئېلىپ بېرىپ، قىزنىڭ تۇغقانلىرىغا قىز تەرەپنىڭ ئۆيىدە زىياپەت بېرىدۇ. بۇنى كىچىك چاي دەپ ئاتايدۇ. بۇ بەلكى قىز تەرەپ تۇغ-

www.uyghurkitap.com



قانلىرىغا ئېيتىلغان يەنە بىر قېتىملىق رەھمەت ئېيتىش بولسا كېرەك. كىچىك چاي ئىچۈرۈلۈپ بولغاندىن كېيىن يىگىت تەرەپ ئۆزىنىڭ ھەم قىزنىڭ بارلىق تۇغقانلىرىنى قىز تەرەپنىڭ ئۆيىگە يىغىپ بىرەر يۈز جىڭ گۈرۈچ بىلەن پولۇ ئېتىپ،1ـ3 كىچە قوي سويۇپ يەنە بىر قېتىم زىياپەت بېرىدۇ. بۇ چوڭ چاي دەپ ئاتىلىدۇ. چوڭ چايدا ئاساسلىقى ئىككى تەرەپ ئۆزئارا توينىڭ مەسلىھەتنى قىلىدۇ. ئاۋۋال قىز تەرەپ تويلۇق پۇل، كىيىم ـ كېچەك، ئالتۇن زىبۇزىننەت... تويدا قىز تەرەپكە بېرىدىغان قوي سانى، گۈرۈچ مىقدارى،... قاتارلىق تويلۇقلارنى يىگىت تەرەپكە ئۇقتۇرىدۇ. يىگىت تەرەپ گەپكە ئۇستا ئادەملەرنى ئېلىپ بېرىپ ئۆزئارا تالاش ـ تارتىش قىلىپ تويلۇقنى ئازلىتىشقا تىرىشىدۇ. كۆپىنچە ۋاقىتتا قىزنىڭ دېگىنى ئانچە ئۆزگىرىپ كەتمەيدۇ. بۇ چوڭ چايدا قاتتىق مۇنازىرە بولۇپ كېتىدۇ. ئاخىر ئىككى تەرەپ بىرلىككە كېلىدۇ.

3. توي كۈن سانى: بۇگۈر ناھىيىسىدە توي تۆت كۈن ئېلىپ بېرىلىدۇ. بىرىنچى كۈنى قىز تويى بولىدۇ، يەنى ئىككى تەرەپنىڭ بارلىق تۇغقانلىرى بۇ كۈنى قىز تەرەپنىڭكىگە بارىدۇ، توي قىز تەرەپتە بولىدۇ. بۇ كۈنى يىگىت تەرەپ مېھمان تەرىقىسىدە كۈتۈلىدۇ (گەرچە بارلىق چىقىمنى ئۈستىگە ئالغان بولسىمۇ). كەچتە قىزنى يىگىت تەرەپ يۆتكەپ كېلىپ، ئەتىسى بىر كۈن پۈتكۈل ئەل جامائەتكە توي بېرىدۇ، بۇ كۈنى قىز تەرەپ مېھمان بولۇپ كۈتۈلىدۇ. ئۈچىنچى كۈنى يىگىتنىڭ تۇغقانلىرى قىزنى ئېلىپ قىز تەرەپنىڭ ئۆيىگە بارىدۇ، بۇ كۈنى قىز تەرەپ ئۆزلىرى چىقىم قىلىپ داستىخان ھازىرلايدۇ. بۇنى قىز كۆرستىش چېيى دەپ ئاتايدۇ. تۆتىنچى كۈنى ياكى بىرەر ئىككى كۈن ئۆتكۈزۈپ يىگىت تەرەپ ھەر ئىككى تەرەپنىڭ تۇغقانلىرىنى يىغىپ يەنە بىر قېتىم كىچىك دائىرىدە توي بېرىدۇ. بۇنى قۇدا تويى دەپ ئاتايدۇ. بۇ تويدا ئىككى تەرەپنىڭ تۇغقانلىرى بۇنىڭدىن كېيىن ياخشى ئىزدىشىپ ئۆتۈش ئۈچۈن تونۇشۇش چېيى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

4. توي سوۋغاتلىرى: بۇگۈر خەلقىنىڭ توي سوۋغاتلىرى قېتىم سانى، مىقدارى جەھەتتە باشقا جايلار بىلەن ئالاھىدە پەرقلىنىدۇ، دەسلەپتە چوڭ ـ كىچىك داستىخان تاشلىغاندىن تارتىپ تاكى قۇدا تويى بولغىچە ئىككى تەرەپنىڭ ئۆزئارا بېرىلىدىغان سوۋغات بۇيۇملىرى ناھايىتى كۆپ بولىدۇ. كىچىك ـ چوڭ داستىخاندا يىگىت تەرەپ قىز تەرەپكە بىر كىيىملىكتىن رەخت ئېلىپ بېرىدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە چوڭ چايدا قىز تەرەپ ئوغۇل تەرەپكە، ئوغۇل تەرەپ قىز تەرەپكە ئۆز تۇغقانلىرىنىڭ تىزىملىكىنى بېرىدۇ. شۇ تىزىملىككە ئاساسەن قىز تويى بولغان كۈنى يەنى بىرىنچى توي كۈنى قىز تەرەپ ئوغۇل تەرەپنىڭ تۇغقانلىرىغا بىر كىيىملىكتىن رەخت، بىر پارچىدىن پىششىق گۆش (بىر كىلودىن ئىككى كىلوغىچە) نېپىز نانغا ئورۇلۇپ تارتىلىدۇ (مەخسۇس گۆش ئورايدىغان نان يېقىلىدۇ). بۇ، زەللە دەپ ئاتىلىدۇ. يىگىتنىڭ ئاتا ـ ئانىسىغا بىر قوي پۈتۈن پىشۇرۇلۇپ پۈتۈن پېتى ئالدىغا تارتىلىدۇ. ئەتىسى يەنى ئىككىنچى توي كۈنى ئوغۇل تەرەپ قىز تەرەپ تۇغقانلىرىغا ئوخشاشلا زەللە ھەم رەخت تارتىدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە تويغا چاقىرىلغانلا ئادەم تويغا بىر پارچىدىن رەخت، ئۈچ نان ئېلىپ كېلىدۇ. بىر ئادەم كىمنىڭ قانچىلىك نەرسە ئېلىپ كەلگەنلىكىنى تىزىملاپ، تۇغقانلار بىلەن بىللە ئەكەلگەن سوۋغىتىغا يارىشا بارلىق مېھمانلارغا رەخت تارتىلىدۇ. بىراق زەللە پەقەت ئىككى تەرەپنىڭ تۇغقانلىرىغىلا تارتىلىدۇ.

5. توي مەشرىپى: بۇگۈر خەلقى توي مەشرىپىنى ئىككى كۈندۈز، بىر ئاخشام ئېلىپ بارىدۇ. بىرىنچى كۈنى ئىككى تەرەپنىڭ دوست ـ بۇرادەرلىرى قىز تەرەپنىڭ مەھەللىسىگە يەنى قىزنىڭ بىرەر قوشنىلىرىنىڭ ئۆيىگە، ھويلىسىغا يىغىلىپ بىر كۈن تاكى قىزنى يۆتكەپ كەتكىچە (قىزنى بالدۇر بولغاندىمۇ شىنجاڭ ۋاقتى سائەت 4 ـ 5 تە كۆچۈرۈپ ماڭىدۇ) مەشرەپنى داۋاملاشتۇرىدۇ. قىزنى كۆچۈرۈپ بولۇپ يىگىتنىڭ ھويلىسىدا 2 ـ 3 سائەتكىچە مەشرەپ ئۆتكۈزىدۇ، ئەتىسى بىر كۈن كەچ بولغىچە يىگىتنىڭ ھويلىسىدا مەشرەپ بولىدۇ. بىرىنچى كۈندىكى مەشرەپنىڭ چىقىمىنى قىز تەرەپ، كەچ ۋە ئىككىنچى كۈندىكى مەشرەپنىڭ چىقىمىنى ئوغۇل تەرەپ ئۈستىگە ئالىدۇ.

بۇگۈر خەلقىنىڭ توي قىلىش ئادىتى ــ دوكتور ئەسئەت سۇلايمان يازغان «تەكلىماكانغا دۇملەنگەن روھ» دېگەن ئەسىردىكى قەدىمكى دەريا بويى كەنتىدىكى كىشىلەرنىڭ ئۈچ كۈن توي قىلىش ئۇسۇلىغا، زەللە قويۇش شەكلىگە ئوخشاش. دېمەك، بۇگۈر خەلقى بۇ ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنى ئاز بولغاندا 500 يىلدىن بېرى ساقلاپ ھەم بۇگۈنگىچە داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن. يېقىنقى يىللاردا بۇ ئادەتلەر پەقەت بۇگۈر ناھىيىسىنىڭ ئەشمە، چىدىر، يېڭىسار قاتارلىق بەزى يېزىلىرىدىلا ساقلىنىپ قالغان.

پايدىلانغان ماتېرىياللار:


1. ئەسەت سۇلايمان ـ «تەكلىماكانغا دۇملەنگەن روھ».
2. ئۇيغۇر ئېتنوگرافىيسى.
3. بۇگۈر تارىخ ماتېرىياللىرى.


(ئاپتور بۇگۈر ناھىيلىك كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپتە)




موللا زەيدىن گەپچى دېگەننى ئاڭلىغان ھەرقان-داق ئادەم، شۇ گەپچىنىڭ تۇرمۇشى بىلەن تونۇشقۇسى ۋە ئۇنىڭ گەپچىلىكنى بىلگىسى كېلىدۇ. ئۇنىڭ گەپ-چىلىكى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بېشىدىن كەچۈرگەن ئىجتىما-ئىي تارىخىي ۋەقەلىكلەرنى ئۆزىگە سىڭدۈرگەن.

موللا زەيدىن لۈكچۈندىكى باغرا يېزىسىدا نامرات دېھقان ئائىلىسىدە 1815 - يىلى تۇغۇلغان. ئۇنىڭ ئاتىسى ئەل ئىچىدە سەيدۇل قوغۇنچى دەپ نام چىقارغان. موللا زەيدىن ئالتە يېشىدىلا مەھەللە خۇ-سۇسىي مەكتىپىدە ئوقۇپ، خەت ساۋاتىنى چىقارغاندىن كېيىن، 11 يېشىدا مەدرىسكە ئوقۇشقا كىرىپ، 17 ياشقىچە پۈتۈن قارى بولۇپ چىققان. شۇنداقلا ناۋائى، سوپى ئاللا يار، خوجا ھاپىز قاتارلىقلارنىڭ مۇناجات، قەسىدە كىتابلىرىنى، قۇل خوجا ئەخمەت، شامەشرەپ قاتارلىقلار-نىڭ كىتابلىرىنىمۇ ئوقۇپ ئۆگىنىپ، ئۆز قابىلىيىتىنى يۇقى-رى كۆتۈرگەن. شۇنداق قىلىپ ئۇ «موللا زەيدىن» دەپ نام ئالغان. ئەينى چاغدا موللا زەيدىن زالىم قازى-لاردىن تارتىپ خۇراپىي بوۋىلارغىچە ئۇلارنىڭ مۇتەئەس-سىپلىكلىرىنى سۆككەن، پاش قىلغان. مۇشۇ ۋەجىدىن مەدرىسنىڭ مۇددەرىسى، يۇرتنىڭ قازىسى زاھىر قازى ھاجى تەرىپىدىن قانچە قېتىم جازاغا تارتىلغان.

موللا زەيدىن تەرىپىدىن ئېيتىلغان قوشاقلار — بېيت - نەزمە، ساتىرا - شاكىچو پاراڭلار مەھەللىدىن مەھەللىگە، يۇرتتىن يۇرتقا تارقاپ كېتكەن. موللا زەيدىن لەتىپىلىرىنىڭ ئىخچاملىقى، ئېيتىشقا ۋە ئەستە قالدۇرۇشقا ئوڭايلىقى، بولۇپمۇ كۈلكىلىكلىكى ئۇنىڭ خەلق ئارىسىغا ئومۇمىيۈزلۈك تارقىلىشىغا سەۋەب بولغان ھەم ئۇنى كۈچلۈك ئاممىۋى ئاساسقا ئىگە قىلغان. شۇنى ئېيتىشقا بولىدۇكى، موللا زەيدىن تۇرپان ئويمانلىقىدىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدىن چىققان بىر شەخس سۈپىتىدە، ئۇ ئۆزىنىڭ ئالاھىدە تالانتى ئارقىلىق تۇرپان ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئۆرپ - ئادەت، تىل قائىدىلىرىنى ئۆز ئەسەرلىرىگە سىڭدۈرگەن. ئۇنىڭ لە-تىپىلىرىنىڭ تېمىلىرى ھەر تەرەپلىمە، مەزمۇنى چوڭقۇر، چوڭ ئىجتىمائىي زىددىيەتلەردىن تارتىپ، تۇرمۇشتىكى ئۇششاق مەسىلىلەرگىچە نۇرغۇن تەرەپلەرنى ئۆز ئىچى-گە ئالىدۇ. ئۇنىڭ لەتىپىلىرىدىن «باينىڭ كۆز ئاغرى-قى»، «سۇتچى»، «قازىخانىدىكى سوراق» ۋە «ئۆلۈم» قاتارلىقلاردا ئاچچىق ھەجۋىي، چوڭقۇر مەس-خىرە، ئۆتكۈر كۈلكە بار. ئاپتور بۇلار ئارقىلىق ئىج-تىمائىي زىددىيەتلەرنى ئېچىپ تاشلىغان، مەسىلىلەرگە باھا بەرگەن. ئومۇمەن ئۇنىڭ پاراڭلىرىدىن پايدىلى-نىپ، خەلق ئاممىسى ئېكسپىلاتاتور سىنىپلارنى ھەم ئۇلارنىڭ سىياسىي ۋەكىللىرىنى پاش قىلغان، قامچىلى-غان. جەمئىيەتتىكى زالىملىق، ئادالەتسىزلىك، پارىخور-لۇق، چېقىمچىلىققا ئوخشاش ئەھۋاللاردىن نەپرەتلەن-گەن. بۇ ئارقىلىق كىشىلەرگە ئەقىل ئۆگەتكەن. مەس-لىھەتچىسى بولۇپ تەربىيە بەرگەن.

موللا زەيدىن خەلقنىڭ ئارزۇ - ئارمانلىرىغا ۋە-كىللىك قىلىپ، چوڭ سورۇنلاردا ھازىر جاۋاب، قورقماس يۈرەكلىك باتۇر بولغان. ئۇنىڭ پاراڭچىلىقى كىشىلەر تەپتارتقان ۋاڭلارنى ئالاقزادە قىلالىغان. مەد-رىستىكى ئاخۇنۇملار بۇنىڭغا «جېدىد» (يېڭىلىق تە-رەپتارى) ۋە «مۇشرىك» (دىنغا شەك كەلتۈرگۈچى) دېگەن ئەيىبنى قويۇپ، مەدرىستىن قوغلاپ چىقارماق-چىمۇ بولغان. شۇ چاغلاردا لۈكچۈندىكى ئەپرىدۇن ۋاڭ شۇنداق بىرەر پاراڭچىنى ئىزدەپ يۈرگەن ۋاقتى بىلەن، ئاخۇنلارنىڭ موللا زەيدىننى قانداق بىر تەرەپ قىلىشقا بېشى قاتقان بىر مەزگىلدە جامائەتچى-لىك ئۇنى ئوردا خىزمىتىگە، يەنى ۋاڭنىڭ گەپچىسى قىلىپ كۆرسەتكەن.

MIRAS

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



موللا زەيدىن ۋاڭنىڭ ۋە ئوردىنىڭ ئىچكى ئەھۋالى بىلەن تونۇشقان ۋاقتى ئۇنىڭ 20 ياشلارغا كىرگەن چېغى ئىدى. ئەمما ئۇ، شۇنچە ياش چېغىدىمۇ، ئەمەلدارلار ئالدىدا ئۆزىنى تەمكىن تۇتقان. ھەر قانداق چاغدا ۋە ھەرقانداق سورۇندا باشقىلارنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە جەلپ قىلغان. ئۇ، ئۆز ھاياتىدا جەمئىيەتتىكى بولۇۋاتقان تەڭسىزلىكلەرگە ئۆز نۆۋىتىدە تۈرلۈك قىزىقچىلىق گەپ ـ سۆز ھەم قوشاقلار بىلەن قارشى تۇرغان. موللا زەيدىن مۇشۇنداق قىلغانلىقى تۈپەيلىدىنمۇ، ۋاڭ ئوردىسىدىن سەككىز قېتىم قوغلىنىپ، توققۇزىنچى قېتىم يەنە چاقىرىلتىلغان. ۋاڭ موللا زەيدىنگە «شىرىن دۈشمىنىم» دەپ ناممۇ بېرىپتىكەن.

ئەپرىدۇن ۋاڭ بېيجىڭغا بارغاندىمۇ، كېيىن مەنسىپى ئۆسۈپ، قەشقەرگە ۋاڭ بولۇپ بارغاندىمۇ، موللا زەيدىننى ئۆز يېنىدا بىللە ئېلىپ يۈرگەن. شۇ تۈپەيلى موللا زەيدىنگە ئۆز سۆيگۈنى بىلەن بالدۇراق توي قىلىش ئىمكانىيىتى بولماي قالغان. پەقەت 30 ياشقا كىرەي دەپ قالغاندىلا ئالمىخان بىلەن توي قىلغان. توي قىلماستىن بۇرۇن:

ئالمىخاننىڭ بېغى بار،
گۈل تۈۋىدە چېكى①بار.
ئالمىخانغا سەپسېلىڭلار
ئوڭ قېشىدا مېڭى بار.

دېگەندەك قوشاقلار موللا زەيدىن تەرىپىدىن ئېيتىلغان. ھەتتا ئۇنىڭ ئالمىخاننى ھەم ماختاپ، ھەم چۆكۈرۈپمۇ توقۇغان نۇرغۇن قوشاقلىرى بار.

ۋاڭ موللا زەيدىن بىلەن قەشقەردە توققۇز يىل بىللە بولغان. ۋاڭنىڭ ئالدىدا ئۇ ئۆز ئابرۇيى، نومۇسىنى ساقلاپ قالالىغان. ۋاڭ بىلەن كۆز قاراش جەھەتتىن بىرلىككە كېلەلمەي، ۋاڭنىڭ كەلگۈسى ئاقىۋىتى ھەققىدە نۇرغۇن شېئىرلارنى يېزىپ قالدۇرۇپ 1860 ـ يىللىرى يۇرتىغا قايتىپ كېلىپ، قوغۇنچىلىق قىلغان.

ئومۇمەن موللا زەيدىن ئۆزىنىڭ ئانا تىلىنى ۋە ئۆتكۈر قەلىمىنى كۈرەش قورالى قىلىپ، زۇلۇمغا قارشى تۇرغان. ئۇ، ئۆزىنىڭ ئەل ـ يۇرتىنى قىزغىن سۆيگەنلىكى ۋە شۇ تۈپەيلى ئەلگە قالدۇرغان چوڭقۇر مەزمۇنلۇق پارچىلىرى ـــ سۆز، ماقال ـ تەمسىل، بېيىت ـ قوشاق، ناخشا ـ غەزەللىرى... بىلەن بۈگۈنگىچە ئۇنتۇلماي كەلدى ۋە بۇنىڭدىن كېيىنمۇ ھەرگىز ئۇنتۇلمايدۇ. ئۇنىڭ باي، مەزمۇنلۇق لەتىپىلىرى تېخى تولۇق توپلىنىپ نەشر قىلىنمىدى.

موللا زەيدىن 1880 ـ يىللىرى (ۋاپات بولۇشتىن بىر ئاز ئىلگىرى) ئۆز قەبرىسىنى لۈكچۈن شەھەر شەرقىي دەرۋازا سىرتىدىكى ئاچا يولغا چاپتۇرۇپ، گۈمبەز ياستىپ، ئىشىك بېشىغا بىر تاختا بېكىتىپ، ئۇنىڭغا بىر نەچچە مىسرا ھەجۋىي نەزمە يېزىپ قالدۇرغان. ئۇ ۋاپات بولۇپ كەتكەندىن كېيىنمۇ ئۇنىڭ روھى كىشىلەرنى كۈلدۈرۈپ كەلگەن. موللا زەيدىن مەڭگۈ ئۆچمەيدىغان يالقۇنلۇق گەپچى.

## موللا زەيدىن لەتىپىلىرى

### موللا زەيدىن مولىدا

موللا زەيدىن گۆدەك ۋاقتىدا مەدرىس ھويلىسىدا ساۋاقداشلىرى بىلەن گەپلىشىپ تۇرغاندا، خەلپەت كېلىپ ناماز ئۆتەشكە قوغلاپتۇ. باللار خەلپەتنىڭ گېپىگە كىرمىگەنىكەن، خەلپەت كالا شىرىسىدە ياسالغان دورا (پالاق) بىلەن باللارنى ئۇرۇپ ـ سوقۇپ، ھەممىسىنى ھەيدەپ تارقىتىۋېتىپتۇ. شۇ چاغدا ھېلىقى پالاق موللا زەيدىنگىمۇ تېگىپتۇ. بۇنداق ۋاڭ ـ چۇڭنى ئاڭلىغان موللا ئۆيدىن چىقىپ:

ـــ يىغلىماڭلار باللىرىم، پالاق تەگكەن يەردىن قىيامەت كۈنى گۈل ئۈنۈپ چىقىدۇ، ـــ دەپتۇ. بۇ چاغدا موللا زەيدىن:

ـــ بىگۇناھ باللارنى ئۇرسا، گۈل ئۈنىدىغان ئىش بولسا، خەلپىتىمنى بىزمۇ ئۇرۇپ قويايلى، قىيامەت بولغاندا خەلپىتىم گۈلسىز خەلپەت بولۇپ قالمىسۇن. ئۇنىڭ سىيدام دۈمبىسىگە گۈل ئۈندۈرەيلى، ـــ دەپتۇ.

### جازا

موللا زەيدىننىڭ ئەل ئىچىدىكى ياپتا گەپلىرى، شاڭخولىرى ۋاڭلارنىڭ ئار ـ نومۇس، ئابرۇيىنى تۆ-

① چاڭ ـ تۇرپاندا «كات»نى شۇنداق دەيدۇ.



كۈشكە بىرىپ تاقىلاتتى. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان ۋاڭ بىر كۈنى موللا زەيدىننى ئالدىغا چاقىرىپ، قاتتىق هاقارەتلىدى، ئاندىن ئۇنى قەهرىتان سوغۇقتا ئوردىنىڭ ئەڭ يۇقىرىقى پەشتىقى ئۈستىدە يالاڭ ئەڭلى بىلەن تۇرغۇزۇپ جازالىماقچى بولدى.

موللا زەيدىن بۇ ئەهۋالدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن يېرىم تولۇقچە تاشنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، كېچىچە ئۇنى راۋاق ئۈستىدە قۇچاغلاپ ئۇياقتىن ـ بۇياققا مېڭىپ تەرلەپ چىقتى.

ئەتىسى سەهەردە ۋاڭ چاكارىغا:

ـــ هېلىقى نائەهلى موللا زەيدىنگە سوغۇق ئۆتۈپ، ئەقلىگە كەلدىمۇ ـ يوق قاراپ باق، ـــ دەپ تاپشۇردى. ۋاڭنىڭ چاكارى راۋاقتىن يېنىپ چۈشۈپ:

ـــ ۋاڭ بېگىم، موللا زەيدىن مۇزلاشنىڭ ئورنىغا قاتتىق تەرلەپ تۇرۇپتۇ، ـــ دەپ خەۋەر قىلدى. بۇنىڭدىن ئەجەبلەنگەن ۋاڭ، موللا زەيدىننى ئالدىغا چاقىرىپ، بۇنىڭ سىرىنى سورىۋىدى، موللا زەيدىن:

ـتەخسىر، مەن راۋاقتا تۇرۇپ، جانابىي ئالىيلىرىنىڭ ماڭا بولغان مېهىر ـ شەپقىتىنىڭ تەپتىدە تەرلەپ تۇرۇپتىمەن، ـــ دەپ جاۋاب بەردى.

بۇ سۆزدىن مەغرۇرلانغان ۋاڭ خۇشاللىقىدا «مەن سېنىڭكىگە بېرىپ، مېهمان بولىمەن» دېدى.

ۋاڭ موللا زەيدىننىڭ ئۆيىگە كەلدى. موللا زەيدىن ۋاڭنى ئۆي ئىچىدە ئولتۇرغۇزۇپ، چۆگۈننى دەرەخنىڭ ئۇچىغا ئاستى ۋە ئۇنىڭ ئاستىدىن ئوت قالىغلى تۇردى. ئاخىر بىتاقەت بولغان ۋاڭ بۇ ئىشتىن ئەجەبلىنىپ:

ـــ هەي، ئەخمەق موللا زەيدىن، مۇنداقتا بۇ چۆگۈن قانداق قاينايدۇ؟ ـــ دەپ زاڭلىق ئارىلاش كۈلدى. موللا زەيدىن ۋاڭنىڭ كۈلكىسىگە جاۋابەن:

ـــ سىلىنىڭ مېهىر ـ شەپقەتلىرىنىڭ تەپتىدە مەن 100 گەز ئېگىزلىكتىكى راۋاقتا تەرلەپ كەتكىنىمگە ئىشىنىدىلايۇ، بۇ چۆگۈن بىلەن ئوتنىڭ ئارىسى ئون گەز كەلمەيدۇ، ئەجەبا، بۇنىڭ قاينىشىغا قانداق ئىشەنمەيدىلا! ـــ دەپ جاۋاب بەردى.

## ئاي بىلەن كۈننىڭ مۆكۈۋېلىشى

بىر كۈنى ۋاڭ ئۇشتۇمتۇت موللا زەيدىندىن سورىدى:

ـــ ئاي بىلەن كۈن نېمە ئۈچۈن بۇلۇتنىڭ ئارقىسىغا مۆكۈۋالىدۇ؟

موللا زەيدىن ئۇنىڭغا:

ـــ ئاخشىمى جاپاكەشلەرنىڭ قورسىقى ئاچ، نانغا زار، پەرياد چەككەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۇلارغا ئىچى ئاغرىپ، تەڭسىزلىككە چىدىماي بۇلۇتنىڭ كەينىگە ئۆتۈۋالىدۇ، كۈندۈزى بولسا قۇياش نامراتلارنىڭ ئېتىز ـ ئېرىقلاردا ئىشلەپ، ئۇسساپ گېلى قۇرۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇلارغا رەهىمى كېلىپ، ئۇمۇ بۇلۇتنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈۋالىدۇ، ـــ دېدى.

## چوڭ قازان

موللا زەيدىن ئاقسۇدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا ئاقسۇلۇق بىر قانچە كىشىلەر بىلەن هەمراه بولۇپ قالدى. ئاق-

uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



سۇلۇقلار موللا زەيدىننى ئەخمەق قىلماقچى بولۇپ:

— بىزنىڭ ئاقسۇدا كاۋا ناھايىتى ئوخشايدۇ. بىر كاۋىنىڭ بىر تال يوپۇرمىقىدا 40 خېچىر سايىدايدۇ، — دېدى. موللا زەيدىن بۇ گەپنى كۆڭلىگە پۈكۈپ قويدى. ئۇلار تورپانغا يېقىنلاشقاندا «تاراق ـ تۇرۇق» قىلغان ئاۋاز ئاڭلىنىشقا باشلىدى. ئاقسۇلۇقلار موللا زەيدىندىن:

— بۇ نېمە گەپ؟ — دەپ سورىدى.

موللا زەيدىن:

— ئۈچ يىل بولدى، 300 تۆمۈرچى بىر قازاننى سوقۇپ پۈتتۈرەلمەيۋاتىدۇ. بۇ تاراق ـ تۇرۇق ئاشۇ بولقىلارنىڭ ئاۋازى، — دېدى. ئاقسۇلۇقلار بۇ گەپكە ئەشەنمەي:

— ئۇنداقمۇ يوغان قازان بولامدۇ؟ — دەپ سورىۋىدى. موللا زەيدىن:

— سىلەرنىڭ ھېلىقى يوغان كاۋاڭلار مۇشۇنداق قازاندا پىشمىسا، نەدە پىشىدۇ؟ — دەپ جاۋاب بەردى.

## ئوتۇن تېرىش

موللا زەيدىننىڭ تۆرمۈشى بارغانسېرى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قېلىپ، بىر موللىنىڭ مەكتىپىگە كىرىپ شۇنىڭ ئىشىنى قىلىدىغان بوپتۇ. ئەمما بۇ مەكتەپنىڭ موللىسى موللا زەيدىننى تىنماي ئىشلىتىپ بىرئازمۇ بىكار قويمايدىكەن.

بىر كۈنى موللا زەيدىننى ئوتۇن ئەكىلىشكە بۇيرۇپتۇ. موللا زەيدىن ئوتۇنغا بېرىش ئالدىدا موللا قايتا ـ قايتا جېكىلەپ مۇنداق دەپتۇ:

— سەن ھارۋىنىڭ ئارقا ـ ئالدىنى بوش قويماي ئوتۇن بىلەن تولدۇرۇپ كەلگەن، — دەپتۇ.

موللا زەيدىن غىلىڭ ـ پىلىڭ قىلماي ھارۋىنى ئېلىپ مېڭىپتۇ. ئەمما قايتىپ كېلەردە موللا قارىغىدەك بولسا ھارۋىنىڭ ئوتتۇرىسى قۇرۇق، پەقەت ئالدى ـ كەينىدە بىر باغلامدىن ئوتۇن تېڭىقلىق تۇرغان. شۇنىڭ بىلەن موللىنىڭ ئاچچىقى كېلىپ:

— ھەي... كىم سېنى ھارۋىنى قۇرۇق ئەپكەل دېدى، — دەپتۇ. موللا زەيدىن ھارۋىنىڭ ئالدى ـ كەينىدىكى ئوتۇننى كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

— سەن ماڭا ھارۋىنىڭ ئالدى ـ كەينىنىلا تولدۇرۇپ كەلگىن دېگەن ئەمەسمىدىڭ؟ بۇنىڭ ئۆزى سېنىڭ ئېيتقىنىڭدەك ئەمەسمىكەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

## باينىڭ كۆز ئاغرىقى

بىر باينىڭ كۆزى ئاغرىپ قېلىپ يىراق ـ يېقىندىكى دوختۇرلارنى چاقىرتىپ ئۆزىنى داۋالىتىپتۇ. لېكىن ھېچبىر ئۈنۈم بولماپتۇ. ئاخىر موللا زەيدىننى چاقىرتىپ داۋالىنىشقا موھتاج بوپتۇ. موللا زەيدىنمۇ يېتىپ كەپتۇ.

موللا زەيدىن ئېيتىپتۇ:

— سىزنىڭ كۆزىڭىزنى ساقايتىشقا بولامدۇ ياكى بولمامدۇ؟ بۇنى مەن خىزىردىن سوراپ باقاي، — دەپلا مەسچىتكە قاراپ مېڭىپتۇ. بىر ھازادىن كېيىن قايتىپ كېلىپ، بايغا مۇنداق دەپتۇ:

— خىزىر سىزگە يەتكۈزۈپ قويۇشنى ئېيتتى، ئۇ خىزىر ئەسلىدە كۆزىڭىزگە زىيان سالماقچى ئەمەسكەنتۇق، ئەمما نۇرغۇنلىغان كىشىلەرنىڭ ئەرزىچە سىز دائىم ئىككى خىل كۆز بىلەن مۇئامىلە قىلىدىكەنسىز. خىزىر ئامالسىز سىزنىڭ بىر كۆزىڭىزنى كۆرمەس قىلىپ ئاغرىتىپ قويۇپتۇ. شۇڭا مېنىڭچە سىز بۇنىڭدىن كېيىن بىر خىل كۆز بىلەن كىشىلەرگە مۇئامىلە قىلىڭ، — دەپ كېتىپ قاپتۇ.

## سۇتچى

بىر جازانىخور سۇتچى بار ئىدى. ئۇ دائىم سۇتكە تەڭمۇتەڭ سۇ ئارىلاشتۇرۇپ ساتاتتى. شۇنداق قىلىپ ئۇ تېزلا كۈننىڭ ئىچىدە بىر خالتا پۇل قىلدى. بىر كۈنى ئۇ كېمە بىلەن يىراق سەپەرگە چىقتى. خالتىدىكى تەڭگىنى ئادەم قولى يەتمەيدىغان كېمىنىڭ ئېگىز بىر موم ياغچىغا ئىلىپ قويدى. كېمىدىكى بىر مايمۇن ھېلىقى موم ياغاچقا چىقىپ خالتىدىكى تەڭگىنى بىر ـ بىرلەپ سۇغا تاشلىغىلى تۇردى. ھېچ ئىلاج قىلالمىغان سۇتچى مايمۇن ئويۇندىن زېرىككىچە قاراپ تۇرۇشقا مەجبۇر بولدى. مايمۇن يېنىپ چۈشكەندىن كېيىن قالغان پۇلنى قولىغا ئېلىپ تۇرۇشقا كېمىدە بىللە كېتىپ بارغان موللا زەيدىن ئۇنىڭغا:

— سۇنىڭ پۇلى سۇغا كەتتى، قالدى سۇتنىڭ پۇلى، — دېدى.

## پەرىشتە قانداق بولىدۇ؟

موللا زەيدىن كۇچاغا باردى. تېزلا ۋاقىتنىڭ ئىچىدە «گەپچى ھەم ئۆلىما ئادەم» دەپ ئەل ئارىسىدا داڭقى تارىلىپ كەتتى. كۇچا ئۆلىمالىرىنىڭ ئۇنىڭغا ھەسەتخورلۇقى كېلىپ ئۇنى گەپتىن چۈشۈرمەكچى بولۇشـ

تى. بىر چوڭ ئولتۇرۇشتا ئۆلىمالاردىن بىرسى:

— تەخسىر، پەرىشتە ئەركەك بولامدۇ، چىشىمۇ؟ — دەپ سوراپ قالدى. ئۇلارنىڭ غەرىزىنى چۈشەنگەن موللا زەيدىن:

— سىلى ئۆلگەندە سوراق قىلغىلى «مونكىر ـ نەكىر» كىرىدۇ. سوئالغا جاۋاب بېرىشىنىڭ ئالدىدا كۆكسىگە ئېسىلسىلا، ئەگەر قوللىرىغا ئالمىدەك بىر نەرسە ئۇرۇلسا چىشى، بولمىسا ئەركەك دەۋەرسىلە، — دەپ جاۋاب بەردى.

## قازىخانىدا

موللا زەيدىن بىرسى بىلەن دەۋالىشىپ قالدى. قازىخانىغا بېرىشىنىڭ ئالدىدا قويىنىغا راسا تاش تولدۇرۇۋالدى. قازى سوراق سوراۋاتقاندا موللا زەيدىن ئاستا قويىنىنى شەرەتلەپ كۆرسىتىپ قويدى. قازى: «موللا زەيدىن خېلى بىر نەرسە ئەكەلگەن بولسا كېرەك»، دەپ ھۆكۈمنى موللا زەيدىننىڭ پايدىسىغا چىقاردى. دەۋا تۈگىگەندىن كېيىن قازى موللا زەيدىننى ئېلىپ قېلىپ:



— ئەمدى بايا شەرەت قىلغىنىڭىزنى چىقارمامسىز، — دېگەندە، موللا زەيدىن:

— قازىئاخۇنۇم ھېلىمۇ بەختىڭىز بار ئىكەن. ئەگەر ئىش مېنىڭ پايدامغا بولمىسا، مۇشۇ تاش بىلەن ئۇرىمەن، دەپ شەرەت قىلغان ئىدىم، — دەپ جاۋاب بېرىپ كېتىپ قالدى.

## قەشقەردىن كەلگەن گەپچى

قەشقەرلىك ئىككى گەپچى موللا زەيدىننى گەپتە يېڭىش ئۈچۈن تۇرپانغا چىقتى. موللا زەيدىننىڭ ئۆيىنى ئىزدەپ، سوراپ تېپىپ كىرگىنىدە بىر قىزنىڭ ئاش يېيىپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ:

— ئاتىڭىز نەگە كەتتى؟ — دەپ سورىدى.

— بازارغا كەتتى.

— قاچان كېلىدۇ؟

— ئالدىرىسا ئەتە كېلىدۇ. ئالدىرىمىسا بۈگۈن ئاخشام كېلىدۇ، — دەپ جاۋاب بەردى قىز. گەپچىلەر: «بۇ قىز ئەجەب يەكپاي گەپ قىلىدىغۇ» دەپ، گەپنىڭ مەنىسىنى چۈشەنمىگەنلىكىنى ئېيتتى. قىز:

— بۇ گەپنىڭ چۈشەنمىگىدەك قانداق نېمىسى بار؟ ئالدىراپ ئېشەكنى قوغلاپ ماڭسا، ئېشەك ھېرىپ قالىدۇ، شۇنىڭ بىلەن يولدا قونىدۇ. ئالدىرىماي بىر خىل ماڭسا يولدا قونماي بۈگۈن ئاخشام يېتىپ كېلىدۇ. ئاتامدا نېمە ئىشىڭلار بار ئىدى؟ — دېدى.

— بىز سودىگەر ئىدۇق، بىر پارچە گىلەم ئەپچىققان. ئالدى تۇرپانغا چىقتى، ئارقىسى توخسۇن ئاغىيۇلاقتا. گىلەمنى ساتماقچى ئىدۇق. دادىڭىزنى بىرەر خېرىدار كېلىشتۇرۇپ قويارمىكىن، دەپ كەلدۇق، — دېيىشتى گەپچىلەر.

قىز:

— سىرتتىن خېرىدار ئىزدەشنىڭ ھاجىتى يوق. بىزنىڭ سۇپۇرىنىڭ توخۇنىڭ كۆزىچىلىك يېرى تېشىلىپ قالغان. شۇنىڭغا لايىق بىر ياماق تاپالماي ئولتۇراتتۇق. مۇشۇ گىلەم تازا باپ كېلىدىكەن. ئۆزىمىزلا ئالىمىز، — دېگىنىدە، ھېلىقى گەپچىلەر: «قىزى بۇنچىلىك گەپكە ئۇستا، ئۆزى قانچىلىكتۇ» دەپ موللا زەيدىن بىلەن كۆرۈشمەيلا كېتىپ قالدى.

## گەپ ئوينىتىش

بىر كۈنى ۋاڭ ئەتراپىدىكىلەر بىلەن ئوۋ ئىتلىرى ھەققىدە گەپلىشىپ ئولتۇرۇپ موللا زەيدىندىن:

— قانجۇق ئوۋغا يارامدۇ؟ — دەپ سورىدى.

www.uyghurkitap.com



— قانجۇق بېگىم، ئۇۋغا يارايدۇ، — دەپ جاۋاب بەردى موللا زەيدىن.

**مۇنار**

بىر كىشى موللا زەيدىندىن:

— سۇلايمان ۋاڭ مۇنارنى قانداق ياساتقاندۇ؟ — دەپ سورىۋېدى.

موللا زەيدىن ئۇنىڭغا:

— شۇنىڭغىمۇ ئەقلىڭ يەتمىدىمۇ، ئۇنى كارىزنى دۈم قىلىپ ياسىغاندە! — دەپ جاۋاب بەردى.

**زىيايەتتە...**

بىر كۈنى ۋاڭنىڭ ئوردىسىدا زىيابەت بولدى. تاماقتىن كېيىن موللا زەيدىننىڭ مەڭزىگە بىر تال گۈرۈچ چاپلىشىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ قالغان ۋاڭ ئۇنى زاڭلىق قىلماقچى بولۇپ:

— ھە موللا زەيدىن ئاخۇن ئېدىرغا كېيىك چىقىپتۇ، — دېدى ۋە ئۆزىنىڭ بۇ سۆزىنى تاپقانلىقىغا مەسلىكى كېلىپ قاتتىق كۈلۈپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن بۇرنىنىڭ پوتىلىسى كۆرۈنۈپ قالدى.

بۇنىڭغا سەپسالغان موللا زەيدىن:

— ھە ۋاڭ بېگىم، كامادىن ئېيىق چىقىپتۇ، — دەپ جاۋاب بەردى.

**قەرز تۆلەش**

موللا زەيدىننىڭ دادىسى ئۆلۈپ قالدى. ئۇنى كۆمگىلى ئەپچىقىپ كېتىپ بارغاندا شۇ مەھەللىدىكى بىر جازانىخور:

— مېنىڭ ئىككى دادەن بۇغدىيىم بار ئىدى، شۇنى تۆلىۋەتسۇن، بولمىسا قىيامەتتە قەرز بولۇپ قالىدۇ، — دەپ جىنازىنىڭ ئالدىنى توسىۋالدى، موللا زەيدىن جىنازا كەينىدىن كېتىۋاتقانلارنىڭ مەسلىھەتى بىلەن:

— دادامنىڭ قەرزىنى مەن تۆلەيمەن، — دەپ ۋەدە بەرگەندىن كېيىن جازانىخور جىنازىنى قويۇۋەتتى.

موللا زەيدىن ئىككى يىل توققۇز كۈرىدىن بۇغداي تۆلىدى. شۇنداق قىلىپ ئۇنىڭ تويى قىلىشمۇ كەينىگە سۈرۈلۈۋەردى. ئۇ بىر قىشلىقى ئۇيدان ئوقەت قىلىپ خېلىلا جىق تەڭگە تاپتى. بۇنى كۆرگەن جازانىخور قەرزىنى ئۆتتى.

— مانا، قالغان ئىككى كۈرە بۇغدايلىرىنىڭ پۇلى، — دەپ ئۈچ سەر تەڭگە بېرىۋېدى، جازانىخور:

— ياق، سېنىڭدە مېنىڭ ئىككى دادەن بۇغدىيىم بار، ھەر بىر دادەن بۇغداي ھەر يىلى بىر ھەسسە كۆپىيىدۇ. ئىككى يىلدىن بېرى مېنىڭ ئىككى دادەن بۇغدىيىم تۆت دادەن بولاتتى. سېنىڭ بەرگىنىڭ 18 كۈرە، مەن تېخى ئىككى كۈرە بۇغداينى كەچۈرۈم قىلىۋېتىپ، ئىككى دادەن بۇغدىيىم بار دەۋاتىمەن، — دېدى. موللا زەيدىن:

— بىر دادەن بۇغداينىڭ پۇلىنى بېرەي، تۆگۈشەيلۇق، — دېسىمۇ ئۇنىمىدى.

— ئۇنداق بولسا جۈر، مەن ساڭا ئىككى دادەن بۇغداي تېپىپ بېرەي، — دېدى موللا زەيدىن. جازانىخور بىر ھارۋىنى كىرا قىلىپ ئۇنىڭ بىلەن بىللە ماڭدى. خېلى ئۇزاق ماڭغاندىن كېيىن بىر چۆلگە چىقىشتى. موللا زەيدىن ھارۋىدىن چۈشۈپ ئۇ ئېدىرغا چاپتى. بۇ ئېدىرغا چاپتى. جازانىخور يىراقتىن تۇرۇپ ۋارقىردى:

— ھاي، موللا زەيدىن، بېرىدىغان بۇغدىيىڭ نەدە؟

— ئالدىرىمىسىلا، ھازىر، — موللا زەيدىن بىر دۆڭگە چىقىپ ئۇنى چاقىردى. جازانىخور يېتىپ كەلگەندىن كېيىن:

— مۇنۇ تۈزلەڭلىكنى كۆرۈۋاتاملا؟ — دەپ سورىدى موللا زەيدىن.

— كۆرۈۋاتىمەن.

— بەللى، سىلى مېنىڭ تويى قىلىشقا يىغىپ قويغان بۇغدايلىرىمنى ساپ قەرزگە دەپ ئېلىۋالدىلا، ئەگەر مەن تويى قىلىپ ئوتتۇرا قولدەك تۆت ئوغۇل تاپقان بولسام، ئوغۇللىرىم ئەسقاتقىدەك بولغاندا مۇشۇ يەرنىڭ كۈن چىقىشىغا كارىز چاپاتتىم. كارىزدىن لەيپىدە سۇ چىقسا، كۈن پېتىش تەرىپىگە بۇغداي تېرىيتتىم. بۇغدايلار راسا ئوخشاپ كەتسە، ئىككى دادەن بۇغدايلىرىنى بېرىۋېتەتتىم. جازانىخور پاراقلاپ كۈلۈپ كەتتى.

— قەرزىمنى نەق ئۇندۇرۇۋالىدىغان بولدۇم، دەپ خۇشال بولۇۋاتىلا ھە، — دېدى موللا زەيدىن.

ئېيتىپ بەرگۈچى: يۇسۇپ ھەسەن

(پىچان ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتىنىڭ سابىق خىزمەتچىسى)

توپلىغۇچى: ماخمۇت زەيدى (شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى)



# ۋەھىملىك كېسەل كۆرسىتىش تارىخى

مەلۇم بىر كۈنى قورسىقىم قاتتىق ئاغرىپ كېتىپ، دوختۇرخانىغا باردىم ـ دە، ئالدىراشچىلىق ئىچىدە جىددىي قۇتقۇزۇش بۆلۈمىنىڭ نومۇرىنى ئالدىم. دوختۇرغا كۆرۈنۈش نۆۋىتى ئەمدىلا ماڭا كەلگەندە توساتتىن 120 ـ نومۇرلۇق جىددىي قۇتقۇزۇش خادىملىرى باش ـ كۆزى قانغا بويالغان بىر كېسەلنى بۇ بۆلۈمگە ئېلىپ كىردى. دوختۇر مېنىڭ ئىشىمنى دەرھال بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، ماڭا چۈشلۈك تاماقنى يەپ بولۇپ، ئاندىن دوختۇرخانىغا كېلىپ كېسەل كۆرسىتىش توغرىسىدا مەسلىھەت بېرىپ مۇنداق دېدى:

— بىرەر ئىشقا مەشغۇل بولۇڭ، دىققىتىڭىزنى ئاغرىققا مەركەزلەشتۈرۈۋالماڭ، ئۇنداق قىلمىسىڭىز قورسىقىڭىز تېخىمۇ ئاغرىپ كېتىدۇ...

يەنە بىر قېتىم بوغۇزۇم ئىششىپ كېتىپ، ئامبۇلاتورىيىگە بېرىپ، دوختۇرغا كۆرۈندۈم. دوختۇر مەندىن: — نېمە بولدىڭىز؟ — دەپ سورىدى. مەن ئۇنىڭغا:

— بوغۇز ياللۇغىغا گىرىپتار بولغاندەك تۇرىمەن، — دېدىم. ئۇ مېنىڭدىن:

— سىز يا دوختۇر بولمىسىڭىز، بوغۇز ياللۇغى بولۇپ قالغىنىڭىزنى قانداق بىلىسىز؟ — دەپ قايتۇرۇپ سورىدى. مەن ئۇنىڭغا:

— چۈنكى بوغۇزۇم ئىششىپ كەتتى ئەمەسمۇ، — دېۋىدىم، ئۇ نارازى بولغان ئاھاڭدا:

— سىز بوغۇزىڭىزنىڭ ئىششىپ كەتكەنلىكىنى قانداق كۆرەلىدىڭىز؟ — دەپ ئاچچىقلاندى. مەن ئۇنىڭغا يەنە:

— ئىلگىرى مۇشۇنىڭغا ئوخشاش كېسەللىك ئەھۋالى مەندە كۆپ كۆرۈلگەن ئىدى، — دەپ چۈشەندۈردۈم. دوختۇر غەزەپ بىلەن:

— ئۇنداقتا سىز مېنىڭ يېنىمغا نېمە ئىش قىلغىلى كەلدىڭىز؟ — دەپ ھۆركىرىدى، شۇ چاغدا مەن ھوشۇمدىن كېتىشكە تاسلا قالدىم.

يەنە بىر كۈنى چىشىمنى زاماسكا قىلدۇرغىلى دوختۇرخانىغا باردىم. بىر تۈركۈم پراكتىكانتلار كېسەل كۆرسىتىۋاتقان چېغىمدا ماڭا قاراپ تۇردى. دوختۇر ئاغزىمنى يوغان ئېچىشقا بۇيرۇدى، ھەممەيلەن ئېغىز بوشلۇقۇمغا نەزەر سالدى. دوختۇر ئاغزىمغا ئاپپاق پاختىلارنى تىقىپ، ئېغىزىمغا تولۇش ئالدىدا تۇرغان شۆلگەيلىرىمنى توسۇۋالدى. ئاندىن ئاغزىمدىكى پاختىلارنى ئالماشتۇرۇۋېتىپ، پراكتىكانتلارغا:

— قاراڭلار، ياشلارنىڭ شۆلگەي سۈيۈقلۇقى ئاسان ئاجرىلىپ چىقىدۇ، شۇڭا پاختىنى ۋاقتى ـ ۋاقتىدا ئالماشتۇرۇپ تۇرۇش كېرەك، — دېدى.

مەن سوقۇر ئۈچەيمنى ئوپېراتسىيە قىلدۇرۇش ئۈچۈن دوختۇرخانىغا باردىم. دوختۇر دائىرىلىك مەست قىلىش ئوكۇلىنى ئۇرۇپ بولغاندىن كېيىن ئوپېراتسىيە پىچىقىنى قولىغا ئېلىپ، ئوپېراتسىيە قىلىۋاتقاچ ماڭا:

— ئاغرىۋاتامدۇ؟ ئاغرىسىمۇ نېمە ئىلاج دەڭا، مەست قىلىش ئوكۇلىنى پەقەت مۇشۇ مىقداردىلا ئۇرغىلى بولىدۇ، ئەگەر بەك چىدىيالمىغان بولسىڭىز ناخشا ئېيتىپ باقامسىز ـ يا؟ — دېدى. شۇ چاغدا مەن ئاغرىق ئازابىدىن ئۆلەي دەپلا قالغاندىم، ئوپېراتسىيىدىن كېيىن دوختۇر كېسۋېتىلگەن سوقۇر ئۈچەيمنى ماڭا كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

— بۇ سوقۇر ئۈچەي راستتىنلا ئۆلچەملىك

يوغناپتۇ جۇمۇ! — دېدى ھەم دولامغا شاپىلاقلاپ تۇرۇپ، — ئىش تۈگىدى، چىقىپ كەتسىڭىز بولىدۇ، — دېدى. بۇ چاغدا مەن بېلىكىمگە سېلىپ قويۇلغان ئاسما ئوكۇل بوتۇلكىسىنى كۆتۈرۈپ، ئوپېراتسىيىخانىدىن يېنىپ چىقتىم، بۇ ھالىتىمنى كۆرگەن ساۋاقداشلىرىم مېنى ئوپېراتسىيىدىن قورقۇپ قېچىپ چىقىپتۇ، دەپ ئويلاپ قېلىشتى.

بالىلىق چاغلىرىمدا چىش زاماسكىلىتىشتىن بەكمۇ قورقاتتىم، ھەر قېتىم ئانام مېنى چىش دوختۇرىغا كۆرسەتكەندە، دوختۇر بىلەن بىر قەپەس جېدەللىشىپ، ئاندىن مېنى داۋالاش ئورۇندۇقىغا ئاران ئولتۇرغۇزاتتى. بەزىدە ھەتتا قورققانلىقىمدىن دوختۇرنىڭ ئۇزۇن ئاق خالتىنىنىڭ يانچۇقلىرىنىمۇ يىرتىۋېتەتتىم. ئانام دوختۇرخانا خادىمى بولۇپ، دوختۇر ـ سېسترالار بىلەن ئوبدان تونۇشاتتى. مەن بەزىدە ئانامغا ھەمراھ بولۇپ دوختۇرخانا ئاشخانىسىدا بىرگە تاماق يەيتتىم، ھېلىقى دوختۇر ھەر قېتىم مېنى يولۇقتۇرسا:

— قاراڭلار، مېنىڭ خالتىمنىڭ يانچۇقلىرىنى يىرتىۋەتكەن ھارامزادە ئەنە شۇ، — دەپ باشقىلارغا غەيۋىتىمنى قىلىپ بېرەتتى.

بىر قېتىم مەن تىرناق ئەترابى ياللۇغى بولۇپ قېلىپ، ئامبۇلاتورىيىدە دوختۇرغا كۆرۈندۈم. دوختۇر ماڭا تازا ئىنچىكىلەپ قارىۋېتىپ:

— تىرنىقىڭىزنى تارتىۋېتىمىز، — دېدى. ئارقىدىنلا ئۇ بىر پراكتىكانت قىزچاقنى چاقىرىپ، تىرنىقىمنى ئوپېراتسىيە قىلىشقا بۇيرۇدى. مەست قىلىش ئوكۇلى ئۇرۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، پراكتىكانت قىزچاق، قايچا، پىچاق، قىسقۇچ قاتارلىق ئەسۋابلارنى تەييارلاپ، تىرنىقىمنى ئوپېراتسىيە قىلىشقا تۇتۇندى. بىر ھازا ھەپىلىشىپ، ھەرقانچە قىلىپمۇ تىرنىقىمنى تارتىۋېتەلمىدى، ئاخىر ئۇ قىيىدىغان ھالدا ماڭا:

— ئاغرىپ كەتسىمۇ چىداپ تۇرۇڭ، ھەرگىز ۋايجانلىماڭ، ئەگەر ۋارقىراپ ـ جارقىراپ، ئاھ ـ ۋاھ دەپ تۇۋلۇۋەتسىڭىز، مەن جەزمەن ھوشۇمدىن كېتىپ قالىمەن ـ ھە! — دېدى، مەن ھاڭۋاققان ھالدا ئۇنىڭغا قاراپ قالدىم.

يەنە بىر قېتىم مەن يىگىتىم بىلەن يېزىنەم ئۈچۈن يۇرەك ئاجىزلىقىنى داۋالايدىغان «يۇرەك گۆھىرى» ناملىق دورىنى سېتىۋالغىلى دورا دۇكىنىغا باردىم. ھەر بىر پوكەيدىكى خادىمدىن «يۇرەك گۆھىرى» دېگەن دورا بارمۇ؟ دەپ سورىسام، ئۇلارنىڭ ھەممىسى خۇدۇكسىرىگەندەك قىلىپ، بىردەكلا:

— نېمە، «بۆرەك گۆھىرى» بارمۇ دېدىڭىزمۇ؟ — دېگىنىچە يېنىمدا تۇرغان يىگىتىمگە گۇمانىي نەزەر بىلەن قارىدى. بۇ ئىشنى ھار ئالغان يىگىتىم:

— مەن راستىنلا بۆرىكى ئاجىز ئادەمدەك كۆرۈنەمدىكەنمەن؟ — دەپ سورىدى.

مەلۇم بىر يىلى زۇكامداپ قېلىپ، بىر نەچچە كۈنگىچە قىزىتمام چۈشمىدى، دەرھال ئامبۇلاتورىيىگە بېرىپ دوختۇرغا كۆرۈندۈم، دوختۇر مېنىڭ قىزىتما سەۋەبىدىن ياداپ كەتكەن خۇنسىز چىرايىمغا قاراپ كېسەللىمنى ئېنىقلاشتىن بۇرۇن:

— زەھەر چەكمەيدىغانسىز ـ ھە؟ — دەپ سورىدى.

چىشىم قاتتىق ئاغرىپ، چىش دوختۇرىغا كۆرۈندۇم، ياشانغان چىش دوختۇرى خانىم چىشىمنى كوچىلاپ، ئۆرۈپ تۇرۇپ يېنىدىكى سېسترا قىزچاققا قاراپ:

— ھازىرقى ياشلارنىڭ، مۇشۇنچىلىك ئاغرىققىمۇ چىدىمىغان، — دەپ غۇدۇرىغىنىچە چىشىمنىڭ كاۋىكىگە دورا قويدى، كېيىنكى قېتىم بارغىنىمدىمۇ يەنە چىشىمنى چېكىپ باقتى، بۇرۇنقىغا ئوخشاش كوچىلاپ قويدى، بۇ ئىش بىر نەچچە قېتىم تەكرارلاندى، ئەڭ ئاخىرقى قېتىم بارغىنىمدا يەنە ئاشۇ ھەرىكەتلەرنى تەكرارلىدى. چىشىمنى چىشلەپ ئاغرىق ئازابىغا ئاران ـ ئاران چىدىدىم، يېنىمدا قاراپ تۇرغان سېسترا ئۇنىڭدىن:

— بۇ كىشى نەچچە قېتىم كەلدىغۇ دەيمەن، چىشىدا زادى قانداق كېسەل بار ئىكەن؟ — دەپ سورىدى، ياشانغان مۇتەخەسسىس خانىم دەرھال:

— قارىغاندا كېسىلى خېلى بارەدەك قىلىدۇ، ئەمما مەنمۇ ئۇنىڭ نېمە كېسەللىكىنى زادىلا بىلەلمىدىم، — دېدى...

«قېلىيەتونلاردىن تاللانمىلار» ژۇرنىلىنىڭ 2004 ـ يىللىق ئالدىنقى 10 ـ سانىدىن مۇھەممەدئىمىن ۋاھت تەرجىمىسى




ئاتىمنى توقۇپ قويدۇم،
شۇبرغان يامان قاردا.
باشىمدا ھەر بالا تۇرسا،
مېنىڭ كۆڭلۈم تىبخى ياردا.

ئاسمانغا چىقاي ئىبگىز،
بۇلۇتقا سالاي كىگىز.
يار دەردى بۇنداق بولسا،
يۇرەككە سالاي بىگىز.

ئاق سارايدىن چىقتى يارىم،
ئاق بۇلۇتتەك ئاقىرىپ.
ئارقاسىدىن مەنمۇ چىقتىم،
زەپىراندەك سارغىيىپ.

ئايرىلىشنى بىلسەم ئىدى،
مەن كۆڭۈل بەرمەس ئىدىم.
دەستە ـ دەستە گۈل تىزىپ،
كەلسە قىيا باقماسىمدىم.

ئالتە شەھەردە بارمىكىن،
سەن يارىمدەك ئاي چىراي.
يىلاندەك تولغىنىپ چىقساڭ،
سەندىن قانداق ئايرىلاي.

ئاتىخانىنىڭ ئالدىدا،
ئالا ئات تۇياقلارى.
بىزنىڭ قاراقاش يارنىڭ،
مەخمەلدە تۇماقلارى.

ئاققىنا قۇشقاچ بولۇپ،
قونسام دەرەخنىڭ بىشىغا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



سارغىيىپ دەرد تارتقىچە،
كەتسەم يارىم قاشىغا.

ئاھ يارىم جىلۋەڭ يامان،
قاراڭغۇدىن ئايدىڭ يامان.
ئىشىق ئوتى ماڭا چۈشتى،
دوزاخ ئوتىدىن يامان.

ئاسماندىكى يۇلتۇزلار،
ئايىڭنى گۈلمەن دەيدۇ.
كىچىككىنە قىز بالا،
ئاشنا بولىمەن دەيدۇ.

تويۇڭغا بارغۇنچە،
كۆزۈمگە تولدى قۇم توپا.
بۇ دۇنيادا بارمىدۇ؟
مېنىڭ يارىمدەك بىۋاپا.

ئالما بەرسەم ئالمايسەن،
بېھى بەرسەم ئالمايسەن.
قايسى باينىڭ قىزىسەن،
مېنى كۆزۈڭگە ئىلمايسەن.

ئاققىنا كەپتەر بولۇپ،
كەپتەرخاناڭدا سايرىدىم.
كەچ يېتىپ سەھەر قوپۇپ،
سېنىڭ يولۇڭغا قارىدىم.

ئالتۇن بەكە گۈل كېسەر،
كۈمۈش بەكە تال كېسەر.
يارىم يۈرگەن يەرلەردە،
يەتمىش تۈرلۈك گۈل ئۆسەر.

ئالما گۈلى گۈل بولامدۇ،
باشقا قىسسا بىر قۇچاق.
كىشىنىڭ يارى يار بولامدۇ،
ئۆلگىچە جانغا پىچاق.

ئارىدا تام بولمىسا،
يارنى كۆرەتتىم پات ـ پات.
يۈرىكىمگە قان تولۇپتۇ،
لەيلى گۈلدەك قات ـ قات.

ئالا پاچاق ئات مىنىپ،
ياندىنشايمۇ قاراقاش.
ئۈسسۈزلۇقتا سۇ بېرىپ،
مۇڭدىشايمۇ قاراقاش.

ئاق ناۋات دېگەن قوغۇن،
باراڭ تېگىدە بارمۇ.
ئاخشاملىقتا مەن بارسام،
يارىم ئۆيىدە بارمۇ.

ئاخشامقى ئالا ئاتلىق،
يارىم بىلەن گەپلەشتى.
مېنى كۆزىگە ئىلماي،
ئات كەينىگە مىنگەشتى.

ئالما شاخى سۇنۇپتۇ،
بەرگىدىن قايرىلغانغا.
قايسى كىشى ئۆلۈپتۇ،
يارىدىن ئايرىلغانغا.

ئاق ئالمىنى ئاخلىدىم،
قىزىل ئالمىنى ساقلىدىم.
مېنىڭ ئالمامغا تەگمەڭلار،
مەن يارىمغا ساقلىدىم.

ئاق كەپتەرمۇ ئەگىيدۇ،
كۆك كەپتەرمۇ ئەگىيدۇ.
يار بىزنى سۆيۈپ قويسا،
مەندىن كېسەل سەگىدۇ.

ئاخشام چىقتىم تالاغا،
قوينۇم تولدى ئانارغا.

بىر كۆرۈپ جامالىڭنى،
ئەمدى قالدىم بالاغا.

ئەتىگەندە شەبنەمدە،
يورغىلايدۇ بوز توشقان.
ئالتۇن قارا كۆز يارنىڭ،
لېۋىگە ناۋات قوشقان.

ئەتىياز بولار چاغدا،
ھەر ئېتىزدا بىر زەمبىل.
مەن ساڭا كۆيۈپ قالدىم،
ئەقلىڭ بولسا ئۆزۈڭ بىل.

ئەمدى مەن قانداق قىلاي،
غەمدە قالغان باشىمنى.
كەتكىلى ئۇزۇن بولدى،
سېغىندىم ئاداشىمنى.

ئىشىگىڭدىن ئۆتتۈممەن،
مەپەمنى جاراڭلىتىپ.
تاڭ تۈزگە چىقمايسەن،
جالانى پۇلاڭلىتىپ.

ئىشىك ئالدى بىر تۈپ تال،
بىر تۈپ تالغا قۇرغۇي سال.
مەن ساڭا كۆيۈپ قالدىم،
سۆزلىرىمگە قۇلاق سال.

ئىشىك ئالدى ماشى يەنە،
شېخى بېشىمغا سايە.
ئۆزىڭىز ياخشى بالا،
يامانغا بولماڭ زايە.

ئىشىكنى قىيا ئاچقان،
مەن سېنى كۆرۈۋالاي.
ھېچىڭنى سىلاپ قويۇپ،
كۆڭلۈڭنى ئېلىۋالاي.

ئىشىكنى قىيا ئاچىپ،
يانىپ كەينىگە قاچىپ.
نىمانچىلا قىينايسەن،
يۈرەگىمگە ئوت چاچىپ.

ئىشىگىڭدىن ئۆتتۈممەن،
ئۆتكىنىمنى تۇيدۇڭمۇ؟
توخۇ ئىككى چىللىدى،
ھىچ چىقمايسەن ئۆلدۇڭمۇ؟

ئىشىك ئالدىم پىشايۋان،
ئۇزۇن چەنزە سالدۇرغان.
مەن ساڭا كۆيمەيدىغان،
پەيلى شەيتان ئازدۇرغان.

ئىشىگىڭدە ئانار گۈل،
ئات باغلاپتۇ مىرزا قۇل.
يار مەندىن يامانلاپتۇ،
مەن يايرىمغا نا ماقۇل.

ئىشىگىڭدىن ئۆتىمەن،
گۈل زاراڭزا تەرگىلى.
گۈل زاراڭزا بانا بولدى،
ئاي يۈزۈڭنى كۆرگىلى.

ئىشەكچىنىڭ سۈيى ئاز،
قوناق پىشتى، شال قالدى.
كەلسەڭ كەلمەمسەن يايرىم،
شەرەتلەپ قولۇم تالدى.

1949 ـ يىلى غۇلجىدا نەشر قىلىنغان ئۇيغۇر تىلىدىكى «ئىتتىپاق» ژۇرنىلىنىڭ 3 ـ ، 4 ـ ، 5 ـ، 7 ـ ، 9 ـ، 10 ـ، 11 ـ، 12 ـ سانلىرىدا ئېلان قىلىنغان تېكستى بويىچە نەشرگە تەييارلاندى،
نەشرگە تەييارلىغۇچى: خەپىز ساتتار سالىھ
(ئىلى ئوبلاستلىق مىللەت ـ دىن ئىشلىرى كومىتېتى قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسىدا).

www.uyghurkitap.com















2009.2

# نورۇز قوشقى



يىل بېشى ــ نورۇز كۈنى،
سېرىق چېچەكلەر ئاچىلۇر.
قىز ـ چوكانلار باشىغا،
قىزىل گۈللەر ساچىلۇر.



يىل بېشى ــ نورۇز كۈنى،
ياساندى قىز، جۇۋانلار.
چۈشتى ئوغلاق تارتىشقا،
نەۋەر يىگىت، پەلۋانلار.



يىل بېشى ــ نورۇز كۈنى،
كونا يىلنى تاشلىدۇق،
كونا يىلنى ئۇزىتىپ ،
يېڭى ئىشنى باشلىدۇق.



زىمىستان قىش ئورنىغا،
گۈل ـ گۈلىستان باغ بولدى.
ئۇلۇغ ـ ئۇششاق قېرى ـ ياش،
پۈتۈن خەلق شاد بولدى.

پولات ئابدۇكېرىم خوجا فوتوسى



نورۇز چېچىكى

پولات ئابدۇكېرىم خوجا فوتوسى

# مىراس

# 美拉斯

# MIRAS

باشقۇرغۇچى: ش ئۇ ئا ر ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى
تۈزگۈچى: «مىراس» ژۇرنىلى نەشرىياتى
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى دوستلۇق جەنۇبىي يولى 716 - نومۇر، 14 - قەۋەت
Tel: 0991- 4554017
«شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسى باسما ئىشلىرى مەركىزىدە بېسىلدى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ
جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ
مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن نومۇرى: CN65- 1130 / I
خەلقئارالىق نومۇرى: ISSN1004 - 3829
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 60 - 58 باھاسى: 6.00 يۈەن
E-mail: mirasuyghur@126. com
چەت ئەلگە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى:1130BM
ئېلان ئىجازەتنامە نومۇرى:6500006000040

主管:新疆维吾尔自治区文学艺术界联合会
编辑:《美拉斯》杂志社(乌市友好南路 716 号文联大楼 14 层)电话:(0991)4554017
印刷:新疆日报社印务中心
发行:乌鲁木齐邮局
订阅:全国各地邮局
国内统一刊号:CN65—1130/I
国外统一刊号:ISSN1004—3829
代号:58-60 广告许可证号:6500006000040
E-mail:mirasuyghur@126.com
海外发行代号:1130BM
邮编:830001 定价:6.00 元
CHINA NATIONAL PUBLICATIONS
IMPORT & EXPORT(GROUP)CORPORATION
16Gongti E.Road,Chaoyang District,P.O.Box88,Beijing 100020,PR China
E—Mail:exprt@cnpiec.com.cn or library@cnpiec.com.cn
Fax:0086-10-6563069 Tel:0086-65856781 0086-10-65004552